# چەتئەل مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن

## يېگانە ئادەم

رىلكى (گېرمانىيە)
ياسىن ھاۋازى تەرجىمىسى

بەزىلەر ھەمىشە ئۆز گېپىنى يورغىلاتقان ھالدا يېگانە ئادەمنى گەپىنىڭ تېمىسى قىلىۋېلىشىدۇ. قانداق ئادەم يېگانە ئادەم دەپ ئاتىلىدۇ؟ بۇ مەسىلىگە نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى كۆڭلىڭىزگە بولغانسىز ئېھتىمال، لېكىن ئۇنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. چۈنكى يېگانە ئادەمنى بىز زادى كۆرۈپ باقمىغان. دۇنيادىكى ئادەملەر يېگانىلىقنىڭ ماھىيەتلىك مەنىسىنى تۈپتىن چۈشەنمەيدۇ، يېگانە ئادەملەرگە ھەدەپ نەپرەتلىنىدۇ، خالاس.

يېگانە ئادەم بىچارە ئۆتكەن ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىلا گۇرۇھ بولۇۋېلىپ زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىدىغان يامان بالىلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچرىغان، ئەگەر ئۇ ئۈگۈشلۈك چوڭ بولالىغان بولسا چوڭلارنىڭمۇ نەپرىتىگە ئۇچرايتتى. چوڭلار گويا ئۇۋ غەنىمەتلىرىنى سېزىۋالغانغا ئوخشاش، مەلۇم جايدا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ئۇنىمۇ سېزىۋالالايدۇ. شۇڭلىغا ئوخشاشلا، ئۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان ياشلىق دەۋرىدە تېخىمۇ چەكلەنگەن قاتارغا كىرەلەيدۇ. لېكىن شۇڭلىق بىلەن ھاياتىدىن ئايرىلىپ قالمايدۇ. مۇشۇنداق زىيانكەشلىكلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ چىقالايدىغانلا بولسا، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇق مۇھىتىنى كۈچىنىڭ بارىچە ئەيىبلەيدۇ ھەمدە ئۇنى

رەزىل ۋە ناچار بولغان گۇمانلىق ياشاش مۇھىتى دەپ ئاتايدۇ. بەزى چاغلاردا ئۇ توغرىدا يەنە يۇقۇملۇق كېسەلگە گىرىپتار بولغۇچى دەيدىغان يامان غەرەزلىك ئوبزور بىشەملىك بىلەن تارقىلىدۇ ـ دە، ئۇ كېتىپ تۇرۇشىغا باشقىلار ئۇنىڭغا تاش ئېتىشىدۇ. كىشىلەرنىڭ قەدىمىي تەبىئىي تۇيغۇسى توغرا بولىدۇ، چۈنكى ئەمەلىيەتتە يېگانە ئادەم كىشىلەرنىڭ دۈشمىنى ھېسابلىنىدۇ.

لېكىن ئۇ خىزمەتكە بېرىلىپ كېتىپ كۆزلىرىنىمۇ ئۇستۈن قىلالماي تۇرغاندا، كىشىلەر ھېچنەرسىنى ئاڭقىرالماي قالىدۇ. نەتىجىدە، كىشىلەر ئاخىر ئۆزلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان خىلمۇخىل ئۇسۇللارنى قوللىنىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ تېخىمۇ يېگانە بولۇپ قېلىشىغا ياردەم بېرىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىشقا باشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار پايپېتەك بولۇپ دەرھال ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىشىپ، ھەتتا ئەڭ ئاخىرقى ئۇسۇلنى ۋە ئاخىرقى كوزىرىنىمۇ ئىشقا سېلىشىدۇ. ئۇ بولسىمۇ باشقىچە بىر خىل قارشىلىق كۆرسىتىش، يەنى نام ـ ئابرۇي بولىدۇ. چۈنكى يېگانە يېرگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك دىققىتىنى چېچىۋېتىپ، خىزمەتتىن باش كۆتۈرۈپ، بۇنداق ئابرۇي ئېلىپ كەلگەن پاراكەندىچىلىكلەرگە قاراپ باقىدۇ ـ دە.

## يۈز

مەن ئۆزۈم كۆرگەن ھەننۋا شەيئىنى چۈشىنىۋېلىشنى ئۆگەندىم ھەمدە تاڭ سەھەردە كۆزۈمنى ئاچقان چاغدىن باشلاپلا بۇ ئىشمنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىمەن. بەزى چاغدا كۆڭلۈم سەل بىئارام بولسىمۇ قىلچە زېرىكمەستىن ئۆگىنىپ كېلىۋاتىمەن.

بۇ دۇنيادا بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان قانچىلىك يۈز باردۇ؟ بۇ تېخى مەن ھازىرچە

بىلىشنى خالىمايدىغان مەسىلە بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. دۇنيادا بىرقانچە مىليارد ئاھالە بار، يۈز دېگەن جەزمەن ئاھالىنىڭ سانىدىنمۇ كۆپ بولىدۇ. چۈنكى ھەربىر ئادەمنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان بىرقانچە يۈزى بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ دۇنيادا ھەرقانداق ۋاقىتتا ئوخشاشلا بىر خىل يۈز بىلەن يۈرىدىغان ئادەممۇ بار، بۇ يۈزلەر زەخىملەنگەن، بۇلغانغان، ھەتتا قورۇق چۈشكەنلىرى گويا ساياھەتكە چىققاندا ئېلىپ يۈرگەن ساياھەت سومكىسىغا ئوخشاش ھەمىشە يېرىلىپ تۇرىدىغانلىرىمۇ بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ھەمىشە يېتىشمەي قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بېرىدۇ، بۇنداق ئادەم ئىقتىسادچىل، ساپ ئادەملەر قاتارىغا كىرىدۇ.

ۋەھالەنكى، بۇنداق قىلىشنى ياقتۇرمايدىغانلىرىمۇ بار، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يۈزلىرىنى قانچە - قانچە قېتىملاپ ئۆزگەرتىپ، كىشىگە تېرورلۇق تۇيغۇسى بېرىپ قويىدۇ. ئۇ تېخى قىرىق ياشقا كىرمىگەن ياكى قىرىق ياشقا كىرىپ قالغان چاغدا كاللىسىدىكى يۈزى ئۇنىڭ ئاخىرقى يۈزگە ئايلىنىپ قالغان بولىدۇ، يەنە ئالماشتۇرۇۋېلىشقا يۈزىمۇ قالمىغان بولىدۇ. بۇمۇ تراگېدىيە ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە.

لېكىن ئۇ ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ يۈزلىرىگە ئېتىبار بېرىشكە ئادەتلەنمىگەن، ھەتتا ئەڭ ئاخىرقى يۈزىمۇ بىر ھەپتىگە قالماي زەخىملىنىدۇ، ئويۇلۇپ قالىدۇ، ھەممە يېرى قەغەزدەك نېپىزلاپ كېتىدۇ. ئاخىرقى باسقۇچقا كەلگەندە، گىرىم قىلغۇدەك تېرىسىمۇ قالمىغاندىن كېيىن يۈز دېگىلىمۇ بولمايدىغان يالىڭاچ گۆشتەك بىر نەرسىگە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. ئۇلار بۇنداق يۈزى بىلەن ھېچقانداق يەرگىمۇ بارالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ - دە، ھەر كۈنى ئۆيىدىلا تۇرۇپ ئۆز ئورنىدا ھەدەپ يەرگە تېپىدۇ.

## نوبېل مۇكاپاتى مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق (سالۋاتور كاشىموتو)

مېنىڭ نەزىرىمدە شۋېتسىيە ھەر بىر نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىنىڭ ئىككىنچى ۋەتىنىدۇر. بۇ مۇكاپاتقا نائىل بولۇشى ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ بىردىنبىر ۋە پارلاق شەرىپىگە ئىگە بولۇشتىن دېرەك بېرىدۇ. دەرۋەقە، شۋېتسىيە پەقەت نەچچە مىليون نوپۇسقىلا ئىگە دۆلەت بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچىلىك باشقا بىرەر دۆلەت كەڭ ئەھمىيەتلىك نەمۇنە دەپ قارىلىدىغان ۋە غايەت زور مەنىۋى، ئەمەلىي كۈچ قۇدرەتنى، ئۆزى مۇجەسسەملەشتۈرگەن بۇ مۇكاپاتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تەسىس قىلالمىدى ۋە يولغا قويالمىدى . نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىش ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس، ئۇ ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى تۈرلۈك سىياسىي كۈچلەرنىڭ قىزغىنلىقىنى ئۇرغىتىدۇ يازغۇچىلار، شائىرلار ۋە پەيلاسوپلار ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنىڭ مەۋقۇتلىقىنى ۋە قۇدرىتىنىڭ سىمۋولىنى بىلىدۇ. ۋەھشىيلىك، قاتىللىق قورالى ۋە مالىمانچىلىق ئىدىيىسى بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرسىمۇ، لېكىن مەدەنىيەت ئۇنىڭ ھەر قېتىم ھۇجۇمىنى بىتچىت قىلىشقا تامامەن قادىر. ھازىر مەن ئۆزۈمنى شىمالنىڭ ئۇزاق زامان مەدەنىيىتىنىڭ ۋەكىللىرى ئارىسىغا قويدۇم، بۇ مەدەنىيەت ئۆزىنىڭ مۇشەققەتلىك، ئەگرى - توقاي تەرەققىياتى جەريانىدا ئىنسانىيەتنىڭ ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا جانپىدا قىلغان مېھرىبان پىداكارلار بىلەن مۆرىنى - مۆرىگە تىرەپ بىرلىكتە جەڭ قىلدى: مانا مۇشۇ مەدەنىيەت ئىنسانپەرۋەرلىك روھىغا باي بولغان پادىشاھنى، خانىشنى يېتىشتۈردى، بۈيۈك شائىر، يازغۇچىلارنى مەيدانغا چىقاردى. قەدىمكى ۋە ھازىرقى بۇ بۈيۈك شائىرلار ئۆزىنىڭ ھېس - تۇيغۇ ئالەمىدىكى شىددەتلىك ئېقىنلارنى، ئۇلارنى ئىزتىراپ ۋە

ئەندىشىگە سالغان ھەر خىل مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ھازىرقى كۈندە كەڭ ئىستالىيە كىشىلىرىگە تونۇشلۇق بولۇپ كەتتى. گەرچە بىز سكاندىناۋىيە مىللىتىنىڭ ئاجايىپ مەزمۇنلارغا باي، سىرلىق تۈپرىقىدا يىلتىز تارتقان بۇ شائىرلارنىڭ ئىسمىنى توغرا تەلەپپۇز قىلىشقا ئاجىزلىق قىلساقمۇ، لېكىن بۇ تاۋۇشلار يەنىلا شۇ قەدەر جاراڭلىق ۋە يېقىملىقتۇر. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ نامى بىزنىڭ روھىي دۇنيايىمىزغا چوڭقۇر تەقش بولۇپ ئويۇلۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدىن بىزگە ئاڭلىنىۋاتقان لىرىك سادالار خارابىلاشقان ياكى ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى ئىستىلىستىكىنىڭ چاڭ - توزانلىرىغا كۆمۈلۈپ قالغان مەدەنىيەت ئاڭلاتقان سادالارغا قارىغاندا ئاجايىپ كەسكىن ۋە روشەندۇر. مېنىڭ بۇ سۆزۈم قەستەن ئەمەس، ئۇنىڭدا ساھىبخانىنى ئۇستاتلىق بىلەن كۆككە كۆتۈرۈش غەرىزىمۇ يوق. بەلكى ئۇ ياۋروپانىڭ روھىي خاراكتېرىگە ئېلان قىلىنغان ئوبزوردۇر. مېنىڭ بىلىشىمچە، شۋېتسىيە ۋە شۋېتسىيە خەلقى ئۆزلىرىنىڭ توغرا تاللىشى ئارقىلىق قەتئىي ئېغىشماستىن دۇنيا مەدەنىيىتىگە رىقابەت ئېلان قىلىۋاتىدۇ. دۇنيا مەدەنىيىتىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىۋاتىدۇ. مەن بۇرۇن شائىر ۋە يازغۇچىلار دۇنيانى ئۆزگەرتىشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ بىلىشى كېرەك، دەپ ئېيتقانىدىم. كىشىلەر بەلكىم بۇ كۆز قاراشنى پەقەت مۇئەييەن شارائىتتىلا ھەقىقەتكە ئايلىنىدۇ دەپ ھېسابلىشى، ھەتتا ئۇنى كۆرەڭلەرچە چىقىرىلغان ئەقلىي يۈكۈن دەپ كەسكىن ئېيتىشى مۇمكىن. ۋەھالەنكى، بىز شائىرلارنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتە ۋە باشقا رايونلاردا قوزغىغان غايەت زور تەسىرىگە نەزەر سالىدىغانلا بولساق، كىشىلەرنىڭ بۇ كۆز قارىشىغا نىسبەتەن تەشۋىشلىنىشى ياكى چىن دىلىدىن قايىل بولۇشتەك روھىي ھالەتلىرىنى چۈشىنىشىمىز قىيىنغا توختىمايدۇ. كۆپچىلىككە ئايان بولغىنىدەك، شېئىر تەنھالىقتىن تۇغۇلىدۇ،شۇنداقلا

تەنھالىقتىن چىقىپ ھەر قايسى تەرەپلەرگە ئۆزىنىڭ نۇرىنى چاچىدۇ. مونولوگدىن ئىجتىمائىيلىققا قاراپ يۈزلىنىدۇ. لېكىن سوتسىئولوگىيە ياكى سىياسەتنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ كەتمەيدۇ. شېئىر يەنى لىرىك شېئىر بولغان تەقدىردىمۇ، ھەممىسى «سۆزلىشىش» دېمەكتۇر. ئاڭلىغۇچىلارنى شائىرلارنىڭ تېنى ياكى تەجرىبىسىدىن تاشقىرى قەلبى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئۇ بىر كىشى بولۇشىمۇ، يۈز مىڭلىغان كىشى بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەكسىچە، ھېسسىياتنىڭ ئۆز - ئۆزىگە مەستانە بولۇپ كېتىشى پەقەت بىر دائىرىگە سولىنىپ قالغان مەنگىلا ئوخشايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۆز رەڭگىنى يوقاتقان تارىخىي دەۋرلەردىكى باشقا كىشىلەر ئاللىقاچان قوراشتۇرۇپ بولغان ئەپسانىلەرنى چىرايلىق قاپىيە ۋە ئاھاڭدارلىق ۋاستىسى ئارقىلىق قايتا تەكرارلاپ، خىيالغا كەلگەنچە ئويۇن چىقىرىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. مانا بۈگۈن بىز بۇ دۇنيادىكى يېڭى ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ ماھىيەتلىك مېغىزى ئۈستىدە سۆزلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇق. مۇبادا بىز شائىرلارنى ماددىدىن تۈزۈلگەن بۇ دۇنيانىڭ مەركىزىگە ئۆزىنى قويىدى ھەممە ئۇنىڭ ئىگىسى بولدى دەپ قارىساق، ئۇلار ئەقىل ۋە قەلبى ئارقىلىق بۇ دۇنيانى تاكامۇللاشتۇرۇۋېتىدۇ دېسەك ئۇلار يەنە خەتەرلىك كىشىلەر دەپ قارىلارمۇ؟ گۇمان مۇنازىرىنىڭ سىمۋولى ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتنىڭ قىسقارتىلغان ئىپادىسى. بۈگۈنكى دۇنيا شېئىرىيەتنىڭ قارشى تەرىپىدە بىر تەرتىپ ئورناتقاندەك قىلىدۇ، شۇڭلاشقا شائىرلار ئاشۇ تەرتىپ ئۈچۈن جەزمەن بۇزۇپ تاشلىنىدىغان، يوقاتمىسا بولمايدىغان رەقىبكە ئايلىنىپ قالدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي شائىرلارنىڭ كۈچ - قۇدرىتى خۇددى سىمابنىڭ ئۇيۇققا قويۇلغىنىغا ئوخشاش جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە سىڭىپ، كېڭىيىپ بارماقتا. مۇبادا ئەدەبىياتتا ئوينىلىۋاتقان ئويۇنلارنى ھەر قانداق ئىنسانىيەتنىڭ ھېسسىياتىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش دەپ

قارىساق، ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى جەۋلان قىلدۇرۇۋاتقان شېئىرىيەتتە بولسا، زىنھاركى، بۇنداق ئەھۋال ھەرگىزمۇ يۈز بەرمەيدۇ. مەن باشتىن - ئاخىر ئۆز شېئىرلىرىمنى شىمالىي يېرىم شاردىكى كىشىلەر ئۈچۈن ھەمدە ئافرىقا نېگىرلىرى ۋە شەرقلىقلەر ئۈچۈن يېزىلغان دەپ ئويلايمەن. شېئىرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قىممىتى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ شەكلىدە، ئۇسلۇبىدا ياكى شېئىردىكى مۇپەسسەللىك كۆچىدە ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىككىنچى بىر تەرەپتىن، يەنى بىر ئادەمنىڭ ئۆزى بىلەن دەۋراش بولغان باشقا كىشىلەر ئۈچۈن قوشقان ھەسسىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. شېئىرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قىممىتى مەلۇم كۆز قاراش ياكى بىر تەرەپلىمە ئېتىكا ئاساسىغا قۇرۇلمايدۇ، ئەخلاقىي ۋەز - نەسىھەتلەرنى تېخىمۇ ئاساس قىلمايدۇ، بەلكى بىۋاستە، كونكرېت بولغان ئۆزىگە خاس مۇستەقىل مەنىۋى مەيدانى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، گۈزەللىك قارىشى ماس كېلىشتىلا ئەمەس، بەلكى ماس كەلمەسلىكتىمۇ بولىدۇ. چۈنكى ماس كەلمەسلىكمۇ ئوخشاشلا گۈزەللىكنى بەدىئىي يۈكسەكلىككە ئېلىپ چىقالايدۇ. ئويلاپ باقايلى، رەسساملىق، ھەيكەلتاراشلىق ۋە مۇزىكىدىن ئىبارەت بۇ سەنئەت تۈرلىرىنىڭ ئىستېتىكا، ئېتىكا ۋە تەنقىد قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەسىلىلىرى بىر - بىرىگە تامامەن ئوخشىشىدۇ، گۈزەللىككە بولغان زوقلىنىش، ئۇنى ئىنكار قىلىشتىكى ئاساسىنىڭ مىزانلىرىمۇ بىر - بىرىگە يېقىن كېلىدىغۇ؟ گرېتسىيىنىڭ گۈزەللىكى ھازىرقى زامان كىشىلىرى تەرىپىدىن نابۇت قىلىندى. ھازىرقى زامان كىشىلىرى بىر خىل شەكىلنى بۇزۇش دامىدا يەنە بىر خىل شەكىلگە ئىنتىلىدۇ. تۇرمۇشقا تەقلىد قىلىدۇ. ھالبۇكى، بۇ خىل تەقلىد پەقەت تەبىئىي ھەركەت ھالىتىدىن ئىبارەت، خالاس. شائىرغا كەلسەك، ئۇ تەبىئەتنىڭ بىردىنبىر ئاجايىپ گۈزەللىكلىرىنى بەرپاقىلغۇچىسى، ئۇ ئىنسانلارنىڭ تىلى ئارقىلىق، يەنى ئىنتايىن نازۇك ۋە يارقىن

تىلى ئارقىلىق ئۆزى ئۈچۈن قەدەممۇ ـ قەدەم رېئال مەۋجۇتلۇق بەرپا قىلدۇ. كىشىلىك ھايات تەجرىبىلىرى (ھېسسىي ۋە ماددىي تۇرمۇشتىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتىكى تەجرىبىلىرى)گە دەسلەپتە كۆپ ھاللاردا ناتونۇش روھىي ئېزىقىشلار، ئاجايىپ گۈزەل كۆڭۈل تەگيۈگسىزلىقلىرى شۇنداقلا خارابلاشقان مەنىۋى مۇھىت ئىچىدە بىخ سۈرگەن تېكىر قاش ۋە پەرىشانلىقلار ئارىلاشقاندى، ئالىملار ۋە تەنقىدچىلەر شائىرلارغا ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇلارنى ئەزەلدىن تارتىپ «ئۆز قەلبىگە مەنسۇپ بولمىغان خاتىرىلەرنى يازدى»، بىدئەت ئىلاھىيەت ئۈستىدە گەپ ئوينىتىپ دەپ ئەيىبلەشتى، تەنقىدچىلەر يەنە ئۇ شېئىرلارنى «يېڭى ھۈنەر»بىلەن كۆڭۈل قويۇپ ياساپ چىقىلغان بۇيۇملاردۇر: بۇ «يېڭى ھۈنەر»، يېڭى تىللار يەقەتلا مودا قوغلىشىدىغان يېى نەرسىلەردىنلا ئىبارەت: شائىرلارمۇ ئالاھەزەل مانا مۇشۇ ئۇسۇلنى ۋاستە قىلىپ، تەنھالىق قورشاپ تۇرغان مۇزدەك شەيئىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، كىشىلەرنى بۇ تەنھالىقنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىدى، دەپ كەسكىن ئېيتتى. بۇنداق قارىلىدىغان بولسا، شائىرلار ئىنتايىن رەزىل تەسىر پەيدا قىلغان بولۇپ قالامدۇ؟ بەلكىم شۇنداقتۇر. چۈنكى سەن يېڭى شائىرنىڭ بىر پارچە شېئىرىنى ئوقۇش بىلەنلا ئالەم كىشىلىرىنىڭ چۈشىنىشى ۋە ئورتاق ساداسىغا مۇيەسسەر بولالامتىڭ؟ ۋەھالەنكى نېرۋىلىرى زەئىپلەشكەن تەنقىدچىلەر ئون بەش پارچە ياكى يېگىرمە پارچە شېئىرنىڭ ھەقىقىلىقىدىن قاتتىق ساراسىمىگە چۈشىدۇ. «ساپ بولۇش»دېگەن بۇ قاراشنى يەنىلا تەتقىق قىلىش كېرەك، بولۇپمۇ سىياسى جەھەتتە قاتتىق پارچىلىنىش بولۇۋاتقان بۇ ئەسىردە شائىرلار ئېغىر كۈلپەت ۋە غېرىبىي ئىنسانىي تەقدىرگە دۇچار بولماقتا، ئۇلارنىڭ قەلبىدىن ئېقىپ چىققان ئەسەرلەر دائىم دېگۈدەك خىيالىي داپسودىيە دەپ قارىلىپ، گۇمانلار بىلەن كۆمۈلمەكتە. مېنىڭ بۇ سۆزۈمنىڭ مەقسىتى بىر خىل شېئىرىيەت نەزەرىيىسىنى بەرپا

قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، ياكى مەلۇم بىر خىل ئىستېتىك ئۆلچەمنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈنمۇ ئەمەس، بەلكى بۇ دۆلەتتىكى ئەڭ سۇباتلىق، بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز ئۈچۈن ئالىيجاناپ تۆھپىلەرنى قوشقان زاتلارغا، ھەممە باياتىن مەن تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. مانا ھازىر مەن ئۇنىڭ قويىندا تۇرۇۋاتقان ئىككىنچى ۋەتەنگە چوڭقۇر سەمىمىي سالىمىنى ئىپادىلەش ئۈچۈندۇر. مەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شۋېتسىيە پادىشاھى ۋە خانىش ئالىيلىرىغا، ۋلىئەھد جانابلىرىغا، شۇنداقلا شۋېتسىيە خانلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە سالام ۋە تەشەككۈر بىلدۈرىمەن. خانلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى ئىلىم بابىدا كامالەتكە يەتكەن ئون سەككىز نەپەر باھالىغۇچىلار مېنىڭ شېئىرىمنى مۇكاپاتلاشنى قارار قىلىپ، ئىتالىيىگە يۈكسەك شۆھرەت ئاتا قىلدى. ئەمەلىيەتتە مۇشۇ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن تارتىپ تاكى يېقىنقى ئەڭ يېڭى دەۋرلەرگىچە ئىتالىيىدە ئاجايىپ باي، رەڭگارەڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە تەبەككۇر ئەسەرلىرى مەيدانغا كەلدى، دەل مانا مۇشۇلارنىڭ ئۆزى بۇ مۇكاپاتنىڭ، شۇنداقلا بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئۇل تېشىدىن ئىبارەتتۇر.

## مەڭگۈ ئۆچمەس چىراق

ھايات ئازابمۇ ئەمەس، بەختمۇ ئەمەس، ھايات رەسىم سىزىدىغان بىر پارچە ئاپئاق قەغەز ، ئۇنىڭغا نېمە سىزسىڭىز بولىۋېرىدۇ. ئازابىڭىزنى سىزسىڭىزمۇ، بەختىڭىزنى سىزسىڭىزمۇ بولىدۇ، نېمە سىزىشنى ئۆزىڭىز بەلگىلەيسىز.

تۇغما ئەما بولغىنىغا قارىماي دۇنياۋى شۆھرەت قازانغان تالانتلىق يازغۇچى ھېلېن ھەربىر ئادەمنىڭ مەنىۋى قىممىتىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ باراۋەرلىك جەھەتتە

مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشكە بەل باغلىغانىدى. ئۆزىنى مېيىلەردىن ئۈستۈن قويۇۋالىدىغان يوزىيىسىدىكىلەرنى ئىنتايىن يامان كۆرەتتى. ئۇنىڭ ئازاب ئىچىدە ئۆتۈشى ناتايىن دەپ قارايتتى. دېمىسىمۇ «كۆرگىلى بولىدىغان شەيئىلەر ۋاقىتلىق بولىدۇ، كۆرگىلى بولمايدىغان شەيئىلەرلا مەڭگۈلۈك بولىدۇ. چۈنكى، قاراڭغۇ يەر ئاستىدىكى دەرەخ يىلتىزىمۇ شېخىدىكى يوپۇرماقلارغا ئوخشاش بەھرىلىنەلەيدۇ». شۇڭا، خېلېن، ئادەم مېيىپ بولسىمۇ، نورمال ئادەملەرگە ئوخشاش ياشىغىلى،خىزمەت قىلغىلى، بەلكى ھاياتلىقتا بەختلىك ئىز قالدۇرغىلى بولىدۇ، دېگەنگە چوڭقۇر ئىشىنەتتى.

سىز تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدىغانلا بولسىڭىز، تۇرمۇشتا گۈزەللىكنى تاپالايسىز. ئۇنداق قىلمىسىڭىز، كۈن بويى ئاغرىنىش - زارلىنىش بىلەن ئۆتىسىز. سىز ئىگە بولغان ھەم ئىگە بولماقچى بولغان گۈزەل نەرسىلەر يېنىڭىزدىن جىم - جىملا غايىب بولۇپ كېتىدۇ، سىز ھەرقانچە قاۋۇل، زېرەك بولسىڭىزمۇ، بەربىر. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، تۇرمۇشتا كېيىنكى خىلدىكى كىشىلەر ناھايىتى كۆپ، ئۇلار كىزلىرىنىڭ نەرسىلىرىنى ھامان ئانچە قەدىرلىمەيدۇ. «ئۇلار ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسىنى تۇتۇق كۆرىدۇ ۋە ئاڭلايدۇ، بۇنىڭغا پەرۋا قىلمايدۇ ھەم كۆڭۈلمۇ بۆلمەيدۇ». بىر قېتىم خېلېن ئورمانلىقنى ئايلىنىپ يېڭىلا قايتىپ كەلگەن بىر دوستىدىن: «نېمىلەرنى كۆردىڭىز؟» دەپ سورايدۇ، دوستى:«ئالاھىدە بىرەر نەرسىنى كۆرمىدىم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇنىڭدىن خېلېن ئىنتايىن ھەيران بولىدۇ. بىراق، بۇنداق جاۋابلارنى كۆپ ئاڭلىغاندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ كۆرۈش ۋە ئاڭلاشتىن ئىبارەت بۇ بەختلىك سەزگۈ ئىقتىدارىنى زادىلا قەدىرلىمەيدىغانلىقىنى، «كۆزىنىڭ ھېچ نەرسىنى كۆرمەيدىغانلىقى»نى بىلدى.

خېلېننىڭ ھەر كۈنكى تۇرمۇشى ئەركىن - ئازادىلىك، جۇشقۇن - كۆتۈرەڭگۈ روھ

ئىچىدە ئۆتەتتى، ئۇنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارى ناھايىتى ئۆتكۈر ئىدى. ئۇ تۇرمۇشتا بايىقىغان ۋە ئىنسانلارغا يارىتىپ بەرگەن گۈزەللىك فىزئولوگىيىلىك جەھەتتىن ساغلام كىشىلەرنىڭكىدىن خېلىلا كۆپ ئىدى.

خېلېن سىرتقا سەيلىگە چىققاندا كۆپىنچە ھاللاردا ئۇششاق جانلىقلارنىڭ ھىدىغا مەپتۇن بولۇپ بىردىنلا توختاپ قالاتتى. ئۇ قولىنى سۇنۇپ بۇ يوپۇرماقلارنى ئاستا سىلايتتى، بۇ ھاياتلىق دۇنياسى ئۇنىڭغا مەنسۇپ ئىدى. ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا بولغان تەسىراتى ۋە مۇھەببىتى بىزنىڭكىدىن خېلىلا ئېشىپ چۈشەتتى! ئۇ بۇ يوپۇرماقلارنى سىلىغان، گۈللەرنىڭ ھىدىنى پۇرىغاندا، ساپ ھاۋادىن نەپەس ئالغاندا تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىدىن بەھرىلىنەتتى ھەمدە بۇنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ساقلايتتى. شۇنىسى ئۇ ھەم يېشىل يوپۇرماقلارنى، قىزىل ئەترگۈللەرنى كۆرەلمەيتتى، ھەم بۇلبۇلنىڭ خۇش ناۋاسىنى، بۇلاق سۈيىنىڭ بۇلدۇقلىسىنى ئاڭلىيالمايتتى. لېكىن ئۇ تەبىئەتكە بولغان مۇھەببىتى، ئۆتكۈر سەزگۈسى ئارقىلىق، تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىدىن يېتەرلىك بەھرىلىنەلەيتتى، شۇڭا ھەر قېتىم سەيلە قىلىپ قايتىپ كەلگەندە، كۆرۈش ئىقتىدارى نورمال بولسىمۇ ئورمانلىقنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرمەيدىغان، ئەترابىدا يۈز بەرگەن ئىشلاردىن قىلچە خەۋەرسىز، بەخىرمان يۈرىدىغان دوستىغا ئوخشاش ھېچ نەرسىنى كۆرمىدىم دەپ جاۋاپ بەرمەستىن. ھېس قىلغانلىرىنى توغرا ھەم جانلىق تەسۋىرلەپ بېرەتتى.

خېلېننىڭ «شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئايلىق ژۇرنىلى»دا ئېلان قىلغان مەشھۇر ئەسىرى «ماڭا ئۈچ كۈن يورۇقلۇق بولغىنىدا» دا ئۇنىڭ تۇرمۇشقا بولغان قىزغىن مۇھەببىتى ۋە ئىنتىلىشى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇ ئۈچ كۈننى تولۇق ئوتتۇنلاشتۇرغان، بىرىنچى كۈننى دوستلىرىغا، جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەرگە بەرگەن؛ ئىككىنچى كۈنى ئىنسانىيەت ۋە تەبىئەت تارىخىنىڭ قىياپىتىنى كۆرگەن؛

ئۈچۈنچى كۈنى رېئال دۇنيادا نورمال بىر كۈن ئۆتكۈزگەن. ئۇ بۇ ئەسىردە بىر ئەما بولۇش سۈپىتى بىلەن يەنە كۆزى نورمال كۆرىدىغان كىشىلەرگە مۇنداق بىر بىشارەت بەرگەن: «ئەگەر سىز ئەتە ئەما بولۇپ قېلىسىڭىز مۇمكىنلىكىنى ئويلىسىڭىز، كۆزىڭىزدىن ئوبدانراق پايدىلىنىۋېلىڭ؛ ئەتە گاس بولۇپ قېلىسىڭىز مۇمكىنلىكىنى ئويلىسىڭىز، ئاۋازلارنى، قۇشلارنىڭ خۇش ناۋالىرىنى، ئوركېستىرلارنىڭ لەرزان مېلودىيىلىرىنى ئاڭلىۋېلىڭ. ئەگەر ئەتە تېگىش سەزگۈ نېرۋىلىرىڭىز رولىنى يوقىتىدىغانلىقى ئويلىسىڭىز، تېگىش سەزگۈلىرىڭىز ئارقىلىق ئۇچراشقان ھەممە نەرسىنى ئوبدانراق سىلىۋېلىڭ. ئەگەر ئەتە سىز ھېچ نەرسىنى پۇرىيالماس ۋە تېتىيالماس بولۇپ قالسىڭىز، گۈللەرنىڭ خۇش پۇراقلىرىنى قانغۇچە پۇرىۋېلىڭ، ھەربىر چىشلەم يېمەكلىكنىڭ تەمنى مەززە قىلىپ تېتىۋېلىڭ، ھەربىر سەزگۈ ئەزايىڭىزنىڭ ئىقتىدارىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، تەبىئەت دۇنياسى تۆرلۈك ئۇچرىشىش يوللىرى ئارقىلىق سىزگە ئاتا قىلغان خىلمۇخىل شادلىق ۋە گۈزەللىكلەردىن ھۇزۇرلىنىۋېلىڭ ۋە پەخىرلىنىۋېلىڭ.»

ئىنسانلار ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە تارىخ ئېقىنىدا ئېقىپ ئۆتىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر بىر ئۆمۈر قىلغان ئىشىنىڭ تايىنى يوق، جىم ـ جىملا تارىخ ئېقىنلىرىنىڭ ئاخىرىغا بېرىپ قالىدۇ. يەنە نۇرغۇن كىشىلەر بىر چىراغ بولۇپ، تارىخ ئېقىنىدا كېتىۋاتقانلارنىڭ يولىنى تورۇتۇپ بېرىدۇ. خېلېن مەيلى ھايات ۋاقتىدا بولسۇن ياكى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن بولسۇن بىر چىراغ بولدى ھەم بولۇپ كەلمەكتە.

خېلېن ياشنىپ قالغان بولسىمۇ، يەنە ئالدىراش ئىدى. ئۇ ياش ئادەمگە باقمايدىغانلىقنى، ۋاقىتنىڭ ناھايىتى قىس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئەمما ئۇ قىلىدىغان ئىشلار يەنە ناھايىتى نۇرغۇن ئىدى، ئۇ ئاشۇ چىراغ ئارقىلىق ئىمكانقەدەر نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قەلبىنى يورۇتۇشى كېرەك. شۇڭا، خېلېنغا ئوخشاش ياشنىپ

قالغان كىشلەرنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى ياشانغانلار ساناتورىيىسىدە ياشلىق چاغلىرىنى ئەسلەپ خاتىرجەم ئۆتكۈزسىمۇ، ئەمما خېلېن بىلەن پوللىي يەنىلا جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى سورۇنلىرىدا ئالدىراش ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ تېخىمۇ تەسىرلىك، ئەسەرلىرىنىڭ تېخىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشى ئۈچۈن، خېلېن ئۆگىنىشنى تېخىچە توختاتمىغانىدى.ئۇنىڭ قىرائەتخانىسىنىڭ تۆت تېمىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك براي ئەمالار يېزىقىدىكى كىتابلار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئۇچى كىتابتىكى ئېگىز - پەس توچكىلارنى بويلاپ قانچىلىك يوللارنى باسقانلىقىنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلمىسە كېرەك، ئاخىرى بارمىقىنى لاتا بىلەن ئورىۋېلىپ كىتاب ئوقۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇنداق قىلغاندا، داۋاملىق كىتاب ئوقۇغىلى، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغىلى، نۇتۇق سۆزلىگىلى، ھەر كۈندىكى كۈنتەرتىپىنى تولۇق ئوتتۇنلاشتۇرغىلى بولاتتى. چۈنكى، خېلېن ئەما بولغاچقا، كېچە بىلەن كۈندۈز ئۇنىڭغا ھېچقانداق پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. شۇڭا، خېلېن بەزىدە كۈندۈزىمۇ، كېچىسىمۇ ئىشلاپ كېتەتتى. پوللىينىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندىمۇ خېلېن «خىزمەت مەستانىسى» بولاي دەپ قالغانىدى.

بىراق، خېلېن شۇنى بىلەتتىكى، ئۇ ھاياتلا بولىدىكەن، ئاشۇ چىراغنى تېرىشىپ نۇر چاقنىتىشى كېرەك ئىدى. ئۇ ئۆزىمۇ مۇنداق دېگەنىدى: «مەن قېرىشىمنى كېچىكتۈرەلمەيمەن، شۇنداقتىمۇ قىلىدىغان يەنە شۇنچىۋالا نۇرغۇن خىزمەت تۇرۇپتۇ، يەنە نۇرغۇنلىغان ئەما، گاس باللار يادەم ۋە تەربىيىگە موھتاج بولۇپ تۇرۇپتۇ. تىنىغملا بولىدىكەن، ئەما، گاسلارنىڭ پاراۋانلىقى ۋە بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىمەن.»

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى، خېلېننىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، خېلېننىڭ تۆھپىسى بارغانسېرى نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە

ماختىشىغا سازاۋەر بولدى، گۈلدەستە ۋە ئالقىش ئۇنى يۈركىۋەتتى، كىشىلەر ئۇنى ھۆرمەتلەيدىغان، ماختايدىغان كۆككە كۆتۈرىدىغان بولدى، بۇنىڭغا ئۆلشىيدىغان خىلمۇخىل يەخرىي نام، مەنسەپ - تاجىلار تەرەپ - تەرەپتىن كېلىشكە باشلىدى...

*1955* - يىلى ئىيۇندا خېلېن ئانا مەكتىپى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يەخرىي ئىلمىي ئۇنۋانىغا شەرەپ بىلەن ئېرىشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ خارۋارد تارىخىدا بۇ شەرەپكە تۇنجى ئېرىشكەن ئايال بولۇپ قالدى.

*1956* - يىلى *15* - نويابىر كۈنى ئامېرىكا موزېل ئۆلكىسىدىكى بوستون پېركىنس ئەما بالىلار مەكتىپىنىڭ كىرىش ئىشىكى ئۈستىگە بۇ بىر جۈپ ئۇستاز - شاگىرتنى مەڭگۈ خاتىرلەش ئۈچۈن «خېلېن كېللېر ۋە ئاننى سۇللىۋان ماتىسىنى خاتىرلەيمىز»دېگەن خەت يېزىلغان بېغىلىما ئېسىلدى. ئەمەلىيەتتە بۇ خېلېن بىلەن ئاننى ئەڭ دەسلەپ ئىش باشلىغان پېركىنس ئەما بالىلار مەكتىپىنىڭ ئىشىكىگىلا ئېسىلغان بېغىشلىما بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا گەۋدىلىك تۆھپە يازغان كىشىلەر ئۈچۈن، دۇنيا گۇمانىتار سارىيىغا ئېسىلغان بېغىلىمىدۇر. خېلېن بىلەن ئاننى مۆجىزە ئىلاھىنىڭ ئىككى قانىتىدۇر.

*1959* - يىلى مايدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بەختسىزلىك ئىچىدە ياشاۋاتقان ئەما، گاس بالىلارغا مەبلەغ جەھەتتىن ياردەم قىلىش ئۈچۈن، پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا خېلېننىڭ نامى بىلەن ئاتالغان « خېلېن كېللېر»ھەرىكىتىنى قوزغىدى. خېلېن بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلەندى، شۇنىڭچە كۆپ يىللاردىن بۇيان، خېلېننىڭ ھاردىم - تالدىم دېمەي تاغمۇتاش ئېشىپ، دەريا - ئوكيان كېزىپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ نوتۇق سۆزلىشى مۇشۇ كۈننىڭ يېتىپ كېلىشى ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟ ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ئۇنىڭ

تىنچلىققا تەشنا يۈتكىنى ئازدۇر - كۆپتۈر ئۈمىدسىز قالدۇرغانىدى. مانا ئەمدىلىكتە، ئوخشاش بولمىغان دۆلەت ۋە رايونلاردىكى كىشىلەر بەختسىزلىك ئىچىدە ياشاۋاتقان ئەمما، گاس باللار ئۈچۈن ئورتاق ئىشلايدىغان بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ تەنها قەھرىمانىدەك ئۆزىلا كۈرەش قىلامايدىغان بولدى. ئۇ مېھىر - مۇھەببىتىنى بېغىشلىغان باللار ئاخىر پارلاق ئىستىقبالغا ئېرىشتى، ئۇ بۇنىڭدىن قانداقمۇ ھاياجانلانمىسۇن، شادلانمىسۇن؟ بۇ كۈنى خېلېن پوللىينى مەھكەم قۇچاقلىدى، بۇ ئىككى مومايىنىڭ كۆزلىرىدىن شادلىق ياشلىرى تاراملىدى، ئۇلار ئاخىر ئەجرىگە تۇشلۇق جاۋابقا ئېرىشتى.

*1960* - يىلى *27* - ئىيۇن ئامېرىكا خەلقئارا ئەمالار فوندى جەمئىيىتى ] خەلقئارا كېللېر مۇكاپاتى» تارقىتىشنى ئېلان قىلدى. بۇ ئەمالار ئىشلىرى ئۈچۈن ئالاھىدە تۆھپە قوشقان كىشىلەر ۋە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئەمما، گاس ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلىدىغان ئوقۇش مۇكاپاتى ئىدى. بۇ كۈنى خېلېننىڭ *80* ياشقا كىرگەن كۈنى بولغاچقا، ئۆيگە ئۇنى مۇبارەكلەپ تېلېفونلار كېلىپ تۇردى. *75* ياشقا كىرىپ قالغان پوللىي يايپېتەك بولۇپ كەتتى. ئۇ ناھايىتى خۇشال ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ ياردىمى بولغاچقىلا، خېلېن جەمئىيەتكە تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشۇۋاتاتتى. ھازىر ئۇنىڭ ئارام ئالىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالغانىدى. شۇنداق قىلىپ، خېلېنغا ئاز كەم *50* يىل ھەمراھ بولغان كاتىپى ۋە دوستى خېلېندىن جىم - جىملا ئايرىلىپ كېتىپ قالدى.

*1961* - يىلى ئاپرېلدا «دۇنياۋى مەشھۇر كىشىلەر قۇرۇلتىيى» ۋاشىنگتوندا زور كۆلەملىك. رايون خاراكتېرلىك يىغىن چاقىردى، يىغىنغا خېلېن تەكلىپ بىلەن قاتناشتى ھەمدە شۇ يىللىق ئىنسانپەرۋەر مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى. شۇ چاغدا ئېلېن بۇ تەشكىلاتتىكى بىردىنبىر ئايال پەخرىي ئەزا ئىدى. ئۇ ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ،

بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا تەكلىپلەرنى قوبۇل قىلدى، بارلىق پۈرسەتلەردىن پايدىلىنىپ، ئەمما، گاسلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن مۇھىم شەخسلەردىن ياردەم تەلەپ قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بوشاشمىي كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، جەمئىيەتتە نورمال كىشىلەر بىلەن بىللە ئوخشاش بىر زېمىندا ياشاۋاتقان بەختسىز كىشىلەرگە كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشىلەرنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

شۇ يىلى جون. ف. كېننېدى خېلېننى ئاقسارايغا كېلىپ مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلدى.

ئۇ بالىلىق چاغلىرىدىن باشلاپلا، ئاقسارايدىكى ھەربىر زۇڭتۇڭنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ كېلىۋاتقان بولغاچقا، ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ئالاھىدە ئىش ئەمەس ئىدى. خېلېن ئاقسارايغا بېرىشتىن ئىلگىرى بىر توپ مۇخبىر ئۇ چۈشكەن مېھمانخانىدا ئۇنى زىيارەت قىلدى. بىر مۇخبىر، قانچە زۇڭتۇڭ بىلەن كۆرۈشتىڭىز؟ دەپ سورىغاندا، خېلېن يۇمۇرلۇق قىلىپ: بۇنى ستاتىستىكا قىلىپ باقمايتىكەنمەن» دەپ جاۋاب بەردى. بۇنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

***1964*** - يىلى خېلېنغا يەنە شۇ يىللىق ئەركىنلىك مۇكاپاتى»بېرىلدى. بۇ ئامېرىكىنىڭ ئەڭ ئالىي مۇكاپاتى بولۇپ، ھەر قېتىم بۇنى زۇڭتۇڭ كىزى بېرەتتى، بۇ مۇكاپات تەسىس قىلىنىپ شۇ كەمگىچە جەمئىي ***30*** ئادەمگىلا بېرىلگەندى. بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچىلەر يەنە ئامېرىكىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك پۇقراسى دەپ ئاتىلاتتى...

خېلېن كېللېر بىر ئاددىي ئىسىم، لېكىن بۇ ئىسىمنىڭ ئىگىسىنىڭ ھاياتى پەۋقۇلئاددە ھايات، بۇ ئىسىمنىڭ ئىگىسى ئەمما، گاس تۇرۇقلۇق دۇنياۋى مۆجىزە ياراتتى؛ ئۇ زېمىستان قاراڭغۇلۇقتىن چىقىپ، ئىلىم - مەرىپەت خەزىنىسىگە يۈرۈش

قىلدى، ھەرقايسى جايلار ۋە دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرگە بېرىپ، ئەمالار مەكتەپلىرى ئۈچۈن ئىئانە تويلىدى. ئۆمرىنى ئەمالارنىڭ پاراۋانلىقى ۋە مائارىپ ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، ھەرقايسى ئەللەر جامائەتچىلىكىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى ھەمدە نۇرغۇن دۆلەتلەر ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. شان - شەرەپ ئۇنىڭ كېيىنكى ئۆمرىگە ھەمراھ بولدى. ئۇنىڭ ئاشۇ ئۆتكۈر تەپەككۇرى، باشقىلارنى بېسىپ چۈشىدىغان ئەقىل پاراستى، ئۆتكەك قىزغىن مۇھەببەتلىك تۈرىكى، دۇنيانىڭ ھەرقايسى قايلىرىنى ئارىلاپ چىققان بەستلىك گەۋدىسىدىن ئۇنىڭ مېيىپ ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئامالسىزمىز.« ھېسداشلىق»ئۇنىڭغا قىلىنغان بىر خىل بېھۆرمەتلىك!

بىر كۈنى ئامېرىكىنىڭ ھەزىلچىسى پېتىر.ف.دۇن بەلن ماكر تۋېن خېلېننىڭ ئىككىلا كۆزى كۆرمەيدىغانلىقى توغرىسىدا پاراڭلىشىپ قالىدۇ، دۇن:

- تۇۋا، تۇرمۇش ئۇنىڭغا نىسبەتەن نېمىدېگەن مەنىسىز - ھە، كۈنلىرى ئوخشاشلا ئۆتىدۇ، ئاخشىمىمۇ، كۈندۈزىمۇ ئوخشاش! - دېدى.

سىز خاتالاشقاندىمۇ ئۇنداق - بۇنداق خاتالاشمىدىڭىز، - دېدى مارك تۋېن رەددىيە بېرىپ، - مەن سىزگە دەپ قوياي، كۆزى كۆرمەسلىك ئادەمنىڭ ئېچىنى سىقىدىغان ئىش. ئەگەر ئىشەنمىسىڭىز، قاپقاراڭغۇ كېچىدە ئۆيىڭىزگە ئوت كەتسە، ئېچىڭىزگە ئوت كىرىۋالغاندەك بولۇپ كېتىسىز. كارىۋاتتىن چۈشۈپ ئىشىكنى تاپالمىغىنىڭىزدە قانداق بولۇپ كېتىدىغانلىقىڭىزنى ئويلاپ بېقىڭ.

شۇنداق، خېلېن قاراڭغۇلۇقتا ئۆزى ئۈچۈن ھەم بارلىق ئەما، گاسلار ئۈچۈن چىقىش يولى ئىزدەش جەريانىدا نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، بەختكە، قانائەتكە ئېرىشتى.

شۇنداق قىلىپ، ***1986*** - يىلى ***1*** ئىيۇن چۈشتىن كېيىن سائەت ***3***تىن ***35***مىنۇت

ئۆتكەندە، 88ئۆچمەس يىلنى بېسىپ ئۆتكەن خېلىن كېللېر . پۈتۈن دۇنيادىكى مېيىپلەرگە غەيرەت ۋە ئۈمىد ئاتا قىلغان پەرىشتە، ئامېرىكىنىڭ كوننېكتىكوت شتاتىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

5 ـ ئىيۇن كۈنى ئۇنىڭ جەسىتى قايغۇلۇق مەرسىيە ساداسى ئىچىدە، چېركاۋ يېنىدىكى يەرلىككە ـ ئۇنىڭ قەدىرلىك ئوقۇتقۇچىسى، تۇرمۇشتىكى يول باشلىغۇچىسى ـ ئاننې سۇللىۋاننىڭ جەسەت كۈلىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىندى.

ئىككى روھ قايتا ئۇچراشتى، ئۇلار ئىنسانىيەت ھاياتلىق ئېقىندا ئۈزۈپ كېتىۋاتقان ئەزىمەتلەرنىڭ يۆنىلىشىنى يورۇتۇش ئۈچۈن، بىر چىراغ بولۇپ قوشۇلدى...

## مەن دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى يۇتۇۋالدىم

ئەزىز نەسىن (تۈركىيە)

باۋۇدۇن ھەسەن تەرجىمىسى

ئائىلىمىز بازاردىن سوپۇن، پېشلاق دېگەندەك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشقا تىزىملانغاندى. مەن «مىسىر بازىرى»دىن تىزىم بويىچە سوپۇننى، «بېلىق بازىرى»دىن پېشلاقنى ئالدىم. بازاردىن يەنە بىر كىلوگرام ئۈزۈم ئېلىپ ئۆيگە قايتتىم.

ـ بالام، خەت يازىدىغان قەغىزىڭ يوقمىدى؟ ـ سوراپ قالدى ئۆيدىكىلەر.

ـ بۇ نېمە دېگىنىڭلار، قەغەزمۇ بولامدىغان؟

ـ ئەمىسە نېمىشقا سوپۇنغا خەت يازدىڭ؟

ئالدىمدا تۇرغان ئىككى توقاچ سوپۇندا راستتىنلا خەت بار ئىكەن. تېخى

ماشىنكىدا ئۆرۈلۈپتۇ!

- بۇ قانداق گەپ! سوپۇنغىمۇ خەت باسقان بارمۇ؟

- مېنىڭچە بۇ چوقۇم سوپۇن زاۋۇتىنىڭ سودا ئېلانى ئۈچۈن تاپقان يېڭى ھىيلىسى.

مەن ئۇنىڭغا نېمىلەر يېزىلغانلىقىنى كۆرۈپ باقماقچى بولدۇم. سوپۇندىكى خەت تەتۈر ئىكەن، قىينىلىپ ئوقۇدۇم، ئەسلىدە بۇ دۆلەت مەخپىيەتلىكىگە ياتىدىغان بىر پارچە دوكلات ئىكەن، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىپتۇ:

xxلار ئوقۇشقا بولىدۇ، مۇھىم مەخپىيەتلىك.

... جانابلىرى:

مەخپىي بەلگىلەر بىلەن يەتكۈزۈلگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەردىن يوليورۇق سورىدۇق. ئۇلارنىڭ دوكلاتىنىڭ قىسقارتىلمىسىنى يوقىرىغا يوللىماقچىمىز.

... بۇ ئىش مەخپىيەتلىككە ياتىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ ئەۋەتىمىز،

بۇنى كۆرۈپ ئائىلە بويىچە ھەممىمىز ئالاقزادىلىككە چۈشتۇق، چۈنكى بىز دۆلەتنىڭ ئەڭ مۇھىم مەخپىيەتلىكىنى بىلىپ قالدۇق - تە. مەن «ئەمدى قانداقمۇ قىلارمىز؟» دەپ ئويلاپ تۇراتتىم، تۇساتتىن بىرەيلەن:

- قاراڭلار بۇ نېمە خەتتۇ؟ - دەپ توۋلىدى پىشلاقنى كۆرسىتىپ. پىشلاقتىمۇ تەتۈر بېسىلغان خەتلەر تۇراتتى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا يېڭى قىزىل ئاي بەلگىسىدىن ئىككىسى قويۇلۇپتۇ. سوپۇندىكىسىگە قارىغاندا بۇنىڭ مەخپىيەتلىك دەرىجىسى تېخىمۇ ئۈستۈن تۇراتتى.

ھەممەيلەن ۋەھىمىگە چۈشۈپ نېمە قىلارىمىزنى بىلەلمەي تەمتىرەپلا قالدۇق.

- ئەستاغپۇرۇللا، - دەپ توۋلىۋەتتىم مەن، - خەپ بىرگە تۇزاق قۇرۇپتۇ ئەمەسمۇ،

بۇ ئىككى پىشلاقنى دەرھال كۆزدىن يوقىتىۋېتەيلى، سوپۇننىمۇ...

- ئۇنداق بولسا كوچىغا تاشلىۋەتسەكلا بولغىنى!

- بولمايدۇ، خەق كۆرۈپ قالسا قانداق قىلىمىز؟

- ئەمسە ئەخلەتچىگە بېرىۋېتەيلى!

- ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ ئۇنداق قىلساق خەق تۇتۇۋالىدۇ!

بىز ئاخىر بۇ ئىككى پارچە پىشلاقنى دەرھاللا يەۋەتتۇق، دېمەك، دۆلەت مەخپىيەتلىكى قورسىقىمىزغا كىرىپ كەتتى.

بىراق، سوپۇننى يېگىلى بولمىدى، شۇڭا يېرىم كېچىدە قولىمۇ قول نۇرغۇن كىر يۇيۇۋەتتۇق. دېمەك سوپۇن سۇدا ئېرىپ تۈگىدى.

كۆڭلىمىز ئەمدىلا ئورنىغا چۈشۈۋىدى:

- بۇ نېمە؟ - دەپ ئاقىرىۋەتتى بىرەيلەن.

ئەسلىدە، سېتىقچى ماڭا ئۈزۈم قاچىلاپ بەرگەن قەغەز خالتىمۇ مەخپىي ماتېرىيال يېزىلغان قەغەزدىن تىكىلگەنىكەن. خەتنىڭ تۈزىقىغا چۈشكەنلىكىمىزدە ئەمدى ھېچ شۈبھە قالمىدى. بىز بۇ قەغەز خالتىنى مەشكە سېلىپ كۆيدۈرۈۋېتىپ، كۈلىنى كوچىغا چېچىۋەتتۇق. ئەمدى ئۆيىمىزنى ئاختۇرسىمۇ دۆلەت مەخپىيەتلىكىگە ئالاقىدار ھېچقانداق نەرسىنى تاپالمايدۇ.

- بۇ قىلغىنىمىزغۇ ئوبدان بولدى، لېكىن ئۇلار بىزنى رېنتگېنگە سالسا قانداق قىلىمىز؟

- نېمە بولاتتى؟

- ئۇلار بىزنىڭ ھېلىقى نەرسىلەرنى يەۋەتكەنلىكىمىزنى بىلىۋالىدۇ، تېخى ئاشقازىنىمىزدا تۇرۇۋاتقان پىشلاقتىكى خەتلەرنىمۇ ئوقۇۋالىدۇ!

ھەممىمىز چۆچۈپ كەتتۇق، دەرھال ئىككى ئىستاكاندىن سۈرگە ئىچىۋەتتۇق.

بۇنىڭ ئۇنۇمىنى مەن بىرىنچى بولۇپ كۆردۈم. بىز مەخپىي ماتېرىياللارنىڭ باش قېتىمچىلىقىدىن بىراقلا قۇتۇلىدىغان بولدۇق.

مەن ئەمدى تازىلىق قەغىزىنى ئېلىپ شۇنداق قارىماسىمەنمۇ... قېنى، ئۇنىڭغا نېمە يېزىلغانلىقىنى سىز ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟ ... ئۇ ئامېرىكا مۇتەخەسسىسى تۈركىينىڭ نېفىت ئەھۋالى توغرىسىدا يازغان مەخپىي دوكلات ئىكەن. چاتاق يوق، دەل شۇ دوكلات.

كېيىنكى ئىشلارنى ئەسلىيەلمەيمەن، مەن يالىڭاچ پېتى خالى جايدىن بىردىنلا كوچىغا چىقىپ قالغاندەك بولدۇم. يېرىم كېچىدە بىرەيلەن «سارالڭ» دەپ ۋارقىرىدى - دە، مېنى تۇتۇۋالدى.

مەن نېمىشقا قورقماي؟ بۇ دېگەن دۆلەت مەخپىيەتلىكىغۇ! يەنە كېلىپ ئىككى يېڭى ئاي بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن، «xx ئوقۇشقا بولىدۇ»غان مەخپىيەتلىك!...

## «گراف مونتې كرىستو» رومانىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

رومان «گراف مونتې كرىستو» ياۋروپا رومانتىزىم ئەدەبىياتىدىكى داڭلىق ئەسەر، شۇندىقلا دۇنيادىكى كۆپ خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنغان، كەڭ تارقالغان، ئوقۇرمەنلىرى كۆپ بولغان، بازارلىق رومانلارنىڭ بىرى.

«گراف مونتې كرىستو» فرانسىيە يازغۇچىسى چوڭ دۇما *(1802 - 1870)*نىڭ داڭلىق ئەسەرلىرىنىڭ بىرى. بۇ رومانىنىڭ ئاساسلىق ۋەقەلىكى گراف مونتې كرىستونىڭ ياخشىلارنى يۆلەپ، رەزىللەرنى يوقاتقانلىقىدەك ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرۇش، يامانلاردىن ئۆچ ئېلىش ھېكايىسىدىن ئىبارەت.

ياش ماتروس ئېدمۇن دانتېس بىرىنچى يارىدەمچىلىكتىن كاپىتانلىققا

ئۆستۈرۈلۈش ئالدىدا، يىراق سەپەردىن قايتىپ كېلىپ گۈزەل قىز مېرسېدېس بىلەن توي قىلىشقا تەييارلىنىدۇ، بىلىقچى فېرنان، مال ساقلىغۇچى دانگلار ئۆزلىرىنىڭ رەزىل مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن سۈيىقەست پىلانلاپ دانتېسقا تۆھمەت چاپلايدۇ. ياش ماتروس توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈۋاتقاندا ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن ناپولېئون تەرەپدارلىرىنىڭ خەۋەرچىسى دېگەن جىنايەت بىلەن قولغا ئېلىنىدۇ ھەمدە مۇۋەققەت تەپتىش ۋىلفور تەرىپىدىن زۇلمەتلىك زىندانغا تاشلىنىدۇ. **14** يىلدىن كېيىن تۈرمىدىن قېچىپ چىقىپ فارىيا ھەزرەتنىڭ ئۆلۈش ئالدىدا ئېيتىپ بەرگەن يىپ ئۇچىغا ئاساسەن مونتې كرىستو ئارىلىغا بېرىپ ئىنتايىن نۇرغۇن بايلىققا ئېرىشىدۇ. ئۇ بۇ ئارقىلىق شەپقەتچىسىنىڭ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ ھەمدە ئون يىل ئىنچىكىلىك بىلەن تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق ئۆچ ئېلىش ھەركىتىنى باشلايدۇ: ئۇ ئىسمىنى گراف مونتې كرىستوغا ئۆزگەرتىپ، ھەر خىل سالاھىيەتلەر بىلەن پارىژدا پەيدا بولىدۇ. مارسىلدىكى ئىجتىمائىي ئالاقە سورۇنلىرىدا پۇلنى قورال قىلىپ، تۈرلۈك ئەپچىل ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۆچ دۈشمىنىنى شەپقەتسىز جازالاپ، ئۆزىنىڭ ئۆچ ئېلىش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. ئاخىرىدا گراف مونتې كرىستو ياش، گۈزەل گرېك قىزى گايدەنى ئېلىپ يىراق يۇرتلارغا كېتىدۇ. ئۇنداقتا، مونتې كرىستونىڭ ئۆچ ئېلىشقا قانداق قاراش كېرەك؟ ئالدى بىلەن، مونتې كرىستونىڭ ئۆچ ئېلىش مەقسىتى ۋە جەريانىدىن قارىغاندا، بۇنىڭ خاراكتېرى ھەققانىيەتنى جارى قىلدۇرۇش ھەركىتىگە ياتىدۇ. دانتېس دادىسىنىڭ ئۆلۈمى ۋە ئۆزىنىڭ **14** يىل ئازاپ تارتقىنى ئۈچۈن «چوقۇم ئۆچ ئالىمەن» دەپ قەسەم ئىچىدۇ. بىراق، ئۇ رەزىل ۋە شەپقەتسىز ۋاستىلەرنى ئىشلەتمەيدۇ، چۈنكى ئۇ قولىنى قان بىلەن بوياشنى خالىمايدۇ. قارشى تەرەپنىڭ يېقىنلىرىنىڭ بۇ ئىشلارغا ئارىلىشىپ قېلىشىنى ئۇنى بىئارام قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن رەقىبىنىڭ ئوغلى بولسىمۇ، ئۇ گۇناسىز

بولغانلىقتىن ئۇنىڭغا يارەم قولىنى سۇنىدۇ. پۈتۈن ئۆچ ئېلىش پىلانى ئورۇندىلىپ بولغاندىن كېيىن مونتې كرىستو «فېرنان»نىڭ ئوغلى ۋە ئۇنىڭ ئايالىنى قۇتۇلدۇرۇۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋېلفورنىڭ قىزى بىلەن موررېلنىڭ ئوغلى مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتكۈزىدۇ. ئۇنىڭ ئۆچ ئېلىشى پەقەت شەخسىي مۇددىئانى چىقىش قىلغانلىقتىن كۆرۈنەرلىك چەكلىمىلىككە ئىگە ئىدى. لېكىن، دانگلار، ۋېلفورلار پەقەت مونتې كرىستونىڭلا دۈشمىنى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلار خەلققە زىيانكەشلىك قىلغان جىنايەتچىلەر ئىدى. شۇڭا، ئۇلارنى جازالاش ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ خەلقنىڭ مەنپەئەتى بىلەن بىردەك ئىدى. مونتې كرىستو جەمئىيەت قانۇنى ۋېلفوردەكلەرگە ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ قانۇن جازاسىغا تارتىلماي ئەركىن يايراپ يۈرىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن، بۇ جەمىيەتكە قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلىدۇ. ئۇ بىر ئۆزىلا دەۋاگەر، سوتچى ۋە جازا ئىجرا قىلغۇچىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇنىڭ ئۆچ ئېلىشى ئەينى چاغدىكى قانۇن ـ تۈزۈم ۋە دۆلەت ئاپپاراتىغا بولغان ئىنكار قىلىش مەنىسىگىمۇ ئىگە. گراف مونتې كرىستونىڭ ئۆچ ئېلىشتىكى قوللانغان قاتتىق ۋاستىسى ھەممىگە قادىر ھېسابلانغان پۇل بولۇپ، ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا «پۇل ھەممىگە قادىر» دېگەن خاتا ئىدىيە تەرغىب قىلىنغان. ئەسەردە «پۇل ئىنسانىيەتنى ئىدارە قىلالايدىغان ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋە ئەڭ ئۇلۇغ كۈچ!»دەپ يېزىلغان. گراف مونتې كرىستو دەل مۇشۇ «پۇل ھەممىگە قادىر»دېگەن ئىدىيىۋى مىزانغا ئاساسەن جەمىيەتكە قوشۇلغاندىن كېيىن قايتىدىن مەرتىۋە، كۈچ ۋە نام ـ شۆھرەتكە ئېرىشىدۇ ھەمدە ئۆچ ئېلىش مەقسىتىگە يېتىدۇ. ئەسەر باشتىن ئاخىر تۈيۈقسىز بايلىق تېپىۋېلىپ باي بولۇپ كېتىش بىلەن مۇرات

مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ياۋروپالىقلارنىڭ يېڭى قىتئەلەرنى بايقىغاندىن كېيىنكى ھارام بايلىققا ئۇچراپ قېلىش ئارزۇسىنى چىقىش قىلغان بولۇپ ئەسەرنىڭ تىلى ۋە كىشىلەرنى كىتاپ ئوقۇشقا كۆندۈرۈشتىن باشقا جەھەتتە چۆچەكلەر بىلەن ئوخشاپ قالىدىغان رومانتىزىمنىڭ مەھسۇلاتى دېيىشكىلا بولىدۇ. ئەسەرنى بۇ جەھەتتە كۆرۈنەرلىك چەكلىمىگە ئىگە، دېمەي بولمايدۇ

## كۆۋرۈك بويىدىكى بوۋاي

### ھېمىڭۋاي (ئامېرىكا)

### شۆھرەت مۇھەممىدى تەرجىمىسى

ئۈستى بېشى توپا ـ چاڭ، پولات گەردىشلىك كۆزەينەك تاقىغان بىر بوۋاي كۆۋرۈك بويىدا ئولتۇراتتى. بۇ لەيلىمە كۆۋرۈك ئىدى. ھارۋا ـ ماشىنىلار، ئەر ـ ئاياللار، ئۇششاق باللار كۆۋرۈكتىن قىستىلىپ ئۆتۈۋاتاتتى، ئەسكەرلەر ئىتتىرىپ كېتىۋاتقان ھارۋىلار ئارقاندەك سوزۇلغانىدى. قاتارىسىغا تىزىلىپ ماڭغان يۈك ئاپتوموبىللىرى ئادەملەر تويىدىن ئۆزۈپ ئۆتۈپ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەيتتى. دېھقانلار ئوشۇق چۆككىدەك تويلۇق يولدا ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇپ كېتىۋاتتى، بىراق، بۇ بوۋاي قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى. ھېرىپ، قەدىمىنى يۆتكىگۈدەك ماجالى قالمىغانىدى. مېنىڭ ۋەزىپەم كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ ئەتراپىنى كۆزىتىش ۋە دۈشمەنلەرنىڭ دېرىكىنى ئېلىش ئىدى. ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ بولۇپ يەنە كۆۋرۈك بويىغا قايتىپ كەلدىم. بۇ چاغدا ماشىنىلار خېلى سېلىكىپ قالغانىدى. پىيادىلەرمۇ ناھايىتى شالاڭ ئىدى. ئەمما، ئۇ بوۋاي تېخىچىلا جايىدا ئولتۇراتتى.

ـ نەدىن كەلدىڭىز؟ ـ سورىدىم بوۋايىنىڭ ئالدىغا بېرىپ.

- سان كارلوستىن كەلدىم، ئۇنىڭ چىرايىغا دەررۇ كۈلكە يۈگۈردى. سان كارلوس ئۇنىڭ يۈرىكى ئىدى، يۇرتىنى تىلغا ئېلىپ كۆڭۈل خۇشلۇقىدا كۈلۈمسىرىگەنىدى.

- ئۇ يەردە مەن ئۆي ھايۋانلىرىنى باقاتتىم، - دېدى ئۇ چۈشەندۈرۈپ. ئۇنىڭ گېپىنى تازا چۈشەنمىگەن بولساممۇ، ھە، دەپ قويدۇم.

- شۇنداق، - دېدى ئۇ ئارقىدىن، - بىلىپ قېلىڭ، مەن. ئۇ يەردە ئۆي ھايۋانلىرىنى باقاتتىم. سان كارلوستىن ئەڭ ئاخىر ئايرىلغان كىشى بولىمەن. قارىماققا ئۆي ھايۋانلىرىنى باقىدىغاندەك كۆرۈنمەيتتى. توپا - چاڭ بېسىپ كەتكەن قارا چاپىنىغا،لاي چاچراپ كەتكەن چىرايىغا، پولات گەردىشلىك كۆزەينىكىگە قارىغىنىمچە:

- قانداق ئۆي ھايۋانلىرىنى دەيسىز؟ - دەپ سورىدىم.

- بىر نەچچە خىل، - ئۇ سۆزلىگەچ بېشىنى چايقاپ، - ئامال قانچە، ئۇلاردىن زادى ئايرىلغۇم يوق ئىدى. لەيلىمە كۆۋرۈك بىلەن ئافرىقىنىڭ تۈپرىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئېبرو دېلتىسىغا قارىغىنىمچە دۈشمەن يەنە قانچىلىك ۋاقىتتىن كېيىن بۇ يەرگە كېلەر دېگەنلەرنى كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزدۈم. كۈتۈلمىگەن بىرەر ۋەقە يۈز بېرىپ قالمىسۇن دەپ قۇلىقىمنى دىڭ تۇتۇپ تۇردۇم. بوۋاي تېخىچە شۇ يەردە ئولتۇراتتى.

- قانداق ئۆي ھايۋانلىرى ئىدى؟ - دەپ سورىدىم.

- ئىككى ئۆچكە، بىر مۈشۈك، تۆت جۈپ كەپتەر، - دېدى ئۇ چۈشەندۈرۈپ.

- ئۇلارنى تاشلاپ كەلدىڭىزمۇ؟

- قانداق قىلىمەن، ئۇرۇش ئوتى قاپلاپ كەتكەن تۇرسا، ئەترەت باشلىقى ماڭا، بۇيەردىن كەتكىن، دەپ خەۋەر قىلدى. ئۇرۇش ئوتى !...

- ئۆيىڭىز يوقمۇ؟ - دەپ سورىغاچ كۆۋرۈك ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتتۈم. ئاخىرقى بىر نەچچە ماشىنا دەريا قىرغىقىنى بويلاپ داۋاندىن ئۇچقاندەك چۈشۈپ كېتىپ باراتتى.

- ئۆيۈم يوق، - دەپ جاۋاب بەردى ئۇ. - پەقەت بايام دېگەن ئۆي ھايۋانلىرىملا بار، مۈشۈكۈمغۇ ھېچنېمە بولمايدۇ. جېنىنى جان ئېتەلەيدۇ، بىراق، ئۆچكە بىلەن كەپتەرلىرىم نېمە بولۇپ كېتەر، بىلمەيمەن.

- سىياسىي قارىشىڭىز قانداق؟

- مەندە نېمە سىياسىي قاراش بولسۇن دەيسىز، - دېدى ئۇ. - بۇ يىل يەتمىش ئالتە ياشقا كىردىم، باياتىن ئون ئىككى كىلومېتىر يول يۈرۈپ قويۇپ، مانا ئەمدى يېرىم قەدەم ئېلىشىمۇ تەسكە چۈشۈۋاتىدۇ.

- بۇ يەر دەم ئالىدىغانغا تازا ياخشى جاي ئەمەس، - دېدىم مەن. - ئازراق ماڭالىسىڭىز، تولىسا ئاچال ئېغىزىدىكى تاش يولغا چىقىسىز، ئۇ يەردە قارا ماشىنىلار بار.

- سەل تۇرۇپ ماڭاي، ئۇ قارا ماشىنىلار نەلەرگە بارىدىغاندۇ؟

- بارسېلونا تەرەپكە بارىدۇ، - دېدىم مەن.

- ئۇ تەرەپلەردە تونۇش - بىلىشلىرىم يوق، رەھمەت سىزگە، كۆپ رەھمەت. بوۋاينىڭ چىرايى ناھايىتى ياداڭغۇ ئىدى. خۇددى مەندىن تەسەللىي تەلەپ قىلغاندەك ماڭا بىر نەچچە قېتىم قاراپ قويدى. ئاندىن:

- مۈشۈكۈمغۇ ھېچنېمە بولمايدۇ، ئەمما، ئۆچكە بىلەن كەپتەرلىرىم قانداق قىلار؟ سىزچە ئۇلار نېمە بولۇپ كېتەر؟ - دېدى. - ھېم، ئۇلارغا خەۋپ يەتمەيدۇ.

- شۇنداق دەپ ئويلامسىز؟

- ئەلۋەتتە، - دېدىم مەن. ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقاچ يىراقتىكى دەريا ساھىلىغا كۆز يۈگۈرتتۈم. ماشىنىلارنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

- ئۇ يەرنى ئۇرۇش ئوتى قاپلاپ كەتكەچكە، نائىلاج ئايرىلدىم. ئۆي ھايۋانلىرىم نېمە بولۇپ كېتەر؟

- كەپتەرلەرنىڭ قەپىسىنى ئېچىۋەتمىگەنمىدىڭىز؟
- ئېچىۋەتكەن.
- ئۇنداق بولسا ئۇچۇپ چىقىپ كېتىدۇ.
- توغرا، ئۇچۇپ چىقىپ كېتەلەيدۇ. بىراق، باشقىلىرىچۇ؟ ئەڭ ياخشىسى ئۇلارنى ئويلىمايلا قوياي، - دېدى ئۇ.
- دېمەكچىڭىزنى ئېلىۋالغان بولسىڭىز، مەن بىللە باراي، - دېدىم مەن بوۋاينىڭ كۆڭلىنى ياساپ. - قېنى ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ مېڭىپ بېقىڭە!
- رەھمەت، - شۇنداق دېگەچ ئورنىدىن ناھايىتى قىيىنلىق تۇرۇپ، ماڭغا - ماڭغايلا تويغا يىقىلىپ چۈشتى.
- مەن ئۆي ھايۋانلىرىنى بېقىۋاتقان، - بۇ قېتىم ئاۋازى ناھايىتى زەئىپ چىقتى، - ئۆي ھايۋانلىرىنى بېقىۋاتقانىدىم.

مەن ئۇنىڭ ئالدىدا ئامالسىز قالغانىدىم. بۇ پاسخا بايرىمىدىن كېيىنكى بىر يەكشەنبە كۈنى ئىدى. فاشىست ئارمىيىسى ئېبرو زېمىنگە يېقىنلاپ كىرىۋاتاتتى، ھاۋانى قېلىن تۇمان قاپلاپ كەتكەچكە، ھېچنېمىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى، ھەتتا دۈشمەنلەرنىڭ ئايروپىلانلىرىمۇ ئۇچۇشقا ئامالسىز قالغانىدى. ئايروپىلان ئۇچالمىدى. ئەمدى مۈشۈك ئۆز جېنىنى جان ئېتەلەيدۇ. دېمەك، بوۋاينىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلگەنىدى.

## كىشىلەر ئويغانماقتا

ئەزىز نەسىن (تۈركىيە)

ئەلا ئۆمەر ياقى تەرجىمىسى

بۇ قېتىمقى تۈرمە ھاياتى ئۇنىڭغا تولىمۇ تەسكە توختىدى، بولۇپمۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن چەت ئۆلكىنىڭ بىر كىچىك ناھىيىسىگە سۈرگۈن قىلىنغان چاغدىكى كۈنلىرىنى ئەسلىسىلا، ئۇنى تىترەك باساتتى.

ئۇ سۈرگۈن مۇددىتى توشقاندىن كېيىن پايتەختكە قايتىپ كېلىپ، شەھەر كوچىسىغا يېڭىباشتىن قەدەم باسقىنىدا، ئاشۇ مىغ - مىغ ئادەملەر قايىنىمىدا ئۆزىنى تولىمۇ غېرىب ھېس قىلدى.

تۈرمىدىكى چاغدىلا خوتۇنى ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەنىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، بولۇپمۇ قورسىقىنى باققىدەكمۇ يولى قالمىغاندا، كىشىلەر ھەمىشە ئۆمىدسىزلىنىپ ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇۋالالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئەجەبا، جان بېقىش ئۈچۈن سىياسىي ھاياتتىن ۋاز كېچىپ، باشقا بىر چىقىش يولى تاپىماي بولمامدۇ؟

- ئۇ ئالدى بىلەن پاناھلانغۇدەك بىرەر جاي تېپىشى كېرەك ئىدى، يېقىندىن بۇيان شەھەردىكى ئۆيلەرنىڭ ئىجارە ھەققى ناھايىتى ئۆرلەپ كەتكەنىدى، شەھەر ئەتراپىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئىجارە ھەققىمۇ كىشىنى چۆچۈتەتتى... ئۇنىڭ مۇنداق ئۆيلەردە ئولتۇرۇشقا قۇربى يەتمەيتتى، ئىلگىرى تۇرغان كي ئىگىسىگە ئۆزىنىڭ شالاقشىپ كەتكەن خەت ئۇرۇش ماشىنكىسى بىلەن ئەسكى - تۈسكىلىرىنى بېرىپ قەرزىنى ئاران تۈگەتكەنىدى. ھەر قېتىم يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ بارغىنىدا، كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ئورىۋېلىپ، غەلىتە مەخلۇققا قارىغاندەك قاراپ كەتكەنلىرى ھېلىمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە، مۇنداق خورلۇقلاردىن ئۇ ئاللىبۇرۇن تويغانىدى، ئۇ شەھەردىن يىراقراق جايدىن ئىجارە ھەققى تۆۋەنرەك بىرەر ئېغىز ئۆي ئېلىپ ئولتۇرۇشنى ئويلايتتى.

خېلى كۈنلەر قاتراپ يۈرۈپ، ئۇ ئاسىرى كۆڭۈلدىكىدەك بىر جاينى تاپتى. ئۇ

يەردىن شەھەرگە پىيادە ئىككى سائەتتە بارغىلى بولاتتى، بۇ، بىر تۆپىلىككە جايلاشقان. ئۇنچە «مۇساپىرخانا» دىن تەركىب تاپقان كىچىككىنە كوچا ئىدى. بۇ يەردىكى مۇساپىرخانىلارنىڭ ئارىلىقى خېلى يىراق بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ كۆڭلىگە تازا ياقتى. ئۇ بۇ يەردىن بىر يېرىم ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئالدى. ئۆيدە ئۆزى ئېلىپ كەلگەن ئىككى خۇرجۇن كىتاب ۋە ئەسكى ـ تۈسكى نەرسىلەردىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. دېرىزىگە تارتقۇدەك پەردە بولمىغاچقا، كونا گېزىتلەرنى چاپلاپ قويدى. ھازىر ئۇ ھەر ھالدا باش تىققۇدەك ئۆي تېپىپ خاتىرجەم بولدى. ئەمدى گەپ بىرەر ئىش تېپىشتا قالغانىدى.

ئۇنىڭ ئۆيىگە يېقىن جايدا ئاددىيغىنا بىر ئېغىز ياغاچ ئۆي بولۇپ، ئۇ مىلچىمال دۇكىنى ئىدى. مىلچىمال دۇكىنىنىڭ سول تەرىپىگىرەك مايماق ـ سايماق بىر كۆكتات دۇكىنى جايلاشقانىدى. ئۇ بۇ ئىككى دۇكانغا كېلىپ كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سېتىۋالاتتى. ئوخشاش تەقدىر بۇ ئىككى خوجايىننى خېلى بۇرۇنلا يېقىن دوستلاردىن قىلىپ قويغانىدى، ئۇلار دائىم بارغانسېرى يامانلىشىپ كېتىۋاتقان قىسمەتتىن ۋە كۈنسېرى كېمىيىۋاتقان ئازغىنا كىرىمدىن ئاغرىنىشاتتى. ئۇلارنىڭ بازىرى كاسات ئىدى، كۈنىگە ئاران بەش ئالتە خېرىدار كېلەتتى. نېمە ئامال؟ ئۇلاردا ئاۋات جايلارغا بېرىپ دۇكان ئاچقۇدەك دەسمايە يوق ئىدى.

ئۇ بۇ يەرگە كېلىپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، مىلچىمال دۇكىنىنىڭ ئالدىغا تاۋاپنى ساتىدىغان بىرى كەلدى. بۇ ئادەم ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن كېلىپ، كەچ كىرگەندە كېتىپ قالاتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي تاۋا نېنى ساتىدىغان ئادەمنىڭ يېنىغا يەنە بىر كىكىممىقۇناق ساتىدىغان يايمىچى كېلىپ قوشۇلدى. ئاڭغىچە كۆكتات دۇكىنىنىڭ يېقىندا مەخسۇس پىچىنە ـ پىرەنىك ساتىدىغان يەنە بىر يايمىچىمۇ پەيدا بولدى.

- كۆپ ئۆتمەي يەنە بىر مايلامچى، كۋاس ساتقۇچى، ھەتتا ئەسكى سايىۋەن ئاستىدا مۆكچىيىپ ئولتۇرىدىغان يەنە بىر ياماقچىمۇ كەلدى. بۇ كىشىلەرنىڭ ئەتراپىدا بىر كوچا تازىلىغۇچى ئەتىگەندىن - كەچكىچە ياپىيېتەك بولۇپ تۇرەتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ «مۇساپىرخانا» سىنىڭ قارشىسىدىكى كىچىككىنە جايغا ئېلىپ ساتارلار تولۇپ كەتتى، بۇ يەردە بارا - بارا كىچىك بىر بازار شەكىللەندى.

مىلچىمال دۇكىنى بىلەن كۆكتات دۇكىنىنىڭ ئارىلىقىغا يەنە بىر قەھۋەخانا ئېچىلدى. ئىلگىرىكى بۇ خىلۋەت جاي ئەمدى ئاۋاتلىشىپ كەتتى.

ئەتراپتىكى بەزى «مۇساپىرخانا»لار ئۇزۇندىن بېرى بوش ئىدى، ھازىر ھەممىسى ئىجارىگە بېرىلىپ بولدى. كۆز ئالدىدىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئۆزگىرىشلەردىن ئۇ تولىمۇ خۇشال ئىدى. چۈنكى ئۇ جانلىق، خۇشال كەيپىياتنى ياقتۇراتتى، ھېلىمۇ ئىشسىز يۈرۈۋاتقانلىقىلا ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلاتتى. ئۇ ھەر قانچە يۈگۈرۈپىمۇ بىرەر ئىش تاپالمىدى. بەزىدە كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىش بېرىشكە ماقۇل بولغاندەك قىلىشاتتىيۇ، بىراق كەينى - كەينىدىن كەلگەن ساقچىلاردىن ئۇنىڭ سالاھىيىتىنى بىلىپ قېلىپ، گېپىدىن يېنىشىۋالاتتى.

ئۇنىڭ دوستلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش ئىشسىز بولغاچقا، تولىمۇ نامرات ئىدى، ئۇلاردىن قەرز ئېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىر دوستى ئۇنىڭغا، ئۆزىنىڭ شەھەردىكى بىر ئېغىزلىق ياتىقىغا كېلىپ بىللە تۇرسا ئۆيى ئىجارىسىنى تېجەپ قالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى، ئۇ ماقۇل بولدى. بىراق كۆچۈپ كېتىمەن دەپلا كۆچۈپ كەتكىلى بولمايتتى، چۈنكى ئۇ مىلچىمال دۇكىنى، كۆكتات دۇكىنى خوجايىنلىرىغا ۋە باشقا يايمىچىلارغا قەرزدار ئىدى. قەرزى كۆپ بولمىسىمۇ بەربىر تۆلىشى كېرەك - تە!

بىر كۈنى كەچتە، ئۇ ئۆيىدە نېمىنى سېتىپ قەرز تۆلەش ۋە قانداق كۆچۈش

ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ ئولتۇراتتى، تۈيۈقسىز ئىشىك چېكىلدى. ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ، ئىشىك ئالدىدا مىلچىمال دۇكىنى، كۆكتات دۇكىنى ۋە قەھۋەخانا خوجايىنلىرىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ، بىر خىل خىجالەت ئىچىدە ئۇلارنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى:

ـ مېنى ئەيىبكە بۇيرۇماڭلار، ئۆيۈمدە سىلەرنى كۈتۈۋالغۇدەك قەھۋە ياكى باشقا نەرسە يوق...

ـ ئاۋارە بولماڭ، قاراڭ سىزگە ئازراق نەرسە ئالغاچ كەلدۇق، مانا ماۋۇ قەھۋە، ماۋۇ شېكەر، قوبۇل قىلغايسىز، ـ دېدى مىلچىمال دۇكىنىنىڭ خوجايىنى قەغەز خالتىلارنى بىر ـ بىرلەپ شىرە ئۈستىگە قويۇۋېتىپ،

ئۇلار نېمىشقا سوۋغات ئېلىپ كېلىدۇ؟ ئۇلارنى قەرز سۈيلەپ كەلدىمىكىن دېسەم، سوۋغات ئېلىپ كەلگىنى نېمىسى؟ ئۇ بۇنىڭدىن تەئەججۈپلەندى.

ـ سىزنى كۆچۈپ كېتىدىكەن دەپ ئاڭلىدۇق، بۇراستمۇ؟ ـ دېدى كۆكتات دۇكىنىنىڭ خوجايىنى.

ـ ھەئە، كۆچۈپ كېتەي دەيمەن... ـ ئۇ شۇندىلا ئۇلارنىڭ كېلىش مۇددىئاسىنى چۈشەنگەندەك بولدى: ئەسلىدە ئۇلار ئۇنىڭ قەرزدىن تېنىۋېلىشىدىن قورقانىكەن ـ دە!

ـ مېنىڭ كۆچۈپ كەتمەكچى بولغانلىقىمنى قانداق بىلدىڭلار؟

ـ ئىشەنچىلىك خەۋەرلەردىن بىلدۇق... ـ دېدى قەھۋەخانا خوجايىنى پەس ئاۋاز بىلەن سىرلىق تەلەپپۇزدا،

ـ خاتىرجەم بولۇڭلار، قەرزىمنى تۆلىمگۈچە بۇ يەردىن كەتمەيمەن...

ـ ئاكا، بۇنداق دېسىڭىز بىزنى يات كۆرگەن بولىسىز، بىز سىزنى قەرز قايتۇر دېمىدۇققۇ؟ ـ دېدى قاھۋەخانا خوجايىنى.

- ۋاي - ۋۇي، سۇ بىر نەچچىلا تېيىنغۇ، بۇنىڭغا ئەمدى ... - دېدى مىلچىمال دۇكىنىڭ خوجايىنى.

- ئاللا ئالدىدا قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنچىلىك پۇلنى سىزدىن ھەرگىز سورىمايمەن، بەرگىنىڭىز بىلەنمۇ ئالمايمەن... - دېدى كۆكتات دۇكىنىنىڭ خوجايىنى ئۇلاپلا.

- نېمىشقا؟

- ئەپەندىم، بىز سىزنىڭ قىممىتىڭىزنى بىلىمىز، بىزگە كەلتۈرگەن پايدىڭىز ئاز ئەمەس...

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئۇ گېلىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك ھاياجاندىن خېلى ئۇزۇنغىچە گەپ قىلالمىدى.

- بەك جۇۋاپ كېتىپسىلەر، - دېدى ئۇ پىچىرلاپ. ئېھ، ئۇلار ئۇنى چۈشىنىدىكەن، خەلق ئۇنى قوللايدىكەن، ھېسداشلىق قىلىدىكەن، ئۇ نېمىشقىمۇ ئۈمىدسىزلەنسۇن؟ ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان ئۇلۇغۋار ئىشنى قانداقمۇ تاشلىۋېتەلىسۇن؟ بۇ كىشىلەرنى قانداقمۇ تاشلاپ كېتەلىسۇن؟

- كۆيۈپ كەتمىسىڭىز! - دېدى قەھۋەخانا خوجايىنى.

شۇنداق قىلىسىڭىز، - دەپ قوشۇمچە قىلدى كۆكتات دۇكىنىنىڭ خوجايىنى، بىز سىزنىڭ قېيىقلىشىڭىزنى ئىلتىماس قىلىپ كەلدۇق...

- ئامال يوق، ئاددىيسى ئۆي ئىجارىسىنىمۇ تۆلىيەلمىسەم.

- بۇنى بىلىمىز، - دېدى كۆكتات دۇكىنىنىڭ خوجايىنى، - مۇشۇ يەردە ئۇقەت قىلىۋاتقانلار مەسلىھەتلىشىپ، ھەر ئايدا پۇل چىقىرىپ ئۆي ئىجارىڭىزنى تۆلەشنى ئويلاشتۇق، پەقەت سىز كۆچۈپ كەتمىسىڭىزلا بولىدۇ.

- بولدى، ئۆي ئىجارىسىدىن غەم قىلماڭ... - دېدى مىلچىمال

دۈكىنىنىڭ خوجايىنى.

ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلدى. خۇشاللىقتىن ھۆكرەپ يىغلىۋېتىشكە تاسلا قالدى. ئۆزىنىڭ خەلق ئۈچۈن شۇنچە يىللار ئىشلەپ، كىشىلەرنىڭ ئېتىبارىغا تۈنجى قېتىم ئېرىشىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، كۆڭۈل خۇشلۇقىنى يوشۇرالمىدى.

- ياق، - دېدى ئۇ. - راستىنى ئېيتسام،

ياردىمىڭلارنى قوبۇل قىلالمايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە يالغۇز ئۆي ئىجارىسىلا ئەمەس، تېخى خىزمىتىممۇ يوق، بۇ يەردە كۈن ئېلىش تەسكە چۈشۈۋاتىدۇ، ياخشىسى، دوستۇمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تۇراي.

- ئالدىرىماي گېپىمىزنى ئاڭلاڭ، - دېدى قەھۋەخانا خوجايىنى، - بىز بۇنىمۇ ئويلاپ قويدۇق، بۇندىن كېيىنكى ھەر ئايلىق تۇرمۇش خىراجىتىڭىزمۇ بىزدىن بولىدۇ...

- بۇ يەردىن كەتمىسىڭىز... بىزنى تاشلىۋەتمىسىڭىز... - ئۈچەيلەن تەڭلا يېلىندى.

ئۇ ئىچ - ئىچىدىن ئۆرلەۋاتقان ھاياجىنىنى تەستە بېسىۋېلىپ، كۆڭلىدە: نېمىلا دېگەن بىلەن دۆلەت ئىلگىرىلەۋاتىدۇ، كىشىلەر ئويغىنىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدى. دېمەك، ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىكار كەتمەيتۇ. ئىلگىرىكى چاغلار بولىدىغان بولسا، بۇ ئادەملەر ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىغان بولاتتى.

- كۆپ رەھمەت! - دېدى ئۇ. - سىلەرنىڭ بۇ ئىشلار مېنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى، لېكىن سىلەرنىڭ ياردىمىڭلارنى قوبۇل قىلىشقا راستىنلا ئامالسىزمەن.

ئۇلار يەنە يېلىنىشقا باشلىدى.

- بۇ «مۇساپىرخانا»سىزگە زادىلا بولمىغۇدەك. بۇ يەرگە يېقىنلا يەردە ئىككى قەۋەتلىك بىر بىنا بار، ئىككىنچى قەۋىتىنى ئىجارىگە بېرىدۇ، جابدۇقلىرى تولۇق،

مۇنچىسىمۇ بار... ئەگەر خالىسىڭىز سىزگە شۇنى ئىجارىگە ئېلىپ بېرەيلى...

- بىزنىڭ بىردىنبىر تەلىپىمىز، سىز بۇ يەردىن كەتمىسىڭىز، - دېدى قەھۋەخانا خوجايىنى.

- ئەمىسە ماقۇل، لېكىن سىلەر نىمىشقا مېنىڭ بۇ يەردە قېپقېلىشىمنى شۇنچە ئارزۇ قىلىسىلەر؟ - دەپ سورىدى ئۇ قىزىقسىنىپ.

- ئەپەندىم، بۇنىڭ چۈشەنمىگۈدەك يېرى يوق، بىزنىڭ ئوقەتىمىز سىز بولغاچقىلا روناق تېپىۋاتىدۇ.

- مۇنداق دېگىلى تېخى ... لېكىن مېنىڭ سىلەردىن سېتىۋالىدىغان نەرسەم چاغلىقلىغۇ...

- ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن سىز بىزگە ئامەت ئېلىپ كەلدىڭىز... سىز كېلىشتىن بۇرۇن، كۈنىگە ئەڭ كۆپ بولغاندا ئۈچ تۆتلا خېرىدار كېلەتتى. سىز كەلگەندىن كېيىن بۇ يەر ئاجايىپ جانلىنىپ كەتتى، كۆرۈپ تۇرۇپسىز، بىر مۇنچە دۇكانلار ئېچىلدى...

- بەختىمىزگە سىز كەلدىڭىز... - دېدى مىلچىمال دۇكىنىنىڭ خوجايىنى.

- بىزگە ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، كەتسىڭىزلا بىز تۈگىشىپ كېتىمىز. ئاۋۋال مېنىڭ قەھۋەخانام تاقىلىدۇ...

- سىز كەتسىڭىزلا، سېتىقچىلارمۇ كېتىدۇ - دە، بۇ يەرنى زۇلمەت باسىدۇ. بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ قېرىسى قېرى، كىچىكى كىچىك، يەنە نامراتلىق پايىقىغا پېتىشىمىز تۇرغانلا گەپ... - دېدى كۆكتات دۇكىنىنىڭ خوجايىنى. ئۇلار ئۇنى تۇتۇپ قېلىش ئۈچۈن قايتا - قايتا يېلىندى، ھەتتا مائاش بېرىشكىمۇ ۋەدە قىلىشتى.

- ياخشى نىيەتلىرىڭلارغا رەھمەت. تۆھپەمنىڭ ئۇنچىۋالا چوڭ ئەمەسلىكىدىن خىجىلمەن. تېنىم ساغلام بولغاندىكىن ئوبدان ئىشلىسەم بولاتتى... سىلەرگە نېمە

ئىش قىلىپ بەرگىنىڭگە مېنى ئېيقالماقچى بولسىلەركىن. - تاڭ؟

- بىزگە يەنە نېمە قىلىپ بەرسىڭىز بولاتتى؟ - دېدى كۆكتات دۇكىنىنىڭ خوجايىنى،

- سىزنىڭ ھازىرقى ئىلتىپاتىڭىزمۇ بىزگە يېتىپ ئاشىدۇ. سىز بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، ئارقىڭىزدىنلا سىزنى پايلاش ئۈچۈن كوچا تازىلاش ئىشچىسى ۋە ياماقچى سۈپىتدە ياسالغان ساقچىلار كەلدى. ئارقىدىنلا ئۇلارنى نازارەت قىلىدىغانلار كەلدى. مانا شۇنداق قىلىپ بۇ يەر بىردىنلا ئاۋاتلىشىپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن بىز پايدا ئالدۇق.

- ئۇلار كېلىپلا سىزنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى تىڭتىڭلىدى... - دېدى مىلچىمال دۇكىنىنىڭ خوجايىنى.

- ئۇلار بىزدىن ئۇنى بۇنى سېتىۋېلىپ تۇردى... كېيىن كونا ماللارنى ساتىدىغان بىرى كەلدى: ئاندىن ياماقچى، تاتلىق - تۇرۇم، چىلىغان كۆكتات ۋە تاۋا نېنى ساتىدىغانلارمۇ كەلدى، - دېدى كۆكتات دۇكىنىنىڭ خوجايىنى.

- ئەپەندىم، سىزنىڭ سايىڭىزدا كىچىككىنە بىر قەھۋەخانا ئېچىپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتىمەن. ئۇلار دائىم قەھۋەخانامغا كېلىپ، شىشىغال، قارت ئويناپ قاراڭغۇ چۈشكەندە ئاندىن قايتىشىدۇ. كۈنگە ئۈچ - تۆت ئادەم كېلىپ بەرسىلا مەن شۇنىڭغا رازى.

ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇ ئاخىرى ئويغاندى:

- ئاشۇلارنىڭ ھەممىسى پۇقراچە كىيىنگەن ساقچىلارمۇ؟ - دېدى ئۇ ئازابلانغان ھالدا ئۇلارغا قاراپ.

- ئۇلارنىڭ بەزىسى ساقچى، بەزىسى ساقچى ئەمەس... ئەپەندىم، ئون ئادەم بىر يەرگە توپلاشسا، ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئەللىك ھەتتا يۈز ئادەم ئولىشىدۇ، لېكىن سىز كېتىدىغانلا بولسىڭىز، بۇ يەر دەرھال ئەسلى ھالتىگە قايتىدۇ. سىزنىڭ

كەينىڭىزدىن كەلگەن ساقچىلارمۇ سىزگە ئەگىشىپلا يوقىلىدۇ.

- ئۇ چاغدا بىزنى نەس باسىدۇ. - دېدى مىلچىمال دۇكىنىنىڭ خوجايىنى.

- بىز نامرات بىچارىلەرگە ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، - دېدى كۆكتات دۇكىنىنىڭ خوجايىنى،

- ئەپەندىم، - دېدى قەھۋەخانا خوجايىنى، - ھېچ بولمىغاندا، بىز ئازراق پۇل تېپىۋالغۇچە كەتمەي تۇرۇڭ...

ئۇ كۆڭلىدە، بۇ يەردىن كەتكەن تەقدىردىمۇ يەنە چوقۇم مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋالغا يولۇققۇدەكمەن، دەپ ئويلاپ،

- ماقۇل، مەن كەتمەي، ئەمما بۇ نەرسىلىرىڭلارنى ئېلىپ كېتىڭلار، - دېدى شىرە ئۈستىدىكى قەغەز خالتىلارنى مىلچىمال دۇكىنىنىڭ خوجايىنىغا بېرىپ.

- بۇ خۇش خەۋەرنى باشقا ئىشداشلارغا ئېيتسام بولامدۇ؟ - سورىدى كۆكتات دۇكىنىنىڭ خوجايىنى كېتىدىغان چاغدا،

- بولىدۇ، مەن كەتمەيمەن، ئەمما سىلەرنىڭ نەرسىلىرىڭلارنىمۇ ئالمايمەن.

- ئاللا سىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي... - دېدى قەھۋەخانا خوجايىنى.

## كىشلەر ئازابتىن قۇتۇلسۇن

ئەزىز نەسىن (تۈركىيە)

باۋۇدۇن ھەسەن تەرجىمىسى

- بۈگۈن بىز ئۆلۈۋېلىش ئۈچۈن ئۆزنى دېڭىزغا تاشلىغان بىر ئايالنى قۇتقۇزۇۋالدۇق، ئۇنى بۇ يەرگە ئېلىپمۇ كەلدۇق، - دېدى ساقچى.

- دوختۇرغا تەكشۈرتتىڭلارمۇ؟ - دېدى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى.

- تەكشۈرتتۇق، دوختۇر ئۇنى داۋالىمىساقمۇ بولىدۇ، دېدى ساقچى.
- باشلاپ كىرىڭلار!
ئۆستى - بېشى چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن. چاپىنىنىڭ پېشىدىن سۇ تامچىلاپ تۇرغان بىر ئايال كىرىپ كەلدى.
- ئىسمىڭىز نېمە؟
- بېدىيا...
- قانچىگە كىردىڭىز؟
- يىگىرمە توققۇزغا، - دېدى ئايال سەل ئويلىنىۋېلىپ.
- تۇرمۇش قۇرغانمۇ؟
- قۇرغان دېسەممۇ بولىدۇ...
- خانىم... تۇرمۇش قۇرغانمۇ - قۇرمىغانمۇ ياكى تۇل قالغانمىدىڭىز؟
- تۇرمۇش قۇرغان دەپ يېزىڭ...
- نېمىشقا ئۆلۈۋالماقچى بولدىڭىز
- ئۆلۈۋېلىشنىڭمۇ سەۋەبى بولامدىكەن؟ ئۆلگۈم كەلدى - دە، ئۆزۈمنى دېڭىزغا تاشلىدىم شۇ. بۇ ئىشتا ھېچكىمنىڭمۇ جاۋابكارلىقى يوق...
- نېمىشقا ئۆلۈۋالغىڭىز كەلدى؟
- ۋاي جانەي، ئۆلەمتىم، ياشامتىم، ئۆزۈمنىڭ ئىشغۇ؟ ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى تەجرىبىلىك ئادەم ئىدى. شۇڭا ئۇ بۇ ئايالنىڭ راستىنى ئېيتماۋاتقانلىقىنى بىلىۋالدى.
- ئېھتىمال، ئېرىڭىزگە بىرەر نەرسە ئېلىپ بەر دېگەنسىز... ئېرىڭىز ئېلىپ بەرمىگەن بولسا، دېڭىزغا ئۆزىڭىزنى ئاتقانسىز...
- نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسىز...
- بۇ ئىشتا ئۈچىنچى بىر كىشىنىڭ چېتىشلىقى بارمۇ - يە؟

ـ نېمە دېدىڭىز؟...

ـ مەسىلەن، بىر نامەلۇم كىشىنى دەيلى...

ـ يوق. ھە، ئەمدى بىلدىم. ئېرىڭىز سىزنى كۈن بويى ئۆيگە قاماپ قويغان، سىز «شۇمۇ كۈن بولدىمۇ» دەپ ئاچچىقىڭىزغا پايلىماي دېڭىزغا ئۆزىڭىزنى ئاتقان...

ـ مەن سىزگە ئۇنداق ئەمەس دەۋاتىمەن...

ـ ئېرىڭىزنىڭ باشقا بىر سۆيگىنى بارمۇ ـ يە؟

ـ ئۇ ـ ھوش، جىلى قىلىپ جېنىمنى ئالدىغان بولدىڭىزغۇ...

ـ ئەمسە، ئېرىڭىز قېچىپ كەتكەنمۇ؟

ـ ياق، ئۇ تېخى ياش...

ـ ئۇنىڭ تاپاۋىتى ئازمۇ؟ بىرەر يەردە تۆۋەن دەرىجىلىك خادىم بولۇپ ئىشلەۋاتقان بولسا كېرەك ـ ھە؟

ـ ياق، ئۇ سودىگەر.

ساقچى باشلىقىنىڭ ئاچچىقى تۇتتى:

ـ بىلىپ قويۇڭ،خانىم، مەن ساقچى باشلىقى بولغىلى يىگىرمە تۆت يىل بولدى. تۈرلۈك ـ تۈمەن ئۆلۈۋېلىش دېلىكلىرىنى كۆرگەنمەن، بۇنداق دېلولاردىن ئاز دېگەندە بەش يۈزنى ئۇچراتقاندىمەن... ئاياللارنىڭ ئۆلۈۋېلىش سەۋەبلىرى ئەرلىرىنىڭ كىنوغا ئاپارمىغانلىقى، ئۇيا ـ ئەڭلىكنى بەك قويۇق سۈرتمىگىن دېگەنلىكىدىن... باشقىچە بولمايدۇ. بىرەر جۈپ پايپاق ياكى بىرەر جۇۋا سەۋەب بولغانلىرىمۇ يوق ئەمەس...

ـ تۇترۇقسىز سۆزلەرگە ئەجەبمۇ زۇقىڭىز بار ئىكەن سىزنىڭ ... بەس، قارىسىغا ھۆكۈم قىلىۋەرمەسلىكىڭىز ئۈچۈن، توغرىسىنى ئېيتىپ بېرەي: ئېرىم ئاخشام ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە ئۇنىڭغا ماڭا بىر قۇر كۆك كىيىم ئېلىپ بېرىڭ، دېسەم، «ماقۇل،

قەدىرلىكىم» دېدى. «كىيىم ـ كېچەك ماگىزىنىغا ھازىرلا بارايلى» دېسەم «بولىدۇ، قەدىرلىكىم» دېدى. كىيىم ـ كېچەك ماگىزىنىدىن چىققاندا، ئېگىز پاشنىلىق توفلىدىن بىر جۈپ ئالغۇم كېلىۋىدى، ئېلىپ بەردى. «بۈگۈن كەچتە رېستۇرانغا بېرىپ تاماق يەيلى» دېسەم، «ماقۇل قەدىرلىكىم» دېدى. مېنىڭ كىنوغا بارغۇم كېلىۋىدى، ئاپاردى. كىنوخانىدىن چىققاندا: «ئىچىم پۇشۇپ كەتتى، پويىزغا ئولتۇرۇپ ئىستامبۇل بوغىزىغا بېرىپ شامالداپ كېلەيلى» دېۋىدىم «بولىدۇ، قەدىرلىكىم» دېدى. ئۇ ئەتىگەندە ئۆيدىن چىقماقچى بولۇپ تۇرغاندا: «بۈگۈن كاپىيىم چاغ ئەمەس، ئىشقا بارماڭ» دېۋىدىم، «ماقۇل، قەدىرلىكىم» دېدى. «ماڭا بىر ھالقا ئېلىپ بېرىڭ» دېۋىدىم. ئۈچ مىڭ لىرا پۇل خەجلەپ بىر جۈپ ھالقا ئېلىپ بەردى.«سەتكەن، باشقىغا ئالماشتۇرۇپ بېرىڭ» دېۋىدىم، يەنە ئىككى مىڭ لىرا قوشۇپ باشقىغا ئالماشتۇرۇپ بەردى. مەن نىمىلا دېسەم، ئۇ: «ماقۇل، قەدىرلىكىم» دەيدۇ. مەن نىمىنى تەلەپ قىلسام، «بولىدۇ، قەدىرلىكىم» دەيدۇ، شۇمۇ كۈن بولىدۇمۇ؟... مۇشۇنداقمۇ ياشاپ بولامدۇ كىشى؟ خۇددى داغ سۇدەك لەززەتسىز ھايات... مۇشۇنداقمۇ ياشىغان بارمۇ؟ شۇ ئەسنادا ئايالنىڭ ئېرى ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋېلىپ يېتىپ كەلدى.

ـ مۇشۇ ئەيتىم بىلەن يىكايىقا قانداقمۇ چۈشەي؟ ـ دېدى ئايال ئېرىگە.

ـ ماقۇل، قەدىرلىكىم، بىز ھازىرلا كىيىم ـ كېچەك ماگىزىنىغا بارايلى، ـ دېدى ئېرى.

ـ ئەپەندى، ئاڭلىغانسىز؟... ماۋۇ نىمىنى كۆزۈمدىن يوقاتساڭلارچۇ!

ـ توغرا ئېيتتىڭىز خانىم... ئايال ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئارخىپىغا ئىمزا قويدى. ئۇ ئېرى بىلەن بىللە ساقچى ئىدارىسىدىن كەتكەندىن كېيىن، ئىدارە باشلىقى ساقچىلارغا بۇيرۇق قىلدى:

ـ ئۇ ئايال قاچانكى يەنە ئۆلۈۋالماقچى بولۇپ قالسا، قويۇۋېتىڭلار،

قۇتۇلدۇرماڭلار... كىشلەر ئازابتىن قۇتۇلسۇن!

(«مەن قانداق ئۆلۈۋالماقچى بولدۇم» ناملىق كىتابتىن)

## قەغەز كۆلى

مىخاد ( تاجىكىستان)

شىرىن قۇربان تەرجىمىسى

قەيىنلىق كولخوزىنىڭ بىر گېكتار يەردىن ئوتتۇز مىڭ كىلوگرام ياڭيۇ ئالغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە پۈتۈن ئوبلاستنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالدى. ئېكسكۇرسىيىچىلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن بۇ يەرگە كېلىشكە باشلىدى. كولخوز رەئىسى بېگبايېۋ خىزمىتىنىڭ ئالدىراشلىقىنى بانا قىلىپ، كەلگەن مېھمانلاردىن قېچىپ ھەدېسىلا ئېتىزلىققا بېرىۋالاتتى. ئۇ سىرىنى باشقىلارغا ئېيتىشنى ئانچە خالىمايتتى. لېكىن پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ بىر دوكتورى بوش كەلمىدى. ئۇ بېگبايېۋنىڭ سايىسىدەك ئۇنىڭغا چاپلىشىۋالدى.

ـ مېنىڭچە، ـ دېدى دوكتور، ـ سىلەرنىڭ تەجرىبەڭلەرنى دەرھال كېڭەيتىش كېرەك، سىز ئەھۋالنىڭ تەپسىلاتىنى تولۇق سۆزلەپ بەرسىڭىز، بۇ يەردە دوكتورلۇق دېسسېرتاتسىيىگە لايىق ماتېرىيال باردەك قىلىدۇ.

ـ گەپ بىر، قۇلاق ئىككى، مەن سىزگە ئېيتتىمغۇ، ـ دېدى كولخوز رەئىسى بېگبايېۋ ئۇھ تارتىپ، ـ خىزمىتىمىزدە يەنگە لايىق كېلىدىغان ھېچقانداق نەرسە يەنگە لايىق كېلىدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق، سىز مېھمانخانىغا بېرىپ ئارام ئالسىڭىز قانداق؟

ـ نېمىلەرنى دەۋاتىسىز؟ مەن بۇ يەرگە دەم ئالغىلى كەلمىگەنغۇ!

- سىزگە يەنە بىر قېتىم ئېيتاي، بىزنىڭ بۇ يەردە سىزگە لازىملىق ھېچقانداق نەرسە يوق.

- قىسقىسى، سىز ئۆز تەجرىبىڭىزنى باشقىلارغا ئېيتىپ بېرىشنى ئالىمايدىكەنسىز - دە!

بېگبايۇۋنىڭ ئەمدى تاقىتى قالمىدى:

- بولدۇ، ئۇنداقتا سىز يېقىنراق ئولتۇرۇڭ. مەن سىزگە سۆزلەپ بېرەي. پەقەت بىرلا شەرتىم بار، ئاڭلايسىز، خاتىرە قالدۇرمايسىز.

بىز ھەر كۈنى دېگۈدەك يۇقىرىدىن ھەر خىل يوليورۇقلارنى تاپشۇرۇپ ئالىمىز. ئۇ رىش، قانداق يەرگە تېرىش ياكىئۇنىڭ پۇستى بەك قېلىن بولۇپ كەتسە نېمىلەرنى قىلىش، كىچىك سورتلاردىن قانداق قىلىپ چوڭ سورتلارنى يېتىلدۈرۈش توغرىسىدا تەپسىلاتلار چۈشەندۈرۈلگەن ھۆججەتلەرنى ئوقۇش ۋە بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈنلا ئۈچ خادىممۇ يېتىشمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلار يەنە ئىككى ياردەمچى بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئويلاپ بېقىڭ، ھۆججەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقىلا بەش خىزمەتچى كېتىدۇ.

قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ توغرۇلۇق بىز ئۇزۇنغىچە باش قاتۇرغان بولساقمۇ، لېكىن بىرەر ئامال تاپالمىدۇق. ئاخىردا بۇ مەسىلىنى جامائەت بىلەن مەسلىھەتلىشىش قارارىغا كەلدۇق.

«ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىن كۆيدۈرۈش كېرەك» دېدى جامائەت ئىچىدىن بىرەيلەن مەسلىھەت بېرىپ.

ئالاھىدە قىزىقارلىقى شۇكى، ئاگرانوم ھېكمەتوۋ تېخىمۇ ئاقىلانە پىكىر بەردى:

«بۇ ھۆججەتلەرنى كۆيدۈرگەندە، ناھايىتى كۆپ قەغەز كۈلى چىقىدۇ. قەغەز كۈلى بىر خىل ئەلا سۈپەتلىك ئوغۇت. ئەگەر بىز قەغەز كۈلىنى ياكىئۇلۇققا چاچىدىغان

بولساق. چاتاق يوق، مول ھوسۇلغا ئېرىشىمىز. تېخىمۇ قىممەتلىك يېرى شۇكى، قەغەز كۆلى ياغىيۇدىكى قۇرتلارنى يوقىتىدۇ. ئويلاپ بېقىڭلار، ياغىيۇدىكى قۇرتلارنى يوقىتىش ئۈچۈن، بىز ھەر خىل چارىلەرنى قىلىپ باقتۇق، ھېچقايسى ئۈنۈم بەرمىدى.» دېدى ئۇ.

بۇ ئىشتىن كېيىن، بىز بارلىق ھۆججەتلەرنى كۆيدۈرۈپ، كۆلنى ياغىيۇلۇققا چاچتۇق. بۇ ئىش ياغىيۇ مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشىمىزغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتتى. مانا بۇ سىز بىلمەكچى بولغان تەپسىلىي ئەھۋال.

ئالىم ھەيرانلىقتىن ئورۇندۇقتىن يىقىلىپ چۈشۈشكە تاس قالدى. كولخوز رەئىسى بولسا ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىن كېلىپ قۇلىقىغا:

- ئەگەر ئاڭلاشنى خالىسىڭىز، مەن يەنە بىر سىرنىمۇ ئېيتىپ بېرىمەن، - دېدى.

- قېنى سۆزلەڭ، - دېدى ئالىم بىتاقەت بولۇپ.

- يېقىنقى يىگىرمە يىلدىن بۇيان ياغىيۇچىلىق توغرىسىدا نەشر قىلىنغان كىتابچىلار بىر قانچە شكاپقا تولغانىدى. بىز ئۇ كىتابلاردىنمۇ ئاز بولمىغان قەغەز كۆلگە ئېرىشتۇق. نەتىجىدە ياغىيۇ قۇرتلىرى تولۇق يوقىتىلدى.

## قاراقچىلارنىڭ باش قېتىمچىلىقى

شىنچى خوشى (ياپونىيە)

مۇساجان ئەزىزى تەرجىمىسى

قاراڭغۇ جەمئىيەتتىكى قاراقچىلار بىر يەرگە جەم بولۇپ، كېيىنكى قەدەمدىكى ئوغرىلىق پىلانى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىۋاتاتتى.

- جەمئىيەتنى زىلزىلىگە كەلتۈرگۈدەك، لېكىن ھېچكىم تۈنىيالمىغۇدەك كاتتا سودىدىن بىرنى قىلسا، تازا بىر يۇخادىن چىققۇم بار ئىدى. - دېدى قارا نىيەتلەردىن بىرى شىلتىڭ ئېتىپ. لېكىن ھېچكىم ئويلىمىغانىدى، مۇشۇ گۇرۇھنىڭ كاتتىبېشى ئۇنىڭ كەينىگە ئۇلاپلا ئۇنىڭ پىكىرىنى تولۇقلىدى: - توغرا ئېيتتىڭ! ئۇزۇن بولدى، مەنمۇ شۇنداقراق چوڭ سوقۇپ كەلگەن. ھازىر شۇ ئويۇم خېلى پىشىپ قالدى. ھەممىڭلار تەييارلىق قىلىپ قويۇڭلار، ئىشقا چۈشۈپ كېتىمىز. بۇ گەپ قاراقچىلارنى خېلىلا ھەيران قالدۇردى. - زادى قانداق قىلىمىز؟ - بەس - بەس بىلەن سوراشتى ئۇلار. بىزنىڭ بۇ كەسپىمىزدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى كېچىسى ھەرىكەت قىلىشنى مۇۋاپىق كۆرىدۇ. لېكىن كېچىسى ھەممە ياق تىپتىنچ بولغاچقا، ئىشنى باشلىغاندا بىرەرسىنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن ساقلىنىش تەس. بۇ دورام مەن بۇنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلماقچى. كىشىلەر خىيالىغا كەلتۈرمىگەن بىر چاغدا قول سالىمىز... - بارىكاللا، سىز راستىن بىزگە باش بولۇشقا مۇناسىپ ئادەم - دە، تاپقان ئەقلىڭىز ھەمىشە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ. بىراق، قانداق قول سالىمىز؟ - كۆپكۈندۈزدە بانكىغا قوراللىق باستۇرۇپ كىرىمىز. باشلىقنىڭ جۆيلۈگەندەك قىلغان گەپلىرى ئاتارمەن - چاپارمەنلەرنىڭ ئۈمىدىنى بىراقلا يوققا چىقاردى. - چاقچاق قىلماڭ. ياشلىق! ھەرگىز ئۇنداق قىلغىلى بولمايدىغان. ناۋادا سىز دېگەندەك قىلساق. بانكىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرە - كىرمەيلا قولغا چۈشۈپ، ئۆزىمىزنى تۈرمىدە كۆرىمىز. - ئەخمەقلەر! ھەممىڭلارنىڭ كاللىسىنىڭ بىر ۋېنتىسى كام. بولدى، قۇلاق سېلىڭلار، مەن تەپسىلىي سۆزلەپ بېرەي... بىز ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا تېلېۋىزىيە تىياتىرى سېنارىيىسىدىن بىرنى يېزىپ. بانكا ئەتراپىدىكى قاتناش ساقچىلىرىغا بېرىپ قويىمىز، ئاندىن ھەممىمىز تېلېۋىزىيە تىياتىرنى لېنتىغا ئېلىش گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەتچىلىرى قىياپىتىدە، بانكىغا ھۇجۇم قىلىش كۆرۈنۈشىنى لېنتىغا ئېلىش

باھانىسى بىلەن بانكىغا بارىمىز. بۇنداقتا بانكا تەرەپ تەييارلىقسىز بولغاچقا، چوقۇم تەمتىرەپ قالىدۇ. مانا شۇ چاغدا ھەممىڭلار پۇل بۇلاشقا كىرىشسىلەر، ئامالىنىڭ يوقىدا ئوق چىقىرىشقا توغرا كەلگەندىمۇ، ساقچىلار تىياتىر ۋەقەلىكىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ئالاھىدە ئوتۇنلاشتۇرۇلغان تەقلىدىي ئاۋاز ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ پەرۋا قىلمايدۇ. ئىش پۈتكەندە ھەممىمىز مېنىڭ بۇيرۇقۇم بويىچە تەڭلا چېكىنىمىز... قاراقچىلار كاتتىبېشى سۆزىنى تۈگەتمەي تۇرۇپلا ئاتارمەن - چاپارمەنلەر غۇلغۇلىغا چۈشۈپ، قايىللىقىدىن بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى توققۇز تازىمغا چۈشۈپ كېتىشتى. بەللى، بەللى! قىل سىغمايدىغىنا ئەپچىل چارىكەن! - تازا بىر پۇخادىن چىقىدىغان بولدۇق. بۇرادەرلەر، چاققانراق ئىشقا كىرىشەيلى! قاراقچىلار كىچىك ئاپتوبۇستىن بىرنى تېپىپ، ئۇنىڭغا تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى لېنتىغا ئېلىش گۇرۇپپىسى دەپ يېزىپ قويدى، ئاندىن ئۇزۇن ئۆتمەي سۈرەتكە ئېلىش ئاپپاراتىدىن بىرنى تېپىپ كېلىشتى، لېنتا ھازىرلاشنىڭ ئەلۋەتتە ھاجىتى يوق ئىدى. سېنارىيە بېلىپ بۇلۇشغا ئاتارمەن - چاپارمەنلەر پۈتۈن زېھنى بىلەن گىرىم قىلىشتى. بەزىلىرى ئاممىۋى تەرتىپنى ساقلىغۇچى خىزمەتچى خادىم سىياقىدا ياساندى. ھەممە تەييارلىق پۈتۈپ، كاتتىباش بۇيرۇق بېرىشكە، ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن قۇراشتۇرۇلغان يىلان ئىشقا ئاشۇرۇلۇشقا باشلىدى. قاراقچىلار ماشىنىنى بانكىنىڭ ئىشكى ئالدىغان ئەكىلىپ توختىتىپ، تاپانچىلىرنى تۇتقىنچە ماشىنىدىن چۈشۈشكە، شۇ ئەترايتا ۋەزىيە ئۆتەۋاتقان قاتناش ساقچىلىرى دەرھال يېتىپ كېلىپ ئۇنى - بۇنى سوراشقا باشلىدى. قاراقچىلاردىن بىرى شۇئان تېلېۋىزىيە تىياتىرى سېنارىيىسىدىن بىر نەچچىنى ساقچىلارغا تۇتقۇزۇپ قويدى. بارىكاللا، ساقچىلار تولا جوراتمايلا ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى چۈشىنىپ ئۇنى - بۇنى سوراشنى توختاتتى. ھەممە ئىش جايىدا! ئىشنىڭ بېشىدىنلا مۇنداق ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى ئويلاپ بېقمىغان قاراقچىلار بىردىنلا

روھلىنىپ، ئارقىمۇ ئارقا بانكىغا باستۇرۇپ كىرىپ قاتتىق ۋارقىرىدى: ـ بانكىدىكى جانابلار. بىز ھەقىقىي قاراقچىلار، پۇلنى دەرھال تاپشۇرۇڭلار، كىمكى قارشىلىق قىلىدىكەن، ھازىرلا جېنىنى ئالىمىز! لېكىن ئويلىمىغان يەردىن كۈتۈلمىگەن ۋەقە يۈز بېرىپ، پىلان قالايمىقانلىشىپ كەتتى. بىر ئىشىك جېسەكچىسى كۈتمىگەندە خۇش تەبەسسۇم بىلەن ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، بۇ يەردىكى جىددىي كەيپىياتنى بۇزۇپ تاشلىدى. ـ ئەپەندىلەر، سىلەرگە ياردەم بەرسەم مەيلىمۇ؟ سىلەرنىڭ تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئىشلىگىلى كېلىشكىڭلاردىن راست خەۋەرسىز قاپتىمەن. بىزنىڭ باشلىقلارمۇ تازا قىزىق ئىش قىپتۇ. مۇشۇنداق بىر ئىشنى ئالدىن ئۇقتۇرۇپ قويمىغىنىنى، بولمىسا تەييارلىق قىلىپ تۇرماسمىدۇق، تەشۋىقات ئىشى شۇنداق مۇھىم ئىش تۇرسا، ئۇلارنىڭ... يەنە بىر ياش خېرىدارمۇ قىستىلىپ يۈرۈپ ئالدىغا ئۆتۈپ: ـ مەن يازغۇچى، ـ دېدى قىزغىنلىق بىلەن، ـ سىلەرنىڭ ھازىرقى دىئالوگىڭلار ئانچە مۇۋاپىق بولماي قاپتۇ. «بانكىدىكى جانابلار» دېگەن سۆز سايلام مۇسابىقىسىدە ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرگە ئوخشاپ قاپتۇ، ئاندىن «بىز ھەقىقىي قاراقچىلار» دېگەن سۆز بەكمۇ؛ ئاشكارە بولۇپ كېتىپتۇ. مۇنداقتا تاماشىبىنلار باشتىلا ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلىۋالىدۇ. سېنارىينى كىم يازغان؟ كېيىن يەنە تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئىشلىسەڭلار مەن ياردەم بېرەي. يازغۇچى يانچۇقىدىن تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنىڭ ماۋزۇلىرىنى چىقىرىپ، ئاغزى بېسىقماي سۆزلەپلا كەتتى. قاراقچىلار مىڭ مۇشەققەتتە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىشگە. شۇ يەردە ئىشلەۋتقان بىر قىز ئالمان ـ تالمان ئورنىدىن تۇرۇپ گەپ باشلاپ قالدى: ـ بۇ تىياتىرنى قاچان قويۇسىلەر؟ خاتىرە ئۈچۈن ئىمزا قويۇپ بېرىڭلار. مېنىمۇ تارتىپ قويالامسىلەرمۇ؟ توختاپ تۇرۇڭلار، ئۆزۈمنى تۈزەشتۈرۈۋالاي... بانكىدىكى خىزمەتچى ھەممىسى ئاياللارنىڭ ئورۇنلىرىدىن

تۇرۇشۇپ، مۇشۇ ياقىقا قاراپ ئاقتى: ـ ھەي، ھەي، بىزنىمۇ تارتىپ قويۇڭلار، بىز ھەممىمىز كىنو مەستانىلىرى، چىدالماي قالدى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى: ـ بەس، يېتەر! بىز ئويۇن قويۇۋاتقىنىمىز يوق، بۇرادەرلەر، راست ئىش قىلىۋاتىمىز! ـ ئارقىدىن ئۇ تاپانچىنىڭ تەپكىسىنى بېسىۋەتتى. ئوق ۋىژىلداپ بېرىپ تورۇشقا تېگىپ، يورۇتۇش لامپىسىنى چېقىۋەتتى. لېكىن بۇ ھەرىكەتمۇ ھېچقانداق ئۈنۈم بەرمىدى، بىر ئوغۇل بالا: ـ ئوھۇ، قالتىسقۇ! راستەكلا چىقتى، ـ دېدى قىستىلىپ ئالدىغا ئۆتۈپ. ـ تورۇستىكى لامپۇچكىغا ئالدىنئالا دورا قاچىلاپ قويۇپ، ئاندىن پارتلاتقان بولسا كېرەك. ئەھۋالنى ئۇقمايدىغان ئادەم بولغان بولسا، راست ئوخشايدۇ دەپ چۆچۈپ كېتەر ئىدى. ـ دېدى يەنە بىر ئادەم ئۈنىنىڭ كېيىنگە ئۆلاپ. شۇ ئارىلىقتا بانكىنىڭ باشلىقى پەيدا بولۇپ قالدى. ـ ھە، ئەپەندىلەر، ئوقنى دېرىزە ئەينىكىگە قارىتىپ ئاتىدىغان كۆرۈنۈشتىن بىرنى قېتىۋەتسەڭلار بولماسمۇ؟ ئەينەكلىرىمىز ئوق ئۆتمەيدىغان ئالاھىدە ئەينەك ئىدى. بىزنى يان تەرەپتىن بولسىمۇ تەشۋىق قىلىشىپ بەرگەن بولساڭلار، بانكىمىزنىڭ خېرىدارلار ئارىسىدىكى ئىناۋىتى ئاشاتتى، ـ دېدى بانكا باشلىقى ئىچىگە پۇل سېلىنغان كانۋېرتنى سۇنۇپ. ـ ئەپەندىلەر. قاراقچىلارنىڭ تەھدىتىگە تىز پۈكمەي، ئوق تېگىپ ئۆلىدىغان باتۇرلارنىڭ رولىنى بىزگە بەرسەڭلار، ئىلتىپات قىلغايسىلەر، ـ دېيىشتى ئەر خىزمەتچىلەرمۇ كېلىپ ئىلتىماس قىلىپ. قاراقچىلار ئىلاجسىز قېلىپ، ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. لېكىن ئەمدى ئۇلارنىڭ گېپىنىڭ راستلىقىغا ھېچكىم ئىشەنمىدى. ھەتتا ھەممىدىن بۇرۇن كېلىپ تەرتىپ ساقلىشىپ بەرگەن قاتناش ساقچىلىرىمۇ: ـ قاراقچىلارنى تۇتىدىغان ساقچىلارنىڭ رولىنى بىز ئالايلى. مۇشۇنداق قىلساق تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ ۋەقەلىكى چىنلىقتا تېخىمۇ يېقىن، تېخىمۇ تەسىرلىك چىقىشى مۇمكىن. ئەپەندىم، ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز،

يۇرتىمىزدىكى ئاتا - ئانىمىز تېلېۋىزور ئېكرانىدىن بىزنى كۆرسە، تازا خۇش بولار ئىدى، - دەپ يالۋۇرغىلى تۇردى. ئىش شۇ دەرىجىگە يېتىپ يىغىشتۇرۇش ھەقىقەتەن قىيىنلاشقاندا، قاراقچىلارنىڭ كاتتىبېشى ئوتتۇرىغا چىقىپ ۋارقىرىدى: - ھەممىڭلار قۇلاق سېلىڭلار، بۈگۈن لېنتىغا ئېلىشنى توختىتىمىز. سېنارىيىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، باشقا بىر كۈنى قايتىدىن لېنتىغا ئالىمىز! چارىسىز قالغان قاراقچىلار نائىلاج بانكىدىن چىقىپ كېتىشتى ۋە تازا غۇدۇراشتى: - بۇ ئىشنىڭ مۇنداق ئاياغلىشىشىنى ھەرگىز ئويلىمايتتىمىز. بۈگۈنكى جەمئىيەتتىن چوقۇم چاتاق چىققۇدەك. يولسىز ئادەملەرنىڭ شۇنچىۋالا كۆپىيىپ كەتكىنىنى دېمەمدىغان!

## فرانسىس ماكومبىنىڭ قىسقىغىنا كۆڭۈللۈك تۇرمۇشى

(ھېكايە)

ئېرنىست ھېمىڭۋاي (ئامېرىكا)

ئەسئەت ئەمەت تەرجىمىسى

چۈشلۈك تاماق ۋاقتى ئىدى. ئۇلار تاماق ھىدىرىدىكى قوش قەۋەتلىك يېشىل كاناپىنىڭ ئاستىدا ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئولتۇرۇشتى.

- ئاپېلسىن سۈيى ئىچەمسەن ياكى گازلىق لىمون سۈيىمۇ؟ - سورىدى ماكومبى.

- ئاپېلسىن سۈيى قوشۇلغان گىملىت ھارىقى ئىچەي، - دېدى روبېرت ۋىلسون.

- مەنمۇ بىرئاز ئىچەي، ماڭىمۇ ئاپېلسىن سۈيى قوشۇلغان گىملىت ھارىقىدىن بولسۇن، - دېدى ماكومبىنىڭ خوتۇنى.

- تازا مۇۋاپىق بولدى، - دېدى ماكومبى قوشۇلۇپ، - ئۇنىڭغا دېگىن، ئۈچ رومكا

ئايلىسىن سۈيى قوشۇلغان گىلىت ھارىقى كەلتۈرسۇن. كۆتكۈچىلىك قىلىدىغان چاكار سوغۇق ساقلايدىغان كاناپ خالتىدىن ھاراق ئېلىپ تەكشەشكە كىرىشتى. شامال چېدىر تىكىلگەن دەرەخلىقتىكى خالتىنى ئىغاڭلىتاتتى، بوتۇلكىلاردىن سۇ تامچىلايتتى.

- ئۇلارغا نەچچە پۇل بېرەي؟ - سورىدى ماكومبى.

- بىر فونتستېرلىڭ يېتەرلىك، ئۇلارنى يامان ئۆگىتىپ قويما. - دېدى ۋىلسون.

- خوجايىنى ئۇلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرەمدۇ؟

- ئەلۋەتتە.

يېرىم سائەت بۇرۇن ئاشپەزلەر، چاكارلار، ياۋايى ھايۋان تېرىسىنى سويغۇچىلار ۋە ھامماللار ماكومبىنى لاگېرنىڭ چەت ياقىسىدىن چېدىرغا كۆتۈرۈشۈپ كەلگەن. قورال كۆتۈرگۈچىلەر بۇ سەپكە قاتناشمىغان، يەرلىك چاكارلار ئۇنى چېدىرنىڭ ئالدىدا يەرگە چۈشۈرگەن، ئۇ ئۇلار بىلەن بىرمۇ بىر قول ئېلىشىپ، ئۇلارنىڭ تەبرىكىنى قوبۇل قىلغان، ئاندىن كەيىگە كىرىپ كارىۋىتىدا تاكى خوتۇنى كىرگىچە ئولتۇرغان. خوتۇنى كىرىپ ئۇنىڭغا گەپ-سۆز قىلمىغان؛ ئۇ سىرتقا چىقىپ يۈز-كۆزىنى يۇغان، ئاندىن تاماق چېدىرىغا كىرىپ دەرەخ سايىسىدىكى كاناپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانىدى.

- قالتىس بىر شىر ئوۋلىدىڭ-دە، - دېدى روبېرت ۋىلسون.

ماكومبى خانىم ۋىلسونغا لاپپىدە قاراپ قويدى. ئۇ ناھايىتى چىرايلىق، ئۆزىنى ئوبدان كۈتكەن بىر ساھىبجامال ئىدى. بەش يىل ئىلگىرى چىرايى ۋە ئىجتىمائىي ئورنىغا تايىنىپ، ئۆزى ئەزەلدىن ئىشلىتىپ باقمىغان بىر گىرىم بويۇمىنىڭ ئېلان سۈرىتىگە چىقىپ بەش مىڭ دوللار ئېلان ھەققىگە ئېرىشكەن. فىرانسىس ماكومبىغا ياتلىق بولغىنىغا ئون بىر يىل بولغانىدى.

- ئۇ بىر ئوبدان شىر، توغرىمۇ؟ - دېدى ماكومبېر. شۇ پەيتتە خوتۇنى ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ بۇ ئىككى ئەرنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغاندەك قارايتتى.

ۋىلسون ئاقتەنلىك ئوۋچى ئىدى ① ئۇلار ئىلگىرى تونۇشمايتتى. ئۇ ئوتتۇرا بوي، چېچى قىزغۇچ سېرىق، ساقال بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەن، يۈزى قىزىل ئىدى، كۆك كۆزى تولىمۇ سوغۇق كۆرۈنەتتى. كۈلگەندە كۆز قۇيرۇقىدىكى ئىنچىكە قورۇقلار غەلىتىلا چوڭقۇرلىشاتتى. شۇ تاپتا ئۇ ماكومبېر خانىمغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. ماكومبېر خانىمنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭ يۈزىدىن كەڭ كالتە چاپىنى يېپىپ تۇرغان يانپاش مۈرىسىگە يۆتكەلدى. چاپاننىڭ سول مەيدە يانچۇقىنىڭ ئورنىغا بىر تال تاسما تىكىلگەن، تاسما ئارىسىغا تۆت تال چوڭ ئوق قىستۇرۇلغانىدى. ئۇ يەنە ئۇنىڭ قارىداپ كەتكەن قوللىرىغا، كونا شىمىغا، پاسكىنا ئايىقىغا، ئاندىن يەنە قىزىل يۈزىگە قارىدى. ئۇنىڭ كۈن كۆرۈپ قىزىرىپ كەتكەن يۈزىدىكى ئاق چەمبىرەك ئىزىغا دىققەت قىلدى. بۇ ئۇنىڭ ستانسون قالپىقىدىن قالغان ئىز ئىدى، بۇ قالپاق كەپىنىڭ تۈۋرۈكىدىكى ياغاچ مىخقا ئېسىقلىق ئىدى.

- قېنى، شىر ئوۋلىغىنىمىز ئۈچۈن كۆتۈرەيلى، - دېدى روبېرت ۋىلسون. ئۇ ماكومبېر خانىمغا قاراپ كۈلۈپ قويدى. ئەمما خانىمنىڭ ئازراقمۇ كۈلگىسى يوق، ئېرىگە غەلىتە قاراپ تۇراتتى.

فرانسىس ماكومبېرنىڭ بويى ناھايىتى ئېگىز، ئۇستىخاننىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقىنى ھېسابلاپ ئولتۇرمىغىنىمىزدا ئۇ قامەتلىك، تېرىسى ساغلام، چېچى كېمىچىلەرنىڭكىدەك قىسقا، كالپۇكى ناھايىتى نېپىز، كېلىشكەن ئادەم ئىدى. ئۇمۇ ۋىلسوننىڭكىدەك ئوۋچىلار كىيىمى كىيگەن، ئەمما ئۇنىڭ يېڭى؛ ئۇ ئوتتۇز بەش ياشقا كىرگەن، ناھايىتى ساغلام، مەيداندا ئوينىلىدىغان توپ تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىگە ماھىر، نۇرغۇن چوڭ بېلىقلارنى تۇتقان، ئەمما بايا كىشىلەر ئالدىدا

ئۆزىنىڭ بىر توخۇ يۈرەك ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويغانىدى.

- شىر ئۆۋلىغىنىمىز ئۈچۈن كۆتۈرەيلى، - دېدى ئۇ. - بايا قىلىپ بەرگەن ئىشىڭ ئۈچۈن ساڭا مەڭگۈ رەھمەت ئېيتسام ئەرزىيدۇ.

- ئۇ شىر توغرىسىدا سۆزلەشمەيلى، - دېدى ئۇ.

ۋىلسون ماركارتقا سەپ سالدى، ئۇنىڭ ئازراقمۇ كۈلگىسى يوق ئىدى، ئەكسىچە ماركارت ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

- بۈگۈن غەلىتە بىر كۈنمۇ قانداق، - دېدى ماركارت. - چۈشتە كاناپ چېدىردا تۇرغاندىمۇ قالپاق كىيىۋېلىشىڭىز كېرەك ئىدىغۇ؟ سىز ماڭا شۇنداق دېگەن.

- كىيىۋالساممۇ بولىدۇ.

- بىلىسىز، سىزنىڭ قىپقىزىل يۈزىڭىز بار. ۋىلسون ئەپەندى، - دېدى ماركارت يەنە كۈلۈمسىرەپ.

- بۇ ھاراقنىڭ تەسىرى، - دېدى ۋىلسون.

- فىرانسىس شۇنداق كۆپ ئىچىدۇ، لېكىن يۈزى ھېچقاچان قىزىرىپ باقمىغان، - دېدى ئۇ.

- بۈگۈن قىزاردى، - دېدى ماكومبې قىزىقچىلىق قىلىشقا تىرىشىپ.

- ياق، - دېدى ماركارت، - بۈگۈن مېنىڭكى قىزاردى. بىراق ۋىلسون ئەپەندىنىڭ ئەزەلدىن قىزىل.

- بۇ قانداشلىقىقا مۇناسىۋەتلىك، - دېدى ۋىلسون، - ھەي، مېنىڭ چىرايلىق يۈزۈمنى پاراڭ تېمىسى قىلىۋالمىسىڭىز قانداق.

- بۇ گەپنى تېخى ئەمدىلا قىلىۋاتىمەنغۇ.

- بۇ توغرۇلۇق سۆزلەشمەيلى، - دېدى ۋىلسون.

- پاراڭلىشىشمۇ شۇنچە تەسلىشىپ كەتتى، - دېدى ماركارت.

- ئەخمەقلىق قىلمىسىڭىزچۇ، ماگى - ① دېدى ئۇنىڭ ئېرى.

- ھېچقانچە قىيىنچىلىق تارتمايلا، - دېدى ۋىلسون - قالتىس بىر شىر ئوۋلىدۇق.

ماگى ئۇ ئىككىسىگە قارىدى. ئۇ ئىككىسى ئۇنى ھازىرلا يىغلىتىۋېتىدىغاندەك ھالەتتە كۆردى. ۋىلسوننىڭ بۇنى بايقىغىنىغا ناھايىتى ئۇزۇن بولغان، بۇ ئىشنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن قورقۇپ تۇراتتى. ماكومبېر ئاللىقاچان قورقماس بولۇپ قالغانىدى.

- مەن بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى خالىمايمەن. ھەي، بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى خالىمايمەن، - مارگارېت شۇنداق دېگىنىچە چېدىرغا قاراپ ماڭدى. يىغا ئاۋازى ئاڭلانمىدى، لېكىن قىزىل ئەترگۈل رەڭلىك كۆينىكىنىڭ ئاستىدىكى مۈرىسى تىنماي تىترەيتتى.

- ئاياللار ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈنمۇ ئوڭاي تېرىكىدۇ، - دېدى ۋىلسون، - ئۇزۇنتۇراغا قاراپ، - بۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەس. نېرۋىسى جىددىيلىشىپ ئىشنى چوڭايتىۋېلىۋاتىدۇ.

- ھېچقىسى يوق، - دېدى ماكومبېر - مەن بۇ ئىش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ئازابلىنىدىغان ئوخشايمەن.

- قۇرۇق گەپ قىلما، كۈچلۈكرەك ھاراق كەلتۈرەيلى، - دېدى ۋىلسون، - ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتەيلى، ئەمەلىيەتتە ھېچ ئىش بولغىنى يوق.

- سىناپ باقساق بولىدۇ، - دېدى ماكومبېر، - بىراق ماڭا قىلىپ بەرگەن ئىشىڭىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن.

- ھېچقىسى يوق، - دېدى ۋىلسون، - ئامال بار قۇرۇق گەپنى ئاز قىلايلى.

ئۇلار دەرەخ سايىسىدا ئولتۇراتتى. لاگېر ئۆيلىرى بىرنەچچە تۈپ باراقسان ئاكاتسىيە دەرىخىنىڭ ئاستىغا تىكىلگەن، دەرەخلىكنىڭ كەينى يۇمۇلاق تاشلار بىلەن تولغان يارلىق ئىدى. بىر پارچە ئوتلاق دەريا بويىغىچە سوزۇلغان، دەريانىڭ ئاستى يۇمۇلاق

تاشلىق، ئۇ يېقى ئورمانلىق ئىدى. ئۇلار سوغۇقلۇقدىن تولىمۇ ئېچىنىشلىق بولۇپ كەتكەن ئايلىسىن سۈيى قوشۇپ تەڭشەلگەن گىملەت هارىقى ئىچىپ ئولتۇراتتى. چاكارلار تاماق ئۈستىلىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقاندا ئۇ ئىككىسى كۆزلىرىنىڭ ئۇچرىشىپ قېلىشىدىن ئامال بار ساقلاندى. ۋىلسون ئاشۇ چاكارلارنىڭ ھەممىنى بىلىپ كەتكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ ماكومبىنى كۈتىدىغان خىزمەتكارنىڭ شىرەگە تەخسە قويۇۋېتىپ بىر خىل غەلىتە نەزەر بىلەن خوجايىنىغا قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سۋاھىلى تىلى① دا غەزەپ بىلەن تىللىۋەتتى. خىزمەتكارنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى.

- ئۇنىڭغا نېمە دېدىڭ؟ - سورىدى ماكومبى.

- ھېچنېمە، چەبدەسرەك بولمىساڭ ئون بەش دەررە يەيسەن، دېدىم.

- نېمە بىلەن ئۇرىسەن، قامچە بىلەنمۇ؟

- بۇنداق قىلىش قانۇنغا خىلاپ، - دېدى ۋىلسون، - ئۇلارنىڭ ئىش ھەققىدىن تۇتۇپ قىلىشقا بولسا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

- سەن يەنىلا ئۇرامسەن؟

- ھە، ياق، ئۇلار ئەرز قىلسا بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىق كېلىپ چىقىدۇ. بىراق ئۇلار ئەزەلدىن ئۇنداق قىلمىدى، ئۇلار تاياق يېيىشكە رازىكى ئىش ھەققىدىن تۇتۇپ قېلىشقا رازى ئەمەس.

- نېمانچە غەلىتە.

- راستىنى ئېيتقاندا بۇنىڭ ئازراقمۇ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق، - دېدى ۋىلسون، - ئۇلارنىڭ ئورنىدا سەن بولساڭ تېرەك تىلى بىلەن قاتتىق ساۋىلىش ياكى ئىش ھەققى ئالالماسلىقنىڭ قايسىسىنى تاللىغان بولاتتىڭ؟

ئۇ گېپىنى دەپ بولۇپ بىردىنلا ئوڭايسىزلىنىپ قالدى. ماكومبىنىڭ جاۋابىنى

كۆتەيلا:

- ھەممىمىز ھەر كۈنى تاياق يەپ تۇرىمىز. ئۆزۈڭ بىلىسەن، سەۋەب دېگەن تېپىلىپ تۇرىدۇ.

ئۇ سۆزلىگەنسېرى گېپى قاملاشماي قېلىۋاتاتتى. «ۋاي خۇدايىم، - دەپ ئويلىدى ئۇ، - مەن بىر دىپلومات بولۇپ قالدىممۇ نېمە؟»

- شۇنداق بىز تاياق يەپ تۇرىمىز، - دېدى ماكومبى ئۇنىڭغا يەنىلا قارىماي، - مەن شىرنىڭ ئىشىدىن قاتتىق بىئارام بولۇۋاتىمەن. بۇ ئىش پۇر كەتمىسە بولاتتى. بۇ ئىشنى ھېچكىم بىلىپ قالمىسا بولاتتى دېمەكچىمەن، بولامدۇ؟ - ماساكا كولۇبىدا بۇ ئىشنى تىلغا ئالماسلىقىمنى دېمەكچىمۇ سەن؟ - ۋىلسون ئۇنىڭغا سوغۇق نەزەردە قارىدى. ئۇ ماكومبىنىڭ بۇنداق دېيىشىنى ئويلىمىغانىدى. «ئۇ ئەسلىدە توخۇ يۈرەك بولۇپلا قالماي يەنە پەسكەش قۇرت ئىكەن» دەپ ئويلىدى ۋىلسون، - «مەن ئۇنى يەنىلا ياقتۇرىمەن، لېكىن بىر ئامېرىكىلىقنى كىممۇ چۈشىنىپ يېتەلىسۇن؟»

- ئۇنداق بولمايدۇ، - دېدى ۋىلسون، - مەن بىر كەسپىي ئوۋچى، بىز ئەزەلدىن خېرىدارلىرىمىزنى سۆھبەت تېمىسى قىلمايمىز. خاتىرجەم بول، بىراق ياراڭلاشمايلى دېسەك بۇ بىر بولمىغۇر گەپ.

ماي تارتىشىپ قالسا ئادەم كۆپ ئەركىن بولۇپ قالىدىكەن» دەپ ئويلىدى ئۇ. شۇنداق بولغاندا ئۇ يالغۇز تاماق يېيەلەيتتى. تاماقنى يېگەچ كىتاب ئوقۇيالايتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭكىنى يېيىشەتتى. ئوۋغا چىققاندىلا ئۇلارنى ئۇچرىتاتتى. بۇ بىر ناھايىتى رەسمى يوسۇندىكى ئۇچرىشىش بولۇپ گىرانسىيلىكلەر بۇنى نېمە دەيتتى - يۈكسەك ئېھتىرام. بۇنداق قىلىش مەنىسىز ھېسسىيات ماجىراسىغا تاقابىل تۇرۇشتىن كۆپ ئەۋزەل ئىدى. ئۇ ئۇنى ھاقارەتلىسە ئۇلار دەرھال ماي تارتىشىدۇ، شۇنداق بولغاندا ئۇ تاماقنى يېگەچ كىتىپىنى ئوقۇيالايدۇ ھەم ئۇلارنىڭ ۋىسكىسىنى

ئېچەلەيدۇ. بۇ خەۋەردار بىلەن يارەمچى ئوۋچىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ناچارلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئادەت سۆزى سەن بىرەر ئاقتەنلىك ئوۋچىغا ئۇچراپ قېلىپ ئۇنىڭدىن «قانداق ئەھۋالىڭ؟» دەپ سورىساڭ، ئۇ «ھەي، مەن يەنىلا ئۇلارنىڭ ۋىسكىسىنى ئىچىۋاتىمەن» دەپ جاۋاب بەرسە سەن بۇنىڭدىن ئەھۋالىنىڭ نەقەدەر يامانلىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلىۋالالايسەن.

كەچۈرگىن، - دېدى ماكومبى ئامېرىكىلىقلارغا خاس يۈزىنى كۆتۈرۈپ ۋىلسونغا قاراپ، بۇ يۈز ئوتتۇرا ياشقا كەلگەندىمۇ يەنىلا بالىلارچە ھالەتتە بولاتتى. ۋىلسون ئۇنىڭ ماترۇسلارنىڭكىدەك قىسقا چېچىغا، چىرايلىق كۆزىگە، (بۇ كۆز ئۇنىڭدىن سەل ئۆزىنى قاچۇرۇپ تۇراتتى) قاملاشقان بۇرنىغا، نېپىز كالپۇكى ۋە كۆركەم ئېڭىكىگە قارىدى، - كەچۈرگىن، بىلمەي قاپتىمەن. مەن بىلمەيدىغان ئىشلار نۇرغۇن.

«ئۇنداقتا قانداق قىلىشىم كېرەك» دەپ ئويلىدى ۋىلسون. ئۇ ئۇنىڭ بىلەن تەتۈر قارىشىشقا تەييارلىنىپ بولغانىدى. بىراق بۇ بۇدۇشقاق ئەبلەخ ئۇنى ھاقارەتلەپ بولۇپ يەنە ئەپۇ سورىدى. ئۇ يەنە بىر ئۇرۇنۇپ كۆرمەكچى بولدى.

- باشقىلارغا دەپ قويامدىكىن دەپ غەم قىلما، - دېدى ئۇ، - مەن جان بېقىشىم كېرەك. ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئافرىقىدا شىر ئاتالمايدىغان بىرمۇ ئايال يوق، تىكىۋەتكەن ئاق تەنلىكمۇ يوق.

- مەن بىر توشقاندەك تىكىۋەتتىم، - دېدى ماكومبى.

«ھەي مۇشۇنداق گەپ قىلىدىغان ئادەمگە ئۇچراپ قالغاندا يەنە نېمە چارە بولسۇن» ۋىلسون ئويلاپ تېگىگە يېتەلمىدى.

ۋىلسون ئاپتوماتچىلارغا خاس ئىپادىسىز بىر جۈپ كۆك كۆزى بىلەن ماكومبىغا تىكىلدى. ماكومبى جاۋابەن كۈلۈمسىرىدى، ئەگەر ئۇنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى زەربىگە

ئۆچرىغاندىن كېيىنكى كۆزىدىكى ئىپادىگە دىققەت قىلمىغىنىڭىزدا ئۇنىڭ بۇ
تەبەسسۇمى ئەكسىچە يېقىملىق ئىدى.
- بەلكىم ئىناۋىتىمنى ياۋا كالا ئوۋلاپ ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالارمەن، - دېدى ئۇ بۇ قېتىم
ياۋا كالا ئوۋلىساق قانداق؟
- خالىساڭ ئەتە ئەتىگەندىلا بارايلى، - دېدى ۋىلسون. ئېھتىمال ئۇ بايا
خاتالاشقاندۇ. بۇنداق ئويلاش ئەلۋەتتە ئىشنى ئەپلەپ-سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېتىشنىڭ
ئەپچىل چارىسى. بىر ئامېرىكىلىقنى ئېلىپ ئېيتساق سەن ئۇنىڭ ھېچ ئىشنىڭ
تېگىگە يېتەلمەيسەن. ئۇ يەنە ماكومبىغا ھېسداشلىق قىلدى. «ئەگەر سەن بۇ
ئەتىگەننى ئۇنتۇپ كېتەلىگەن بولساڭ قانداق ياخشى بولاتتى-ھە، بىراق بۇ ئەسلا
مۇمكىن ئەمەس، بۇ تولىمۇ ئوسال بىر ئەتىگەن بولدى».
- خانىمىڭ كەلدى، - دېدى ئۇ. ئۇنىڭ خوتۇنى كەپىسى تەرەپتىن كېلىۋاتاتتى. روھى
كۆتۈرەڭگۈ، قىزغىن، تولىمۇ يېقىملىق كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ تىپىك ئاققۇ تۇخۇمىدەك
يۈزى بار ئىدى. «ئۇنى سىز بىر قاپاقباش دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن، ئەمما ئۇنداق
ئەمەس دەپ ئويلىدى ۋىلسون. ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس».
- چىرايلىق قىزىل يۈز ۋىلسون ئەپەندىم، ياخشىمۇ سىز، فىرانسىس، ئۆزىڭىزنى
قانداق سېزىۋاتىسىز، قەدىرلىكىم؟
- خېلى ياخشى، - دېدى ماكومبى.
- بۇ ئىشلارنى پۈتۈنلەي كاللامدىن چىقىرىۋەتتىم، - ئۇ شۇنداق دېگەچ شىرە يېنىدا
ئولتۇردى، - فىرانسىسنىڭ شىر ئوۋلاشنى بىلىشىنىڭ نېمە ھاجىتى بار. بۇ ئۇنىڭ
كەسپى ئەمەس. ئۇ دېگەن ۋىلسون ئەپەندىنىڭ كەسپى. ۋىلسون ئەپەندىنىڭ
ئوۋچىلىق ماھارىتى قالتىسكەن. سىز نېمىلا بولسا ئوۋلىيالايسىز، شۇنداقمۇ؟
- شۇنداق، - دېدى ۋىلسون، - نېمىلا بولسا ئوۋلاۋېرىمەن.

«ئۇلار دۇنيادا ھەممىدىن رەھىمسىز دەپ ئويلىدى ئۇ، ھەممىدىن رەھىمسىز، ئەڭ تاش يۈرەك، تالان-تاراج قىلىشقا ھېرىسمەن، ھەم كىشىنى ئەڭ مەيۈس قىلىدۇ. ئۇلار ۋەھشىلەشكەندە ئەرلىرى مۇلايىملىشىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا روھى بەربات بولىدۇ. ئۇلار تاللىغاننىڭ ھەممىسى ئۇلار تىزگىنلەيدىغان كىشىلەرمۇ؟ ئۇلار توي قىلىش يېشىدا بۇنچە كۆپ ئىشلارنى بىلىپ كېتەلمەيدۇ»دەپ ئويلىدى ئۇ. ئۇ بۇرۇن ئامېرىكىلىق بىر ئايال بىلەن ئارىلاشقان كەچۈرمىشىنىڭ بولغىنىدىن مەمنۇن بولدى. چۈنكى بۇ ئىش كىشىنى تولىمۇ مەيۈس قىلاتتى.

- ئەتە ئەتىگەندە ياۋا كالا ئوۋلاشقا بارىدىغان بولدۇق، - دېدى ۋىلسون.

- مەنمۇ باراي، - دېدى مارگارېت.

- بولدىلا، سىز بارمايلا قويۇڭ.

- ياق، بارىمەن، فىرانسىس، بارسام بولامدۇ؟

- نېمىشقا ئۆيدە تۇرۇپ تۇرمايسەن؟

- نېمىلا دېگەننىڭ پايدىسى يوق، - دېدى ئۇ. - بۈگۈنكى پۇرسەتنى ھەرگىز قولدىن بېرىپ قويۇشنى خالىمايمەن.

«مارگارېت بايا كېتىدىغان چاغدا، - دەپ ئويلىدى ۋىلسون، - ئۇ يىغلاشقا كېتىپ قالغاندا تۈزۈك ئايالدەك قىلاتتى. ئەقىللىق، ئاق-قارىنى پەرق قىلىدىغان، ئۆزلىرى ئۈچۈن قاتتىق ئازاب چەككەن ھەم بۇنىڭ زادى قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ھالدا ئىدى. ئۇ كېتىپ يىگىرمە مىنۇتتىن كېيىن قايتىپ كەلدى. ئۇ ئەسلىدە ئۆزىدە ئامېرىكا ئاياللىرىنىڭ ياۋۇزلۇقىنى ھازىرلاش ئۈچۈن كەتكەن ئىكەن. ئاياللارنىڭ بۇ ئۆلگۈرلىرى. بۇلار نەقەدەر ئۆلگۈر-ھە!»

- ئەتە سەن ئۈچۈن يەنە بىر مەيدان ئويۇن قويىمىز، - دېدى فىرانسىس ماكومبى.

- سىز بارماڭ، - دېدى ۋىلسون.

- بۇ گېپىڭىز پەقەت قاملاشمىدى، - دېدى مارگارىت، - سىزنىڭ يەنە بىر مەيدان ئويۇنىڭىزنى كۆرۈشكە مەن بەكمۇ ئىنتىزار. بۈگۈن ئەتىگەن سىز نەقەدەر سۆيۈملۈك، ئەگەر ياۋايى ھايۋانىنىڭ چۈۋۈلۈپ كەتكەن مېڭىسىنى سۆيۈملۈك دېگىلى بولسا.

- چۈشلۈك تاماقىڭىزنى يەڭ، - دېدى ۋىلسون، - سىز بەك خۇشال. شۇنداقمۇ؟

- نېمىشقا خوش بولمىغۇدەكمەن. مەن بۇ يەرگە خاپىلىق تېپىش ئۈچۈن كەلمىگەن.

- ئىشلار ئۇنچۇ كۆڭۈلسىز ئەمەسقۇ؟ - دېدى ۋىلسون. ئۇ دەريادىكى يۇمىلاق تاشلارنى ۋە دەريانىڭ قارشى تەرىپىدىكى دەرەخلەر باراقسان ئۆسۈپ كەتكەن ئېگىز قىرغاقنى كۆرەلەيتتى. ئۇ بۈگۈن ئەتىگەنكى ئىشنى ئويلىدى.

- ئازراقمۇ كۆڭۈلسىز ئەمەس، - دېدى مارگارىت، - نېمىدېگەن قىزىقارلىق. تېخى ئەتىمۇ بار. ئەتىگە قانچىلىك ئىنتىزار ئىكەنلىكىمنى بىلمەيسىز.

- ئۇلارنىڭ ئېلىپ چىققىنى يۆگمەچ مۈڭگۈزلۈك بۆكەن گۆشى، - دېدى ۋىلسون. ئۇلار توشقاندەك يۈگرەك، تۇرقى ئىنەكنىڭ چوڭ بىرنېمىسىدەك، شۇنداقمۇ؟

- مېنىڭچە دېگىنىڭىز شۇ، - دېدى ۋىلسون.

- نېمانچە خۇش پۇراق، - دېدى ماكومبى.

- سىز ئاتقانمۇ، فىرانسىس؟ - سورىدى خوتۇنى.

- ھەئە.

- ئۇلارنىڭ خەۋپى يوق، شۇنداقمۇ؟

- ئېتىلىپ كەلمىگەندە، - دېدى ۋىلسون.

- مەن بەك خوش.

- سەن نېمىشقا ئەشۇ ھازازۇللىقىڭنى يىغىشتۇرمايسەن، ماگى، - دېدى ماكومبى

ۋىلكىغا قىسىلغان بۆكەن گۆشى ئۈستىگە ماش قىيمىسى، گۆش قىيامى ۋە سەۋزە قېتىپ.
- مېنىڭچە مەن بۇنى قىلالايمەن، چۈنكى سىز گەپنى شۇنداق چىرايلىق قىلدىڭىز.
- بۈگۈن كەچتە شىر ئوۋلىغىنىمىزنى شامپان ئىچىپ تەبرىكلەيلى، - دېدى ۋىلسون،
- چۈشتە تەبرىكلەشكە ھاۋا بەك ئىسسىق.
- شىر، - دېدى ماگى، - مەن ئۇنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتتىم.
«ئەسلى ماگى ئۇنى ئەخمەق قىلىۋاتىدۇ» دەپ ئويلىغانىدى روبېرت ۋىلسون، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئۇنداق بولمىسا سەن ئۇنى نېمە بىلەن ئويۇن ئوينىماقچى دەپ قارايسەن؟ بىر ئايال ئېرىنىڭ توخۇ يۈرەك ئۆلگۈر ئىكەنلىكىنى بىلگەندە نېمىش قىلىشى مۇمكىن؟ ئۇ نېمىدېگەن رەھىمسىز-ھە! ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق. ئۇلار ھەممىنى تىزگىنلەيدۇ. بۇنىڭغا گەپ كېتەمدۇ. ئەلۋەتتە تىزگىنلەش ئۈچۈن پەيتى كەلگەندە باغرى تاش بولمىسا بولمايدۇ. بىراق مەن ئۇلارنىڭ بۇ خىل زەھەرخەندە ۋاستىسىنى يەتكىچە كۆردۈم.
- بۆكەن گۆشىدىن يەنە بىرئاز يەڭ، - دېدى ئۇ ماگىغا ئەدەپ بىلەن. ئۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. ۋىلسون بىلەن ماكومبى يەرلىك شوپۇر بىلەن قوراللىق ئىككى كىشىنى باشلاپ ماشىنا بىلەن چىقىپ كەتتى. ماكومبى خانىم «ھازىر سىرتقا چىقاي دېسەم ھاۋا بەك ئىسسىق، ئەتە سەھەردە سىلەر بىلەن بىللە باراي» دەپ لاگېردا قېپقالغانىدى.
ماشىنا قوزغىلىش ئالدىدا ۋىلسون ئۇنىڭ چوڭ بىر دەرەخنىڭ ئاستىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ سۇس قىزىل ئەتىرگۈل رەڭلىك كوپتا كىيگەن، ئۇنىڭ بۇ تۇرقىنى چىرايلىق دېيىشكە بولاتتى. ئەمما بەك گۈزەل دەپ كەتكىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ قارا چېچى ئارقىسىغا تارىلىپ بانتلانغان بولۇپ گەدىنىگىچە ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ

يۈزى نەمخۇش بولۇپ ئۇ خۇددى ئەنگلىيەدىكىدەكلا ئىدى. ئۇ ئۇلارغا قول يۇلاڭلاتتى. بۇ ۋاقىتتا ماشىنا ياۋا ئوت-چۆپلەر ئېگىز ئۆسكەن ئويمانلىقتىن ئۆتۈپ، ئايلىنىپ ئورمانلىققا، ئاندىن مۇئەييەن دەرەخ قاپلىغان بىر كىچىك تاغ ئارىسىدا كىرىپ كەتتى.

ئۇلار مۇئەززەلىق ئارىسىدىن بىر توپ بۆكەننى تاپتى. ماشىنىدىن چۈشۈپ ئەپچىللىك بىلەن بىر ئەركەك قېرى بۆكەنگە يېقىنلاشتى. ئۇنىڭ ئىككى مۈڭگۈزىنىڭ ئارىلىقى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ تويتوغرا ئىككى يۈز يارد كېلەتتى. ماكومبى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن بىر تال ئوق ئېتىپ قېرى بۆكەننى يىقىتتى. ھۈركۈپ كەتكەن بىر توپ بۆكەن جان-جەھلى بىلەن قېچىشقا باشلىدى. ئۇلار يۈتلىرىنى يۈكۈپ تۇرۇپ ناھايىتى يىراققا سەكرەيتتى. خۇددى سۇ ئۈستىدە لەيلىگەندەك ئۇلارنىڭ بىر-بىرىنىڭ ئۈستىدىن سەكرەپ ئۆتۈشىگە ئادەمنىڭ راستىنلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.، ئادەم پەقەت چۈشىدىلا بەزىدە مۇشۇنداق سەكرىيەلەيتتى.

- ناھايىتى ياخشى ئاتتىڭ. - دېدى ۋىلسون، - ئۇلار بەكلا كىچىك نىشان ئىدى.

- بۆكەن بېشىنى ئېلىپ قېلىشقا ئەرزىمدۇ؟① - سورىدى ماكومبى.

- ئۇ ناھايىتى قىممەتلىك، - دېدى ۋىلسون، - سىزنىڭ ئوق ئېتىش ماھارىتىڭىز شۇنداق ياخشى بولغان ئىكەن ھەرقانداق ئاۋارىچىلىقتىن غەم قىلمىساڭمۇ بولىدۇ.

- سىزنىڭچە بىز ئەتە ياۋا كالا تاپالارمىزمۇ؟

- بۇنىڭ پۇرسىتى كۆپ. ئۇلار تاڭ سەھەردە ئوزۇق ئىزدەپ چىقىدۇ، تەلىيىمىز ئوڭ كەلسە ئۇلارنى تۈزلەڭلىكتىن تېپىۋالىمىز.

- مەن ئاشۇ شىرنىڭ ئىشىدىن قۇتۇلۇپ كەتسەم دەيمەن، - دېدى ماكومبى، - شۇنداق بىر ئىشنىڭ خوتۇنىڭ كۆرۈپ قالسا بۇ تازىمۇ بىر كۆڭۈلسىزلىكقۇ.

«مەن بۇنىڭ ئەكسىچە قارايمەن. ئىشنىڭ ئەڭ كۆڭۈلسىز يېرى خوتۇنىڭىزنىڭ

كۆرۈپ قالغىنى ئەمەس، بەلكى شۇنداق ئىش قىلىپ قويۇپ يەنە شۇ ئىش توغرىسىدا سۆھبەتلىشىش» دەپ ئويلىدى ۋىلسون. بىراق، ئۇ:

- مېنىڭ بۇ ئىشنى يەنە ئەسكە ئالغىم يوق. كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تۇنجى قېتىم شىرنى كۆرگەندە قورقۇپ كېتىش تەبىئىي. بۇ ئىش پۈتۈنلەي ئاخىرلاشتى، - دېدى.

بىراق شۇ كۈنى كەچتە فىرانسىس ماكومبى گۈلخان يېنىدا كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ كارىۋاتقا چىقىشتىن بۇرۇن سودا قوشۇلغان ۋىسكى ئىچتى، پاشلىق تارتىلغان كاناپ كارىۋاتتا كېچىدىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭلارنى تىڭشاپ ياتقان ۋاقىتتا بۇ ئىش تېخى ئۆتۈپ كەتمىگەن. ھەقىقەتەنمۇ ئۆتۈپ كەتمىگەن ھەم تېخى باشلانمىغان ئىدى. ئۇ خۇددى يۈز بەرگەن ۋاقىتتىكىگە ئوخشاشلا مەۋجۇت بولۇپ ئۇ سۇسلاشمايلا قالماي، بەلكى بەزى تەپسىلاتلىرى تېخىمۇ روشەنلىشىپ كەتكەندى. ئۇ ئۆلگۈدەك نومۇس قىلدى. بىراق ھەممىدىن ئېغىر كەلگىنى قەلبى مۇزلاپ كەتكەندەك مەنىسىز بىر ئالاقزادىلىككە تولدى. بۇ ئالاقزادىلىك يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ، خۇددى مۇزدەك، يېپىشقاق بۇ مەنىسىزلىك بارلىق بوشلۇقلارنى ئىگىلەپ ئۇنىڭ ئىشەنچىنى ئۇنىڭ تېنىدىن سىقىپ چىقاردى. بۇ ھال ئۇنى ناھايىتى بىئارام قىلدى. بۇ ئىشلار ھازىر يەنىلا ئۇنىڭ بىلەن بىللە مەۋجۇت ئىدى.

بۇ ئەھۋال تۈنۈگۈن كېچىدىن باشلانغانىدى. ئۇ ۋاقىتتا ئۇ ئويغىنىپ دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى بىر يەردە شىرنىڭ ھۆركىرىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدى. بۇ ئاۋاز تولىمۇ يەس بولۇپ، ئاخىرلىششى يۆتەلگەن ئاۋازغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇ خۇددى چېدىرنىڭ سىرتىدىدەكلا ئاڭلىناتتى، فىرانسىس ماكومبى تۈن تەڭدە ئويغىنىپ كېتىپ، بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ قورقۇنچلۇق ھېس قىلدى. ئۇ ئايالىنىڭ تەكشى نەپەس ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئۇ ئۇخلاپ قالغانىدى. ئۇ قورقۇنچىنى ھېچكىمگە دېيەلمەيتتى ھەم

ھېچكىمىمۇ ئۇنى قورقۇنچىنى تەڭ تارتىشىپ بىرەلمەيتتى. ئۇ يالغۇز ياتاتتى،سومالىدا «باتۇر ئادەم شىردىن ئۈچ قېتىم قورقىدۇ: تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ ئىزىنى كۆرگەندە، تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا ھەم تۇنجى قېتىم ئۇنىڭغا يولۇققاندا» دېگەن تەمسىلنىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتى. كېيىن ئۇ كۈن چىقىشتىن بۇرۇن تاماق چېدىرىدا يەنە يورۇقىدا غىزالىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇ شىرنىڭ ھۆركىرىگىنىنى يەنە ئاڭلىدى. فرانسىس ئۇنى لاگىرغا يېقىنلا يەردىكىدەك ھېس قىلدى.

- قېرى شىردەك قىلىدۇ، - دېدى روبېرت ۋىلسون بىلىق ۋە قەھۋەدىن كۆزىنى ئېلىپ، - ئۇنىڭ يۆتەلگەندەك چىققان ئاۋازىغا دىققەت قىلىڭ.

- ئۇ يېقىن يەردىمۇ؟

- دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا بىر ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان جايدا.

- بىز ئۇنى كۆرەلەمدۇق؟

- بېرىپ كۆرۈپ باقساق بولىدۇ.

- ئۇنىڭ ھۆركىرىگەن ئاۋازى شۇنچە يىراققا ئاڭلىنامدۇ؟ ئاۋازىدىن ئۇ خۇددى چېدىرنىڭ ئىچىدىدەكلا قىلىدۇ.

- ئاۋازى شۇنداق يىراققا ئاڭلىنىدۇ، - دېدى روبېرت ۋىلسون، - ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ شۇنداق يىراققا ئاڭلىنىشى راستىنلا ھەيران قالارلىق. ئۇنىڭ ئۇۋلاشقا مۇۋاپىق جانىۋار بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. قول ئاستىمدىكىلەر«يېقىن ئەتراپتا ناھايىتى چوڭ بىر مەخلۇق بار» دەيدۇ.

- ئەگەر ئۇنى مەن ئېتىپ قالسام ئۇنىڭ نەرىگە ئاتسام بولىدۇ، - دەپ سورىدى ماكومبى، - ئاندىن ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتەلەيمەن.

- ئىككى مۈرىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا، - دېدى ۋىلسون، - ئۇنىڭ بويىنىغا ئات. ئەگەر دەل تەگكۈزەلىسەڭ ئۇنىڭ ئۇستىخىنىغا ئات. شۇندىلا ئۇنى يىقىتالايسەن.

- مەن دەل قارىغا ئالالسسام دەيمەن، - دېدى ماكومبى، - يەيتنى چىڭ تۇتۇشۇڭ، دەل نىشانغا ئېلىشىڭ كېرەك. تۇنجى ئاتقان ئوقۇڭ ھەممىدىن مۇھىم.

- ئارىلىق قانچىلىك بولسا بولىدۇ؟

- بىرنېمە دېمەك تەس. ئارىلىقنىڭ قانچىلىك بولۇشىنى شىر بەلگىلەيدۇ. ئۇ يېقىنلاشمىغىچە ھەرگىز ئوق چىقارما. يېقىنلاشقاندىلا ئاندىن قارىغا ئالالايسەن.

- يۈز ياردقا يەتمىگەن ئارىلىقتىمۇ؟ - سورىدى ماكومبى.

ۋىلسون ئۇنىڭغا لەيپىدە قاراپ قويدى.

- يۈز يارد يېتەرلىك، بۇنىڭدىنمۇ يېقىن ئارىلىقتا ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشقا توغرا كېلىشىمۇ مۇمكىن. بىراق بۇنىڭدىن يىراق ئارىلىقتا ھەرگىز ئېتىپ سالما. يۈز يارد مۇۋاپىق ئارىلىق. شۇنداق بولدا نەرىگە ئاتىمەن دېسەڭ شۇ يەرگە ئاتالايسەن، خانىمىڭ كەلدى.

- ياخشىمۇ سىلەر، - دېدى مارگارىت، - بىز بېرىپ ھېلىقى شىرنى ئىزدەمدۇق؟

- ئەتىگەنلىك تاماقىڭىزدىن كېيىن، - دېدى ۋىلسون، - ئۆزىڭىز قانداقراق؟

- ناھايىتى ئوبدان، - دېدى ئۇ، - مەن بەك خۇشال.

- بېرىپ قاراپ باقاي نەرسە-كېرەكلەرنى تەييارلاپ بولۇشتىمىكىن.

ۋىلسون مېڭىشىغا شىر يەنە ھۆركىرىدى.

- غەلىۋىخور مەخلۇق، - دېدى ۋىلسون، - بىز ئۇنى جىمىقتۇرۇۋېتىمىز.

- نېمە بولدى فىرانسىس؟ - سورىدى ماكومبىنىڭ خوتۇنى.

- ھېچنېمە، - دېدى ماكومبى.

- بولدىلا، مەندىن يوشۇرماڭ، - دېدى ئۇ، - نېمە پەرىشان بولىسىز؟

- ھېچنېمىگە، - دېدى ئۇ.

- ماڭا دەڭ، - ئايالى ئۇنىڭغا قارىدى، - بىئارام بولۇۋاتامسىز؟

- ئاشۇ ئۆلگۈر ھۆركىرىگەن ئاۋاز، - دېدى ئۇ، - ئۇ بىر كېچە غەلىۋە قىلىپ چىقتى. سىز بىلىسىز.

- نېمىشقا مېنى ئويغاتمىدىڭىز، - دېدى ئۇ، - ئەكسىچە مەن بۇ ئاۋازنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىمەن.

- ئۇ مەخلۇقنى بېرىپ جايلىۋەتسەم دەيمەن، - دېدى ماكومبى بىچارىلارچە دۇدۇقلاپ.

- ھەي، سىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىڭىز مۇشۇ ئىش ئۈچۈن، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

- شۇنداق، بىراق مەن جىددىيلىشىپ كېتىۋاتىمەن. ئەشۇ مەخلۇقنىڭ ھۆركىرىگەن ئاۋازنى ئاڭلىسامىلا نېرۋام جىددىيلىشىپ كېتىدۇ.

- ئۇنداقتا ۋىلسوننىڭ دېگىنىدەك قىلايلى. ئۇنى جايلىۋېتىپ ھۆركىرىيەلمەس قىلىۋېتەيلى.

- دېگىنىڭ توغرا، سۆيۈملۈكۈم، - دېدى فىرانسىس ماكومبى، - ئاڭلىماققا ئوڭاي، توغرىمۇ؟

- سىز قورقمايدىغانسىز.

- ئەلۋەتتە، بىراق ئۇنىڭ ھۆركىرىگىنىنى بىر كېچە ئاڭلاپ چىقتىم. نېرۋام جىددىيلىشىپ كەتكەندەك قىلىدۇ.

- ئۇنى بىمالال ئۈجۈقتۇرۇۋېتەلەيسىز، - دېدى خوتۇنى، - سىز قىلالايسىز. مەن ئۇنى كۆرۈشكە تەقەززا بولۇپ كېتىۋاتىمەن.

- ئەتىگەنلىك تاماقىڭىزنى يەپ بولۇشىڭىزغا يولغا چىقىمىز.

- تېخى تاڭ يورۇمىدى، - دېدى خوتۇنى، - بۇ مۇۋاپىق پەيت ئەمەس.

دەل شۇ ۋاقىتتا ھېلىقى شىر ھۆركىرەپ، كۆكرەك بوشلۇقىنىڭ چوڭقۇر تەكتىدىن چىقارغان ئۆكسىگەن ئاۋاز بىردىنلا خىرقىرىغان ئاۋازغا ئۆزگىرىپ بارا-بارا كۈچىيىپ

ھاۋانىمۇ تىترىتىۋەتكەندەك بولدى. ئاخىرىدا ئاھ ئۇرغاندەك ۋە كۆكرەك بوشلۇقىنىڭ تەكتىدىن ئېغىر خورۇلدىغاندەك ئاۋاز چىقاردى.

- ئۇ مۇشۇ يەردىكەندەكلا ئاڭلىنىۋاتىدۇ، - دېدى ماكومبىنىڭ خوتۇنى.

- ۋاي خۇدايىم، - دېدى ماكومبى، - مەن بۇ ئاۋازدىن بەك بىزار بولدۇم.

- ئادەمگە قاتتىق تەسىر قىلىدىكەن.

- ناھايىتى قاتتىق، شۇنداق قورقۇنچلۇق.

بۇ چاغدا روبېرت ۋىلسون ئۆزىنىڭ ئاشۇ قىسقا، كۆرۈمسىز، ئوق ئېغىزىنىڭ چوڭلۇقى كىشىنى ۋەھىمىگە سالىدىغان **505** كالىبىرلىق جىس ماركىلىق مىلتىقنى كۆتۈرۈپ كەلدى. كۈلگىنىدىن ئۇنىڭ ئېغىزى قولىقىغا يەتكەندى.

- كېلە، - دېدى ئۇ، - قورال كۆتۈرگۈچىلىرىڭ سېنىڭ قوراللىرىڭنى ئېلىپ كەلدى. نەرسە-كېرەكلەرنىڭ ھەممىسى ماشىنىدا، سەندە پۈتەي ئوق بارمۇ؟

- بار.

- مەن تەييارلىنىپ بولدۇم، - دېدى ماكومبى خانىم.

- ئۇنى قالايمىقان ھۆركىرىيەلمەس قىلىۋېتىشىمىز كېرەك، - دېدى ۋىلسون، - سەن ئالدىدا ئولتۇر، خانىم مەن بىلەن ئارقىدا ئولتۇرسۇن.

ئۇلار ماشىنىغا چىقتى. ماشىنا ئەمدىلا يورۇشقا باشلىغان تاڭنىڭ خىرە يورۇقىدا ئورمانلىقنى كېسىپ ئۆتۈپ دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ماكومبى مىلتىق زاتورىنى ئېچىپ مېتال قاپلانغان ئوققا قارىدى. ئاندىن زاتورىنى ئىتتىرىپ مىلتىقنى ئېتىپ قويدى. ئۇ قولىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ قولىنى يانچۇقىغا سېلىپ يانچۇقىدىكى ئوقلارنى سىلىدى. ئاندىن بارماقلىرى بىلەن كالتە كۆڭلىكىنىڭ كۆكرىكىدىكى تاسما ھالقىغا سېلىپ قويۇلغان ئوقلارنى سىلىدى. ئۇ قۇتىغا ئوخشاپ كېتىدىغان، ئىشكى يوق ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىغا بۇرۇلۇپ

قارىدى. ۋىلسون ماكومبى خانىم بىلەن ئۇ ئورۇندا ئولتۇراتتى. ھاياجاندىن ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرى ئېچىلىپ قالغانىدى. ۋىلسون ئالدىغا سەل ئېڭىشىپ پەس ئاۋازدا:

- قارا، قۇشلارنىڭ ھەممىسى ئۇچۇپ چۈشۈپ كەتتى. بۇ ھېلىقى قېرى جانۋارنىڭ چىشلەپ ئۆلتۈرگەن ياۋايى ھايۋاننى تاشلاپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈردۇ.

ماكومبى كىچىك دەريانىڭ قارشى قىرغىقىدىكى دەرەخلەرنىڭ ئۈستىدە تازقارنىڭ ئەگىپ يۈرگەنلىكىنى، بەزىلىرىنىڭ تۈۋەنگە ئۇدۇل شۇڭغۇپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردى.

- ئۇ بۇياققا سۇ ئىچكىلى كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، - دېدى ۋىلسون پەس ئاۋازدا، - ئۇ ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئەتراپنى كۆزكۆل قويۇپ كۆزىتىدۇ.

ئۇلار ماشىنىنى ھەيدەپ ئېقىننىڭ ئېگىز قىرغىقىنى ياقىلاپ ئاستا ئالغا يۈرۈپ كەتتى. ئېقىننىڭ بۇ بۆلىكىدىكى دەريا قىنى يۇمۇلاق تاشلىق بولۇپ ناھايىتى چوڭقۇر ئىدى. ماشىنا بىردە ئۇدۇل، بىردە ئايلىنىپ مېڭىپ ئورمانلىققا گاھ كىرىپ، گاھ چىقاتتى. ماكومبى قارشى قىرغاقتىن كۆز ئۈزمەيتتى، ئۇ تۇيۇقسىز ۋىلسوننىڭ ئۇنىڭ بىلىكىنى تۇتقانلىقىنى سەزدى. ماشىنا توختىدى.

- ئۇ ئەنە، - ماكومبى پەس ئېيتىلغان بۇ سۆزنى ئاڭلىدى، - ئالدى ئوڭ تەرەپتە. ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۇنى ئات، ئۇ بىر قالتىس شىركەن.

ماكومبى شۇندىلا ئۇ شىرنى كۆردى. ئۇ يېنىچە تۇراتتى. ئۇ زور بېشىنى ئۇلار تەرەپكە بۇرىدى. ئۇلارنىڭ ئۇدۇل تەرىپىدىن سوقۇپ تۇرغان سەھەرنىڭ سەلكىن شامىلى ئۇنىڭ قېنىق بويۇن تۈكلىرىنى يەلپۈيتتى. بۇ شىر ناھايىتى چوڭ كۆرۈنەتتى. ئۇ كۆلرەڭ تاڭ نۇرىدا يان سايىسىنى چۈشۈرۈپ قىرغاقتىكى ئېگىزلىكتە تۇراتتى. يەلكىلىرى كۈچلۈك بولۇپ، سىلىندىرسىمان زور تېنى پارقىراپ كۆرۈنەتتى.

- ئارىلىق قانچىلىك كېلەر؟ - ماكومبى سورىغاچ مىلتىقىنى كۆتۈردى.

- تەخمىنەن 57 يارد. ماشىنىدىن چۈشۈپ ئات.

- نېمىشقا بۇ يەردە ئاتقىلى قويمايسەن؟

- ماشىنىدا تۇرۇپ ئاتساڭ بولمايدۇ، - ئۇ ۋىلسوننىڭ قۇلىقىغا دېگەن گېپىنى ئاڭلىدى، - ماشىنىدىن چۈش. ئۇ كەچكىچە بىر جايدا تۇرىۋەرمەيدۇ.

ماكومبى ئالدى ئورۇندۇقنىڭ يېنىدىكى يېرىم چەمبەرسىمان چۈشۈش ئېغىزىدىن ئارتىلىپ يەرگە چۈشتى. شىر يەنىلا شۇنداق تۇراتتى. شىر ھەيۋەتلىك ھەم سوغۇققان ھالدا يېنىچە قارىسا كۆرۈنىدىغان ئۇ نەرسىگە قارىدى. ئۇ نەرسە غايەت زور كەركىدانغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ دىمىقىغا ئادەمنىڭ ھىدى ئۇرۇلمىدى. ئۇ بېشىنى ئۇيان-بۇيان قىلىپ بۇ نەرسىنى كۆزەتتى. ئۇ بۇ نەرسىدىن قورقۇنچ ھېس قىلمىدى. بىراق بۇ نەرسىنىڭ ئالدىدا قىرغاقتا بېرىپ سۇ ئىچىشتىن ئىككىلەندى. ئۇ بىر ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىدىن چىققانلىقىنى كۆرۈپ ئېغىر بېشىنى بۇراپ ئىغاڭلىغان ھالدا ئورمانلىققا قاراپ ماڭدى. شۇ چاغدا «پاڭ» قىلغان ئاۋازنى ئاڭلىدى. ئۇ بىر تال *220-06-30* تىپلىق يوتەي ئوقنىڭ بىقىنىغا تېگىپ ئاشقازىنىنى تېشىپ ئۆتكەنلىكىنى، كۆيدۈرگەندەك قاتتىق ئاغرىقتىن كۆڭلىنىڭ ئېلىشىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ چوڭ قەدەم تاشلاپ ئىغاڭلىغان ھالدا دەرەخلىكنى كېسىپ ئۆتۈپ ئېگىز ئۆسكەن ئوت-چۆپلەر ئارىسىدىكى خىلۋەت جايغا قاراپ يۈگۈردى. شۇ چاغدا يەنە «پاڭ» قىلغان بىر ئاۋاز ئۇنىڭ يېنىنى سىيىپ ھاۋانى يېرىپ ئۆتتى. ئاندىن يەنە «پاڭ» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ ئوقنىڭ تۆۋەندىكى قوۋۇرغىسىغا تېگىپ بەدىنىگە ئىچكىرلەپ كىرگەنلىكىنى سەزدى، ئېغىزىدىن تۇيۇقسىز ئىسسىق، كۆپۈكتەك قان ئېتىلىپ چىقتى. ئۇ ئېگىز ئۆسكەن ئوتلاققا قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى. ئۇ ئۇ يەردە زوڭزىيىپ ئولتۇرالايتتى. ئۆزىنى يوشۇرالايتتى. ئاندىن پاڭ-پاڭ ئاۋاز چىقىرالايدىغان نەرسىنى كۆتۈرۈپ كەلگەنلەر يېقىنلاشقان ھامان ئۇلارغا تاشلىنىپ ئۇلارنى

تۇتۇۋالالايتتى.

ماكومبى ماشىنىدىن چۈشكەندە شىرنىڭ نېمە تۈيغۇدا بولغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. پەقەت قولىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنىلا بىلەتتى. ئۇ ماشىنىدىن چۈشىدىغان چاغدا پۇتلىرىنى يۆتكىيەلمەي قالدى. ئۇنىڭ پاچاقلىرى قېتىپ قالغانىدى. لېكىن ئۇ مۇسكۇللىرىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى سېزەلەيتتى. ئۇ مىلتىقنى كۆتۈرۈپ شىرنىڭ بېشى بىلەن بويىنى تۇتاشقان جايىنى نىشانلاپ مىلتىقنى بەتلىدى. گەرچە تەپكىنى قوللىرى سۇنۇپ كەتكىدەك دەرىجىدە باسقان بولسىمۇ بىراق مىلتىقتىن ھېچقانداق ئاۋاز چىقمىدى. شۇندىلا ئۇ مىلتىقنىڭ قۇلۇپىنىڭ ئېتىكلىكىنى بىلدى ھەم مىلتىقنى چۈشۈرۈپ، قۇلۇپىنى ئېچىپ، پۇتلىرى قاتقان ھالدا ئالدىغا بىر قەدەم تاشلىدى. بۇ چاغدا شىر ئۇنىڭ سايىسىنىڭ ماشىنىنىڭ سايىسىدىن ئايرىلغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇرۇلۇپ چوڭ قەدەملەر بىلەن قاچتى. ماكومبى ئوق ئۆزگەندە ياڭ قىلغان ئاۋازنى ئاڭلىدى. بۇ ئوقنىڭ تەككەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. بىراق شىر كېتىۋەردى. ماكومبى يەنە بىرنى ئاتتى. ھەممەيلەن بۇ ئوقنىڭ قېتىپ كېتىپ بارغان شىرنىڭ ئالدىدا تويا ئۆرلەتكەنلىكىنى كۆردى. ئۇ مىلتىق ستۋولىنى تۆۋەنلىتىپ نىشانلاپ يەنە ئاتتى. ئۇلار ئوقنىڭ تەككەنلىكىنى ئاڭلىدى. شىر ئۇچقاندەك قېچىپ، ئۇ قورالنىڭ زاتورىنى ئېتىرىشتىن بۇرۇن ئېگىز ئۆسكەن ئوتلاققا كىرىپ كەتتى.

ماكومبى ئۇ يەردە تۇراتتى. قورسىقى بىئارام بولاتتى. ئۇنىڭ «سىپرىڭفىلد» ماركىلىق مىلتىقنى تۇتقان قولى يەنىلا ئېتىشقا تەييار ھالەتتە بولۇپ تىنماي تىترەيتتى. ئۇنىڭ ئايالى بىلەن روبېرت ۋىلسون ئۇنىڭ يېنىدا ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا يەنە قورال كۆتۈرۈۋالغان ئىككىيلەن بولۇپ، ئۇلار ۋاكامبا تىلى①دا بىرنەرسىلەرنى دېيىشىۋاتاتتى.

— مەن ئۇنىڭغا تەككۈزدۈم، — دېدى ماكومبى، — مەن ئۇنىڭغا ئىككىنى تەككۈزدۈم.

ـ سەن ئۇنىڭ ئاشقازىنىغا تەگكۈزدۈڭ، يەنە ئالدى تەرىپىنىڭ قانداقتۇ بىر يېرىگە تەگكۈزدۈڭ، ـ دېدى ۋىلسون ئېغىر-بېسىق ھالدا، مىلتىق كۆتۈرۈۋالغان ئىككى كىشىنىڭ چىرايى ئىنتايىن تۇتۇق ئىدى. ئۇلار ھېچنېمە دېمىدى.

ـ سەن ئەسلىدە ئۇنى ئۆلتۈرەلىگەن بولاتتىڭ، ـ دېدى ۋىلسون گېپىنى داۋام قىلىپ، ـ بىز بىردەم ساقلاپ تۇرۇپ، ئاندىن ئۇنى ئىزدەيلى.

ـ بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

ـ بىز ئۇنى ئۇ بولالمىغىچە ساقلاپ، ئاندىن قان ئىزى بويىچە ئىزدەپ تېپىۋالىمىز.

ـ ئۇھ، ـ دېدى ماكومبى.

ـ ئۇ بىر قالتىس شىر ئىكەن، ـ دېدى ۋىلسون خۇشال ھالدا، ـ بىراق ئۇ تولىمۇ ئوسال بىر يەرگە قېچىپ كىرىۋالدى.

ـ قانداق ئوسال؟

ـ سەن ئۇنىڭ يېنىغا بارغاندىلا ئاندىن ئۇنى كۆرەلەيسەن.

ـ ئاھ، ـ دېدى ماكومبى.

ـ يۈر، ـ دېدى ۋىلسون، ـ خانىمىڭ ماشىنىدا قالسۇن. بىز بېرىپ قان ئىزىنى كۆرۈپ باقايلى.

ـ تۇرۇپ تۇرۇڭ، ماگى، ـ دېدى ماكومبى ئايالىغا، ئۇنىڭ ئېغىزى قۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، تەستە سۆزلەيتتى.

ـ نېمىشقا؟

ـ ۋىلسون شۇنداق دەيدۇ.

ـ بىز بېرىپ كۆرۈپ باقايلى، ـ دېدى ۋىلسون، ـ سىز قېپقىلىڭ. بۇ يەردە تېخىمۇ ئېنىق كۆرەلەيسىز.

ـ بولىدۇ.

ۋىلسون سىۋاھىلى تىلىدا شوپۇرغا بىرنەرسىلەرنى دېدى. شوپۇر بېشىنى لىڭشىتىپ:
- بولىدۇ، ئەپەندىم، - دېدى.
ئۇلار تىك قىرغاقتىن چۈشۈپ كىچىك دەريادىن ئۆتتى. يۇمىلاق تاشلىقتا يۇقىرىغا مېڭىپ دەرەخ يىلتىزلىرىغا ئېسىلىپ، يامىشىپ قارشى قىرغاقتا ماكومبې تۇنجى ئوقنى ئاتقاندا شىر قېچىپ كەتكەن يەرگە كەلدى. مىلتىق كۆتۈرگۈچى بىر تال ئوتنىڭ غولى بىلەن پاكار ئوت-چۆپ ئۆسۈپ كەتكەن يەردىكى قان دېغىنى كۆرسەتتى. قان ئىزى دەريا ياقىسىدىكى ئورمانلىققىچە داۋاملاشقانىدى.
- بىز قانداق قىلىمىز، - دېدى ماكومبې.
- باشقا ئامال يوق، - دېدى ۋىلسون، - بىز ماشىنىنى ئەكېلەلمەيمىز. قىرغاق تىك، بىز ئۇ ئۆلگىچە ساقلاپ تۇرۇپ، ئاندىن كىرىپ كۆرۈپ باقايلى.
- ئوت-چۆپلەرنى كۆيدۈرۈۋەتسەك بولمامدۇ؟ - دېدى ماكومبې.
- ئوت-چۆپ بەك يېشىل.
- بىز ياۋايى ھايۋان قوغلىغۇچىلارنى ئەۋەتسەك بولماسمۇ؟
ۋىلسون ئۇنىڭغا دەڭسەش نەزىرى بىلەن قارىدى:
- بىز ئەلۋەتتە شۇنداق قىلالايمىز، - دېدى ئۇ، - بىراق بۇ باشقىلارنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەنلىك بولىدۇ. قارا،بىز شىرنىڭ يارىلانغانلىقىنى بىلىمىز. سەن يارىلانمىغان بىر شىرنى قوغلىيالىشىڭ مۇمكىن. ئۇ ئاۋاز ئاڭلىسىلا قاچىدۇ. بىراق يارىلانغان شىر ئادەمگە ئېتىلىدۇ. سەن ئۇنى يېنىغا بارمىغۇچە كۆرەلمەيسەن. ئۇ ئۆزىنى يەرگە چاپلاپ يېتىۋالىدۇ. سەن توشقانمۇ يوشۇرۇنالمايدۇ دەپ قارىغان يەرگە ئۇ يوشۇرۇنۇۋالالايدۇ. سەن قانداقچە قول ئاستىدىكىلەرنى بۇنداق خەتەرگە تەۋەككۇل قىلدۇرالايسەن. باشقىلارنىڭ يارىلىنىشى تۇرغانلا گەپ.
- ئۇنداقتا مىلتىق كۆتۈرگۈچىلەرچۇ؟

- ئۇ، ئۇلار بىز بىلەن بىللە باردۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى. قارا ئۇلار بىلەن تۈزگەن توختامدا بۇ ئىشنى قىلىشى بەلگىلەنگەن. بىراق ئۇلار خۇشال كۆرۈنمەيدۇ، شۇنداقمۇ؟

- بىراق مەن ئۇ يەرگە بېرىشنى خالىمايمەن، - دېدى ماكومبى. ئۇ ھېس قىلغۇچە گېپى ئېغىزىدىن چىقىپ بولدى.

- مېنىڭمۇ بارغۇم يوق، - دېدى ۋىلسون دەرھاللا. - بىراق راستىنلا باشقا ئامال يوقمۇ؟ - ئارقىدىن ئۇ بىر چارىنى ئويلىدى. ئۇ ماكومبىغا قاراپ تۇيۇقسىز ئۇنىڭ لاغىلداپ تىترەۋاتقانلىقىنى، يۈزىدىكى بىچارىلىكنى بايقىدى.

- ئەلۋەتتە، سېنىڭ بېرىشىڭ زۆرۈر ئەمەس، - دېدى ئۇ. - ساڭا ئايان، مەن مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ياللانغان. شۇڭا مېنىڭ ھەققىم يۇقىرى.

- ئۆزۈڭ يالغۇز كىرەي دەمسەن، ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز بولمىسىلا بولمىدىمۇ؟

روبېرت ۋىلسوننىڭ بارلىق خىزمىتى شىرنى ۋە شىرغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ئويلاش ئىدى. ئۇ ئەزەلدىن ماكومبىدا بىرەر نورمالسىزلىق بار دەپ ئويلاپ باقمىغان. يەقەتلا ئۇنىڭ قورقۇنچاقلىقىغا دىققەت قىلغانىدى. ئۇ تۇيۇقسىز مېھمانخانىدا خۇددى بىر ئىشكنى خاتا ئېچىپ سېلىپ بىر رەسۋاچىلىقنى كۆرۈپ قالغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدى.

- بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

- ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز بولمىسىلا بولمىدىمۇ؟

- بىز ئۇنى ئاتمىغاندەكلا دېمەكچىمۇ سەن؟

- ياق، ئۇنى تاشلىۋەتسەك دەيمەن.

- بولمايدۇ.

- نېمىشقا بولمايدۇ؟

- بىر جەھەتتىن قىينىلىۋاتىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن باشقىلار ئۇنى ئۇچرىتىپ قىلىشى مۇمكىن.
- چۈشەندىم.
- بىراق سېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ھەپىلىشىشىڭ ھاجەتسىز.
- ئەكسىچە مەن ئۇنىڭ بىلەن ھەپىلىشىشنى ياخشى كۆرىمەن، - دېدى ماكومبى، - مەن پەقەتلا بىرئاز قورقۇپ تۇرىمەن.بۇ ساڭا ئايان.
- بىللە كىرەيلى، مەن ئالدىدا ماڭاي، - دېدى ۋىلسون، - كونگولۇق ئەگەشسۇن. سەن كەينىمدىن چەتنەپرەك ماڭ. كۆتمىگەندە ئۇنىڭ ھۆركىرىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىشىمىز مۇمكىن. ئۇنى كۆرسەك تەڭلا ئوق چىقىرايلى. ھېچنېمىدىن ئەنسىرىمە. مەن ياردەملىشىمەن. ئەمەلىيەتتە سەن بارمىساڭ ياخشى بولاتتى. ساڭا ئايان، بارمىغىنىڭنىڭ پايدىسى كۆپ بولۇشى مۇمكىن.سەن نېمىشقا ئايالىڭنىڭ يېنىغا قايتىپ كېتىپ بۇ ئىشنى مېنىڭ بىرتەرەپ قىلىشىمغا قويۇپ بەرمەيسەن؟
- ياق، مەن بارىمەن.
- بولىدۇ، - دېدى ۋىلسون، - بىراق، بېرىشنى خالىمىساڭ بارما، بۇ مېنىڭ خىزمىتىمنىڭ بىرقىسمى. بۇ ساڭا ئايان.
- بارىمەن، - دېدى ماكومبى.
ئۇلار بىر دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىشتى.
- بېرىپ ئايالىڭغا بىرنەرسە دەپ قويامسەن، بىز بەربىر بىردەم ساقلايمىز، - دېدى ۋىلسون.
- ھاجىتى يوق.
- ئۇنداقتا مەن بېرىپ بىردەم تەخىر قىلىپ تۇرۇشنى ئېيتىپ قوياي.

- بولىدۇ، - دېدى ماكومبى. ئۇ ئۇ يەردە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قولتۇقى تەرلەپ، ئېغىزى قۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، ئىچىنى كاۋاك بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەن بارماي دېيەلىگۈدەك غەيرەتكە كېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئەگەر ئۇ شۇنداق دېسە، ۋىلسون ئانچىلا ئاچچىقلاپ كەتمەسلىكى مۇمكىن. چۈنكى، ۋىلسون ئۇنىڭ ئەھۋالىغا بۇرۇنراق دىققەت قىلماي ئەمدىلىكتە ئۇنى ئايالىنىڭ يېنىغا قايتۇرۇۋەتمەكچى بولغانىدى. ئۇ ئۇ يەردە ئولتۇرغاندا ۋىلسون قايتىپ كەلدى.

- مىلتىقىڭنى ئالغاچ كەلدىم، - دېدى ئۇ. - ئالغىن، بىز ئۇنى خېلى يەتكۈچە ساقلىدۇق، يۈر.

ماكومبى مىلتىقنى ئالدى، ۋىلسون:

- كەينىمدىن بەش يارد ئارىلىق ساقلاپ ماڭ،نېمە دېسەم شۇنى قىل، - دېدى.ئاندىن سۇاھىلى تىلىدا قوراللىق ئىككى كىشىگە بىر نېمىلەرنى دېدى.

- ماڭايلى، - دېدى ئۇ.

- ئازراق سۇ ئىچىۋالسام بولامدۇ؟ - سورىدى ماكومبى.

ۋىلسون تاسمىسىغا سۇدان ئېسىۋالغان يېشى چوڭراق قورال كۆتۈرگۈچىگە بىرنەچچە جۈملە گەپ قىلدى. ئۇ سۇداننى يېشىپ، ئاغزىنى ئېچىپ ماكومبىغا سۇندى. ماكومبى سۇداننى ئېغىردەك ھېس قىلدى. سۇداننىڭ يالاستىن ئىشلەنگەن قېپى ئۇنىڭغا يۇڭلۇق ھەم قوپال تۇيۇلدى. ئۇ سۇداننى كۆتۈرۈپ سۇ ئىچكەچ ئالدىدىكى ئېگىز ياۋا ئوت-چۆپلەرگە ۋە ئوتلاقنىڭ كەينىدىكى ئۈستى تەكشى ئۆسكەن دەرەخلەرگە قارىدى. بىر يەس سوققان سەلكىن شامال ئۇلار تەرەپكە ئۇچۇپ كەلدى. ياۋا ئوت-چۆپلەر شامالدا يەڭگىل يەلپۈندى. ئۇ ئاشۇ قوراللىق كىشىگە قاراپ، ئۇنىڭمۇ قورقۇنچ ئاۋازىنى تارتىۋاتقانلىقىنى بايقىدى.

ياۋا ئوت-چۆپلۈكنىڭ ئوتتۇز بەش يارد ئىچكىرىسىدە ئاشۇ زور شىر يەرگە چاپلىشىپ

ياتاتتى. ئۇنىڭ قۇلىقى ئارقىغا بۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىردىنبىر ھەرىكىتى قارا تۈكلۈك ئۇزۇن قۇيرۇقىنى سەل لىڭشىتىپ قويۇشلا ئىدى. ئۇ بۇ خىلۋەتكە يېتىپ كېلىپلا ھايات-ماماتلىق ئېلىشىشقا تەييارلانغانىدى. ئۇنىڭ يۇمىلاق قورسىقىنى تىشىپ ئۆتكەن ئوق يارىسى ئۇنى قىينايتتى. ئۇنىڭ ئۆپكىسىنى تىشىپ ئۆتكەن ئوق يارىسى تۈپەيلىدىن ئۇ ھەربىر نەپەسلەنگەندە ئېغىزىدىن سۇس كۆپۈك ئارىلاش قان كېلىپ بارا-بارا ئاجىزلاشتۇرماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئىككى بېقىنى ھۆل ھەم قىزىق ئىدى. قوڭغۇر رەڭلىك تېرىسىدىكى يوتىسى ئوق ھاسىل قىلغان تۆشۈك ئۈستىگە چىۋىن قونۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ بىر جۈپ سېرىق چوڭ كۆزلىرى ئۆچمەنلىكتىن تارىيىپ كەتكەن بولۇپ ئالدىغا قاراپ تۇراتتى. پەقەت نەپەسلەنگەندىلا ئاغرىقتىن كۆزلىرىنى قىساتتى. ئۇنىڭ تىرناقلىرى يۇمشاق، قۇرۇق توپىغا پېتىپ كەتكەنىدى. ئۇ پۈتۈن بەدىنىدىكى ئاغرىق ئازاۋى، بىئاراملىقى، ئۆچمەنلىكى ۋە بارلىق قالدۇق كۈچىنى يىغىپ تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا تەييارلاندى. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالايتتى.

ئۇ پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ ئادەملەرنىڭ ئوتلاققا كىرىشىنى كۈتتى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. قۇيرۇقى چىكىپ مىدىرلىدى. ئۇلار ئوتلاققا كىرىشكە ئۇ يۆتەلگەندەك خىرقىراپ شىددەت بىلەن ئېتىلدى.

ياشىنىپ قالغان كونگولۇق قورال كۆتۈرگۈچى ئالدىدا مېڭىپ قان ئىزىنى تەكشۈردى. ۋىلسون ئوتلاقتىكى ھەربىر تىۋىشقا دىققەت قىلدى. مىلتىقى تەق ئىدى، يەنە بىر قورال كۆتۈرگۈچى ئالدىغا قاراپ دىققەت بىلەن تىڭشاۋاتاتتى. ماكومبى ۋىلسونغا يېقىن بولۇپ ئۇنىڭ مىلتىقى ئېتىشقا تەييار تۇراتتى. ئۇلار ياۋا ئوت-چۆپلۈككە كىرىشكە ماكومبى قان كەپلىشىۋالغان كانايدىن چىققان يۆتەلگەندەك خىرىلدىغان ئاۋازنى ئاڭلىدى ھەم چۆپلۈكتىن بىرنەرسىنىڭ ئېتىلىپ

چىققانلىقىنى كۆردى. ئارقىدىن ئۆزىنىڭ قورقۇپ كېتىپ، ئوچۇقچىلىقتا دەريا تەرەپكە قاراپ جىنىنىڭ بارىچە قېچىۋاتقانلىقىنى بىلدى.

ئۇ ۋىلسوننىڭ مىلتىقىنىڭ «ۋاڭ» قىلغان ئاۋازىنى، ئارقىدىن يەنە بىر قېتىم قۇلاقنى يارغۇدەك «ۋاڭ» قىلغان ئاۋازنى ئاڭلىدى. ئۇ بۇرۇلۇپ شىرنى كۆردى. شىرنىڭ تۇرقى ناھايىتى قورقۇنچلۇق بولۇپ، مىكىسىنىڭ يېرىمى يوق دېگۈدەك ھالدا ئېگىز ئۆسكەن ئوتلاقنىڭ ياقىسىدا تۇرغان ۋىلسونغا قاراپ ئاستا كېتىپ باراتتى. شۇ پەيتتە ئۇ قىزىل يۈز ئادەم كۆرۈمسىز يان قورالنىڭ زاتورىنى ئېتىرىپ پۇختا نىشانلىدى، يان قورال ئېغىزىدىن يەنە بىر قېتىم قۇلاقنى يارغۇدەك ۋاڭ قىلغان ئاۋاز ياڭرىدى. ئېغىر، زور سېرىق بەدىنىنى سۆرەپ ئاستا ئىلگىرىلەۋاتقان شىر قېتىپ قالدى. ئۇنىڭ غايەت زور، كەمتۈك بېشى ئالدىغا دۈم چۈشتى. ماكومبې يالغۇز ھالدا ئۆزى قېچىپ كەلگەن بوشلۇقتا تۇراتتى. قولىدا لىق ئوق قاچىلانغان مىلتىق بار ئىدى. ئىككى قارا تەنلىك، بىر ئاق تەنلىك بۇرۇلۇپ مەنسىتمەسلىك بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ شىرنىڭ ئۆلگەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇ ۋىلسونغا قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئېگىز بويىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ بىر ئەيىبتەك تۇيۇلدى. ۋىلسون ئۇنىڭغا قاراپ:

- رەسىمگە چۈشۈۋالامسەن؟ دەپ سورىدى.

- ھاجىتى يوق دېدى ئۇ.

ئۇلار ماشىنا يېنىغا بارغۇچە شۇ ئىككى ئېغىزى سۆزلەشتى. ئاندىن ۋىلسون:

- قالتىس شىركەن، قول ئاستىمىزدىكىلەر ئۇنىڭ تېرىسىنى سويۇۋالىدۇ. بىز يەنىلا بۇ سالقىن جايدا ساقلاپ تۇرايلى، - دېدى.

ماكومبېنىڭ ئايالى ئۇنىڭغا قارىمىدى. ئۇمۇ ئايالىغا قارىمىدى. ئۇ ئارقا ئورۇندۇقتا ئايالىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. ۋىلسون ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. ئۇ بىر قېتىم

قولىنى ئۆزىتىپ ئايالىنىڭ قولىنى تۇتتى. ئەمما ئايالىغا قارىمىدى. ئايالى قولىنى ئۇنىڭ ئالقىنىدىن تارتىۋالدى. ماكومبى دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى مىلتىق كۆتۈرگۈچىلەر شىر تېرىسىنى سويۇۋاتقان يەرگە قاراپ، ئايالىنىڭ ئىشىنىڭ پۈتۈن جەريانىنى ئېنىق كۆرگەنلىكىنى بىلدى. ئۇلار ئولتۇراتتى. ئايالى ئالدىغا سىلجىپ قولىنى ۋىلسوننىڭ مۈرىسىگە قويدى. ۋىلسون ئارقىسىغا بۇرۇلدى. مارگارېت پاكار ئورۇقدۇقتىن ئالدىغا سوزۇلۇپ ئۇنىڭ ئاغزىغا سۆيدى.

- ئوھوي، - دېدى ۋىلسون، ئۇنىڭ تەبىئىي قىزىل يۈزى تېخىمۇ قىزىرىپ كەتتى.

- روبېرت ۋىلسون ئەپەندى، - دېدى ئۇ، - چىرايلىق قىزىل يۈزلۈك روبېرت ۋىلسون ئەپەندى.

ئۇ ماكومبىنىڭ يېنىدا قايتا ئولتۇرۇپ بۇرۇلۇپ قارشى قىرغاقتىكى شىر ياتقان جايغا قارىدى. شىرنىڭ ئالدى ئىككى پۇتى ئۈستىگە قارىغان تېرىسى سويۇۋېلىنغان ئىدى. قاردەك ئاپئاق مۇسكۇللىرى ۋە پەيلىرى، يەنە تومپىيىپ تۇرغان ئاپئاق قورسىقى چىقىپ قالغان. نېگىرلار تېرىدىكى گۆشلەرنى قىرىۋاتاتتى. قورال كۆتۈرگۈچى ئاخىر نەم ھەم ئېغىر، شىر تېرىسىنى ئېلىپ كەلدى. تېرىنى يۆگەپ ماشىنىغا تارتىپ چىقاردى. ماشىنا قوزغالدى. ھېچكىم ھېچنېمە دېمىدى. ئۇلار كەينىگە قايتتى.

بۇ شىرنىڭ ھېكايىسى. ماكومبى شىرنىڭ تۇيۇقسىز ئېتىلىپ كېلىشتىن بۇرۇن نېمە خىيالدا بولغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ ھۇجۇم قىلىشتىن بۇرۇن سائەتلىك تېزلىكى ئىككى يۈز ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان **505** تىپلىق ئوقنىڭ ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە شىددەت بىلەن ئاغزىغا تەگكەندە قانداق تۇيغۇدا بولغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. ئاخىرىدا ئىككىنچى قېتىملىق شىددەتلىك زەربە بىلەن ئارقا بەدىنى كېرەكتىن چىققان چاغدىمۇ يەنىلا ئۆزىنى خاراپ قىلغان ئەشۇ پاك-پاك قىلىپ ئاۋاز چىقارغان نەرسىگە قاراپ ئىلگىرلىگەنلىكىنى، قانداق بىر كۈچنىڭ ئۇنىڭ

مۇشۇنداق قىلىشقا سەۋەبچى بولغانلىقىنى ئۇ بىلمەيتتى. ئەكسىچە ۋىلسون ئازراق بىلەتتى. ئۇ پەقەت بىر جۈملە سۆز بىلەن «قالتىس شىركەن» دەپ قويدى. بىراق، ماكومبى ۋىلسوننىڭ بۇ ئىشلارغا قارىتا نېمە تۇيغۇدا ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئايالى بىلەن تەتۈر قارىشىپ قالغىنىدىن باشقا ئايالىنىڭ قانداق ھېسسىياتتا ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى.

ئۇ بۇرۇنمۇ ئايالى بىلەن يامانلىشىپ قالغان، بىراق، يىغىشتۇرغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىگە يەتمىگەن ئىدى. ماكومبى ناھايىتى باي ئىدى. ھەم تېخىمۇ باي بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ ئايالىنىڭ ئۆزىدىن ئايرىلىپ كەتمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. بۇ ئۇ بىلىدىغان بىر قانچە ھەقىقىي ئىشلارنىڭ بىرى. ئۇ بۇ ئىشنى بىلەتتى. ئۇنىڭ موتسىكلىت (بۇ ئەڭ بۇرۇنقى ئىش) ، ماشىنا، ياۋا غاز ئوۋلاش، بېلىق تۇتۇش، سالمون بېلىقى، دېڭىز، كىتابلاردىكى جىنسىي مۇھەببەت ھېكايىلىرى، نۇرغۇن كىتابلار، ئىنتايىن نۇرغۇن كىتابلار، مەيداندا ئوينىلىدىغان بارلىق توپ تۈرلىرى، ئىتلار توغرىلىق بىلىدىغانلىرى كۆپ ئىدى. ئاتنى ئانچە بىلىپ كەتمەيتتى. پۇللىرىنى قانداق چىڭ تۇتۇشنى ئۆز دائىرىسىدىكى كىشىلەرنىڭ خېلى كۆپ ئىشلىرىنى بىلەتتى. يەنە ئايالىنىڭ ئۆزىدىن ئايرىلىپ كەتمەيدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. ئۇنىڭ ئايالى ئەزەلدىن ناھايىتى گۈزەل بولۇپ، ئافرىقىدىمۇ ھەم شۇنداق ئىدى. بىراق ئامېرىكىدا ئۇ ئېرىنى تاشلاپ كەتكۈدەك ھەم تېخىمۇ ياخشى كۈن كەچۈرگۈدەك دەرىجىدە گۈزەل ئەمەس ئىدى. ئايالى بۇ ئەھۋالنى بىلەتتى. ئۇمۇ بىلەتتى. ئايالى ئۇنى تاشلاپ كەتكۈدەك پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغان ئىدى، بۇنى ھەم ئۇ بىلەتتى. ئەگەر ئۇ ئاياللار بىلەن مۇئامىلە قىلىشىشتا تەدبىرلىكرەك بولغان بولسا، ئايالى ئۇنىڭ يەنە بىر چىرايلىق ئايال تېپىۋېلىشىدىن ئەنسىرىگەن بولاتتى. بىراق، ئايالىنىڭ ئېرى توغرىلىق بىلىدىغانلىرى ناھايىتى كۆپ بولغاچقا،

بۇ ئىش توغرىلىق غەم يېيىش پۈتۈنلەي ھاجەتسىز ئىدى. يەنە بىر جەھەتتىن ماكومبى ناھايىتى كەڭ قورساق بولۇپ، بۇنى ئۇنىڭدىكى ئەجەللىك ئاجىزلىق دېمىگەندە بۇ ئۇنىڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى.

نېمىلا دېمەيلى، ئۇلار خېلىلا بەختلىك ئەر-خوتۇنلاردىن سانىلاتتى. ئۇلار دائىم ئايرىلىپ كېتىدىغانلىقىغا دائىر گەپ تارقىلىدىغان، بىراق، ئەزەلدىن ئايرىلىپ كەتمەيدىغان ئەر-خوتۇنلار تىپىغا كىرەتتى. بىر ئىجتىمائىي سەھىيە يازغۇچىسىنىڭ يازغىنىدەك: ئۇلار پەقەتلا كىشىلەرنىڭ ئىنتايىن ھەۋىسىنى كەلتۈرگەن ۋە باشتىن-ئاخىر سىناقتىن ئۆتكەن مۇھەببەتكە خەتەردىن بىر قەۋەت ھەل بېرىش ئۈچۈن ئەڭ زۇلمەتلىك ئافرىقا دەپ قارالغان ئاشۇ جايلارغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ ئوۋ ئوۋلىغان، بۇ بىر پارچە زۇلمەتلىك چوڭ قۇرۇقلۇق، مارتىن جونسون ئەر-ئايالنىڭ①نۇرغۇن فىلىملىرى ئارقىلىق نامايان قىلىنغان. ئۇلار ئۇ يەردە شىر، ياۋا كالا، پىل قاتارلىقلارنى ئوۋلىغان ۋە تەبىئەت تارىخى مۇزېيى ئۈچۈن ئەۋرىشكە توپلىغان. ئىجتىمائىي سەھىيە يازغۇچىسى بۇرۇن ئۈچ قېتىم ئۇلارنى «ئاجرىشىش گىردابىغا بېرىپ قالدى» دەپ خەۋەر قىلغان. ئەھۋالمۇ ھەقىقەتەن شۇنداق ئىدى. بىراق ئۇلار دائىم يەنىلا يارىشىپ قالغان. ئۇلارنىڭ بىرلىشىشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس بار ئىدى. مارگارېت ناھايىتى چىرايلىق بولغاچقا ماكومبىنىڭ ئاجرىشىپ كېتىشكە كۆڭلى قىيمايتتى. ماكومبىنىڭ پۇلى ناھايىتى كۆپ بولغاچقا مارگارېتمۇ ئايرىلىشقا چىدىمايتتى.

فىرانسىس ماكومبى شىرنى ئويلىمىغاندىن كېيىن، بىر پەس ئۇخلىۋېلىپ ئويغىنىپ كەتتى، ئاندىن يەنە ئۇخلاپ قالدى. شۇ پەيتتە ئەتىگەن سائەت ئۈچ بولغان بولۇپ، ئۇ چۈشىدە بېشى قانغا مىلەنگەن شىرنىڭ ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قورقۇپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ يۈرىكىنىڭ گۈپۈلدەپ قالايمىقان سوققىنىنى ئاڭلاپ

يېتىپ ئايالىنىڭ كەينىدىكى يەنە بىر كاناپ كارىۋاتتا يوقلىقىنى بايقىدى. ئۇ ئىككى سائەت ئويغاق يېتىپ، بۇ ئىشنى كاللىسىدىن چىقىرىۋېتەلمىدى.

ئىككى سائەتتىن كېيىن ئۇنىڭ ئايالى كەينىگە كىرىپ كەلدى. پاشىلىقنى قايرىپ بىمالال كارىۋىتىغا چىقىپ ياتتى.

- نەگە باردىڭ؟ - دەپ سورىدى ماكومبې قاراڭغۇلۇقتا.

- ھە، - دېدى ئۇ، - سىز ئويغاندىڭىزمۇ؟

- نەگە باردىڭ؟

- ساپ ھاۋادىن نەپەسلىنىش ئۈچۈن بايىلا چىققانىتىم.

- بەلەن ئىش قىلدىڭ، ئۆلگۈر.

- سىز مېنىڭ نېمە دېيىشىمنى تەلەپ قىلسىز، قەدىرلىكىم؟

- نەگە باردىڭ؟

- ساپ ھاۋادىن نەپەسلەنگىلى چىققان.

- بۇ ئەكسىچە ئۇ ئىشنىڭ يېڭىچە نامى، پەسكەش قانجۇق.

- ھە، سىز دېگەن بىر توخۇ يۈرەك.

- شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ - دېدى ئۇ.

- مېنىڭچە ھېچنېمە. بىراق، ماڭا گەپ قىلمىسىڭىز، سۆيۈملۈكۈم. مەن بەك چارچاپ كەتتىم.

- سەن مېنى ھەممىگە چىدايدۇ دەپ ئويلامسەن؟

- بىلىمەن، سىز چىدايسىز، قەدىرلىكىم.

- ھەي، مەن چىدىيالمايمەن.

- قەدىرلىكىم، ماڭا گەپ قىلمىسىڭىزچۇ، مەن بەك چارچاپ كەتتىم.

- بۇنداق ئىشنى يەنە قىلغۇچى بولما، سەن قىلماسلىققا ماقۇل بولغان.

- ھەم، ھازىر يەنە قىلدىم، - دېدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن.

- بۇ قېتىم ساياھەتكە چىقساق بۇنداق ئىش ھەرگىز سادىر بولمايدۇ دېگەنتىڭ، سەن ماقۇل بولغان.

- شۇنداق سۆيۈملۈكۈم، مەن شۇنداق دېگەنتىم. بىراق، بۇ قېتىمقى ساياھىتىمىز تۈنۈگۈن تۈگەشتى. بىز ئۇ توغرىدا سۆزلەشمىسەك قانداق بولامدۇ؟

- پۇرسەت بولسىلا قولدىن بەرمەيدىكەنسەن. توغرىمۇ؟

- ماڭا گەپ قىلماڭ، مەن ناھايىتى چارچاپ كەتتىم، سۆيۈملۈكۈم.

- گەپ قىلمەن.

- ئۇنداقتا مېنى ئاۋارە قىلماڭ، مەن ئۇخلاپ قالغىلىۋاتىمەن، - ئارقىدىن ئۇ ھەقىقەتەن ئۇخلاپ قالدى.

تاڭ تېخى يورۇمىغان ئىدى. ئۇلار ئۈچى ئۈستەل ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ ئەتىگەنلىك تاماقنى يەۋاتاتتى. فىرانسىس ماكومبى ئۆزى نەپرەتلىنىدىغان نۇرغۇن ئادەملەر ئىچىدە ھەممىدىن بەك نەپرەتلىنىدىغىنى روبېرت. ۋىلسون ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

- ياخشى ئۇخلىدىڭمۇ؟ - ۋېلسون تۈرۈپكىسىغا تاماكا قاچىلىغاچ دىمىقىدا سورىدى.

- ئۆزۈڭ ياخشى ئۇخلىغانسەن؟

- قالتىس، - دېدى بۇ ئاقتەنلىك ئوۋچى.

«ھۇ ھايۋان» دەپ ئويلىدى ماكومبى «سەن بىر مەنمەنچى ھايۋان».

«ئۇ كەپىسگە قايتقاندا ئۇنى ئويغىتىۋېتىپتۇ-دە» دەپ ئويلىدى ۋىلسون ھېسسىياتسىز، سوغۇق نەزەرى بىلەن ئۇ ئىككىسىگە قاراپ. «ھوي ئۇ نېمىشقا ئايالىنى تۇرۇشقا تېگىشلىك جايدا تۇرغۇزمايدۇ. ئۇ مېنى قانداق نەرسە دەپ ئويلاپ قالغاندۇ. بىر ئۆلگۈر مۇرتىنىڭ گەج ھەيكىلى دەپ قالغانمىدۇ. كىم ئۇنى ئايالىنى

تۇرۇشقا تېگىشلىك جايىدا تۇرغۇزمىسۇن دەپتۇ. بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكى.»

- سىزنىڭچە بىز ياۋا كالا تاپالارمىزمۇ؟ - مارگارېت شۇنداق دېگەچ قولى بىلەن بىر داس ئۆرۈكنى ئىتتىرىپ قويدى.

- ئېيى كەلسە ئۇچرىتىمىز - دېدى ۋىلسون ئۇنىڭغا تەبەسسۇم قىلىپ، - سىز نېمىشقا لاگىردا قېپ قالمايسىز.

- قېپقالمايمەن، - دېدى ئۇ ئۇنىڭغا.

- نېمىشقا ئۇنىڭغا لاگىردا قېلىپقال دېمەيسەن؟ - دېدى ۋىلسون ماكومبىغا.

- سەن دە، - دېدى ماكومبى سوغۇق ھالدا.

بىزگە ھېچقانداق تاپىلاش كەتمەيدۇ، - دېدى مارگارېت يۈزىنى بۇراپ ئىنتايىن خۇشاللىق بىلەن ماكومبىغا. - ئەخمەقلىق قىلماڭ، فىرانسىس.

- سەن يولغا چىقىش تەييارلىقىنى قىلىپ بولدۇڭمۇ؟ - سورىدى ماكومبى.

- قاچاندا يولغا چىقساق بولۇۋېرىدۇ، - دېدى ۋىلسون، - سەن ئايالىڭنىڭ بېرىشىغا قوشۇلامسەن؟

- قوشۇلاي ياكى قوشۇلماي بۇنىڭ نېمە پەرقى بار؟

«تازىمۇ چاتاق بولدى» دەپ ئويلىدى ۋىلسون. نېمە دېگەن رەسۋاچىلىق. بۇ ئىشتىن ھامان مۇشۇنداق غەۋغا چىقاتتى. باشتىن قارىغاندىمۇ ھەم شۇنداق.

- ھېچقانداق پەرق يوق، - دېدى ئۇ.

- سەن مېنى ياۋا كالا ئوۋلاشقا ئەۋەتىۋېتىپ، ئۆزۈڭ ئۇنىڭ بىلەن لاگىردا قېلىشنى خالىمامسەن؟

- بولمايدۇ، - دېدى ۋىلسون، - مەن سېنىڭ ئورنۇڭدا بولسام بۇنداق يالغان-ياۋداق گەپنى قىلمىغان بولاتتىم.

- مەن يالغان گەپ قىلمىدىم. مەن بىزارلىق ھېس قىلىۋاتىمەن.

- فىرانسىس، ئورۇنلۇقراق گەپ قىلسىڭىز قانداق؟ - دېدى ئۇنىڭ ئايالى.

- مېنىڭ گەپلىرىم، ئاناڭنى، بەك ئورۇنلۇق بولۇپ كەتتى. - دېدى ماكومبى. - سەن مۇشۇنداق پاسكىنا نەرسىنى يەپ باققانمۇ؟

- تاماقتا بىرەر چاتاق بارمىكەن؟

- چاتىقى باشقا ئىشلاردىكى چاتاققا يەتمەيدۇ.

- مەن ساڭا «ئۆزۈڭنى بېسىۋال دېيەلەيمەن يىگىت، - دېدى ۋىلسون ئىنتايىن ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن، - ئۈستەل يېنىدا كۈتكۈچىلىك قىلىدىغان مالايلارنىڭ بىرى ئازراق ئىنگلىزچە بىلىدۇ.

- ئۇ كۆزۈمدىن يوقالسۇن.

ۋىلسون ئورنىدىن تۇردى. تاماكا چەككەچ ئۇنى ساقلاپ تۇرغان مىلتىق كۆتۈرگۈچىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا سىۋاھىر تىلىدا بىر نەرسە دېدى. ماكومبى بىلەن ئۇنىڭ ئايالى ئۈستەل يېنىدا ئولتۇراتتى. ماكومبى ئۆزىنىڭ قەھۋە ئىستاكانىغا تىكىلگەن ئىدى.

- سىز بۇنداق جەدەل قىلسىڭىز، مەن سىزدىن ئايرىلىپ كېتەمەن سۆيۈملۈكۈم، - دېدى مارگارېت سالماقلىق بىلەن.

- ياق، سەن ئۇنداق قىلمايسەن.

- سىناپ باقسىڭىز بىلىسىز.

- سەن مەندىن ئايرىلىپ كەتمەيسەن.

- توغرا، - دېدى ئۇ، - مەن سىزدىن ئايرىلىپ كەتمەيمەن. بىراق سىز ئەدەپلىكرەك بولۇڭ.

- ئەدەپلىكرەك بولىمەن؟ قالتىس گەپ قىلدىڭ. مەن ئەدەپلىكرەك بولىمەن.

- ئۇنداق ئەمەس، ئەدەپلىكرەك بولۇڭ.

- سەن نېمىشقا ئۆزۈڭ ئەدەپلىك بولۇشنى سىناپ باقمايسەن؟
- سىنىغىنىمغا ئۇزۇن بولدى. ناھايىتى ئۇزۇن بولدى.
- مەن ئەشۇ قىزىل يۈز مەخلۇقتىن بىزار، - دېدى ماكومبى، - مەن ئۇنىڭ سايىسىنى كۆرسەممۇ سەپرايىم ئۆرلەيدۇ.
- ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى سۆيۈملۈك.
- ئاھ، دېمەيلا قوي، - ماكومبى ھەتتا ۋارقىرىۋەتتى. بۇ چاغدا ماشىنا كېلىپ تاماق كەپىسىنىڭ ئالدىدا توختىدى. شوپۇر بىلەن ئىككى نەپەر مىلتىق كۆتۈرگۈچى ماشىنىدىن چۈشتى. ۋىلسون كېلىپ، ئۈستەل يېنىدىكى بىر جۈپ ئەر-خوتۇنغا قارىدى.
- ئوۋغا بارامدۇق؟ - سورىدى ئۇ.
- بارىمىز، - ماكومبى شۇنداق دېگەچ ئورنىدىن تۇردى، - بارىمىز.
- بىر يوپايكا ئېلىۋالغىنىڭىز ياخشى. ماشىنا ماڭغاندا توڭۇپ قالىسىز، - دېدى ۋىلسون.
- مەن خۇرۇم چاپان كىيىۋالاي، - دېدى ماگى.
- مالاي ئېلىپ كەلدى، - دېدى ۋىلسون ئۇنىڭغا، ئۇ ماشىنىغا چىقىپ شوپۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. فىرانسىس ماكومبى بىلەن ئايالى ھېچنېمە دېمەي ئارقا ئورۇنغا جايلاشتى.
«بۇ قاپاقباش دىققەت قىلماي ئارقامدىن مىڭەمنى چۇگۇۋەتمىسە بولاتتىغۇ» دەپ ئويلىدى ۋىلسون. «ئاياللار ئوۋ ئوۋلاش ئەترىتى ئۈچۈن راستىنلا بىر ئاۋارىچىلىق».
ماشىنا كۆلەڭ تاڭ نۇرى ئاستىدا جالاق-جۇلۇق ئاۋاز چىقىرىپ تۆۋەنگە قاراپ مېڭىپ يوتۇنلەي يۇمۇلاق تاشلار بىلەن تولغان دەريانىڭ تېيىز قىنىدىن ئۆتۈپ قىرغاققا قاراپ ئىلگىرلىدى. ۋىلسون ئالدىنقى كۆنى باشقىلارغا تاپىلاپ ئۇ يەرگە

يول ئاچقۇزۇپ قويغان ئىدى. شۇڭا ئۇلار قىرغاقتىكى باغچىغا ئوخشايدىغان باراقسان ئورمانلىقتا، يەر شەكلى ئېگىز-پەس يەرگە يېتىپ باراالايتتى.

«نېمە دېگەن چىرايلىق سەھەر، دەپ ئويلىدى ۋىلسون. ئەتراپىنى شەبنەم قاپلىغان، ماشىنا چاقى ئوت-چۆپلەر بىلەن پاكار دەرەخلەرنىڭ ئۈستىدىن دەسسەپ ئۆتكەندە ئۇ يەنچىلگەن سۆتلۈك ئوت ھىدىنى پۇرىيالايتتى. بۇ قامچا ئوتنىڭ پۇرىقىغا ئوخشاپ كېتەتتى. ماشىنا بۇ ئادەم ئايىغى تەگمىگەن، باغچىغا ئوخشايدىغان جايدىن ئۆتتى. ئۇ مۇشۇ خىل تاڭ شەبنىمىنىڭ ھىدىنى، چەيلەنگەن سۆتلۈك ئوت ھىدىنى ۋە سەھەردىكى تۇماندا قارا كۆرۈنىدىغان دەرەخ غولىنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ھازىر ئارقا ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئىككەيلەننى خىيالىغا كەلتۈرمەي ياۋا كالىنى ئويلىدى. ئۇ ئىزدىگەن ياۋا كالىلار كۈندۈزدە لاي-پاتقاقتا تولغان سازلىقتا تۇراتتى. ئۇ يەردە ئۇلارنى ئېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىراق كەچتە بۇ ئەتراپتىكى ئوچۇقچىلىقتا ئوزۇق ئىزدەيتتى، ئەگەر ئۇ ماشىنا بىلەن ئۇلارنى سازلىقتىن ئايرىۋېتەلىسە ماكومبىغا ئۇلارنى ئېتىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى چىققان بولاتتى. ئۇنىڭ ماكومبى بىلەن قويۇق ئورمانلىقتىكى خىلۋەت جايدا ياۋا كالا ئوۋلىغۇسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ماكومبى بىلەن ياۋا كالا ياكى ھەرقانداق ياۋايى ھايۋان ئوۋلىغۇسى يوق ئىدى. لېكىن ئۇ بىر كەسىپي ئوۋچى. ئۇ بۇ ئۆمرىدە كەم ئۇچرايدىغان ئادەملەر بىلەن بىللە ئوۋ ئوۋلىغان ئىدى. ئەگەر بۈگۈن ياۋا كالا ئوۋلىيالىسا ئوۋلىمىغان پەقەت كەركىدان قالىدۇ. شۇنداق بولغاندا بۇ بىچارە ئەبلەخ ئۆزىنىڭ خەتەرلىك ئويۇننى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. ئاندىن ئىشلار ياخشىلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ قايتا ئۇ ئايال بىلەن ھېچقانداق مۇئامىلە قىلىشمايدۇ. ماكومبمۇ بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتەر. قارىغاندا ئۇ بۇنداق ئىشلارنى بېشىدىن كۆپ ئۆتكۈزگەندەك قىلىدۇ. بىچارە بايقۇش ئۇنىڭ بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كېتىشكە چوقۇم چارىسى بار. ھەي، بۇ ئاشۇ

بىچارە يۇمشاق باشىنىڭ ئۆلگۈر سەۋەنلىكى.

ئۇ روبېرت ۋىلسون، ئوۋ ئوۋلاش ئەترىتىگە قوش كىشىلىك كاناي كاراۋات ئېلىپ كەلگەن. ئۇ بۇنى دۆچ كېلىش ئېھتىمالى بولغان ئىشقى-مۇھەببەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن تەييارلىغان ئىدى. ئۇ بۇرۇن بەزى خېرىدارلارغا ھەمراھ بولۇپ ئوۋ ئوۋلىغان. ئۇلار تۇرمۇشتا شاللاق، بۇزۇقچىلىقتا چېكىگە يەتكەن، ئوخشاش بولمىغان دۆلەت تەۋەلىكىدىكى ئادەملەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاياللار ئەگەر بۇ ئاق تەنلىك ئوۋچى بىلەن بىر كاراۋاتقا چىقالمىسا ئۆزلىرىنىڭ خەجلىگەن پۇلىنى بىكارغا كەتتى دەپ قارىشاتتى. ئۇ ئۇلاردىن ئايرىلغاندا ئۇلارنى مەنسىتمىگەن، گەرچە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ياخشى كۆرگەن بىر نەچچىسى بولسىمۇ، بىراق ئۇ مۇشۇ خىل ئادەملەرگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى. پەقەت ئۇلار ياللىسىلا ئۇلارنىڭ ئۆلچىمى ئۇنىڭمۇ ئۆلچىمى بولۇپ قالاتتى.

ئوق ئېتىش ماھارىتىنى دېمىگەندە ھەممە جەھەتتە ئۇلار ئۇنىڭ ئۆلچىمى ئىدى. ئوۋچىلىقتا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆلچىمى بار ئىدى.ئۇلار ئۇنىڭ بۇ ئۆلچىمىگە ھۆرمەت قىلمىسا باشقىلارنى ياللاپ ئوۋغا چىقسىمۇ ئىختىيارى ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭ مۇشۇ پوزىتسىيىسى سەۋەبلىك ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى. بىراق بۇ ماكومبى شەك-شۈبھىسىز بىر غەلىتە نېمە ئىدى. يەنە دېسەك ئۇنىڭ ئايالى. ھە بۇ ئايال، شۇنداق بۇ ئايال. ھەم بۇ ئايال. بولدىلا، ئۇ ھەممىنى بولدى قىلدى. ئۇ ئۇلارغا بىر قاراپ قويدى. ماكومبى قاتتىق غەزەپتىن چىرايى پۈرۈلگەن ھالدا ئولتۇراتتى. مارگارېت ۋىلسونغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. ئۇ بۈگۈن قارىماققا تېخىمۇ ياش، تېخىمۇ سەبى، تېخىمۇ نازىنىن بولۇپ، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىكىدەك ياسالما گۈزەل كۆرۈنمەيتتى. «ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى پەقەت خۇدا بىلىدۇ»دەپ ئويلىدى ۋىلسون. تۈنۈگۈن كەچتە مارگارېت كۆپ سۆزلىمىگەن ئىدى. بۇ ئىشنى ئويلاپ ئۇنى كۆرۈش بىر خۇشاللىق

ئىدى.
ماشىنا بىر دۆڭگە ياماشتى. يول بويى ئورمانلىقنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئاندىن ياۋا ئوت-چۆپ باسقان يايلاقتا ئوخشايدىغان ئوچۇقچىلىققا چىقتى. ئوچۇقچىلىقنى ياقىلاپ، دەرەخلەرنىڭ دالدىسىدا كېتىۋېتىپ شوپۇر سۈرئەتنى ئاستىلاتتى. ۋىلسون بۇ ئوتلاقنى ۋە ئۇنىڭ چەت-ياقىلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ كۈزەتتى. ماشىنىنى توختاشقا بۇيرۇپ، دۇربۇن بىلەن ئوچۇقچىلىققا قاراپ چىقتى. ئاندىن شوپۇرغا داۋاملىق مېڭىشنى ئىشارەت قىلدى. شوپۇر ماشىنىنى ئاستا قوزغاپ چوشقا ئۆۋىلىرى ۋە چىمولە دۆڭلىرىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ يۈرۈپ كەتتى. ئارقىدىن ۋىلسون ئوچۇقچىلىقنىڭ نېرىسىغا قاراپ، تويۇقسىز يۈزىنى بۇراپ:
- ۋاي خۇدا، ئۇلار ئۇ يەردىكەن، - دېدى.
ماشىنا تېز ئىلگىرىلىدى. ۋىلسون سىۋاھىلى تىلىدا شوپۇرغا ناھايىتى تېز سۆزلەپ بىر نەرسىلەرنى دېدى. ماكومبې ئۇ قولى بىلەن كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ ھەم ئۇزۇن، ھەم كالامپاي، يوملاق تۆۋرۈك سىياقىدىكى يوغان ماي ماشىنىسىغا ئوخشايدىغان قارا ئۈچ ياۋايى ھايۋاننىڭ ئۇچقاندەك چېپىپ كەڭ ئوتلاقنىڭ بىر تەرىپىنى كېسىپ ئۆتكەنلىكىنى كۆردى. ئۇلار شۇنچە تېز يۈگرەيتتى. بويىنى ۋە بەدىنى قاتتىق ئىدى. ئۇلار بېشىنى چىقىرىپ چېپىپ كېتىپ بارغاندا ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قاراپ ئۆسكەن كەڭ قارا مۈڭگۈزى كۆزگە تاشلىناتتى. بېشى مىدىرلىمايتتى.
- ئۈچ قېرى بۇقا ئىكەن، - دېدى ۋىلسون، - بىز ئۇلارنىڭ سازلىققا بېرىش يولىنى ئۈزىۋېتەيلى.
ماشىنا شىددەت بىلەن سائىتىگە قىرىق بەش ئىنگلىز مىللىق سۈرئەتتە ئوچۇقچىلىقنى كېسىپ ئۆتتى. ماشىنا يېقىنلاشقانسېرى ياۋا كالىلار ماكومبېغا تېخىمۇ يوغان كۆرۈندى. ئۇ ئاخىر بىر زور كەلگەن، كۈلرەڭ، تۈكسىز، قوتۇر باسقان

ياۋا كالىنى ئېنىق كۆردى. ئۇنىڭ بويىنى مۆرىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، مۆڭگۆزى يارقىراق ھەم قارا ئىدى. ئۇ باشقا ئىككى ياۋا كالىنىڭ ئارقىسىدا بولۇپ، ئۇلار رەتلىك ھالدا پۇختا قەدەملەر بىلەن قېچىپ كېتىپ باراتتى. ماشىنا يولدىن چىقىپ كەتكەندەك قاتتىق بىر سىلكىندى. ئۇلار يېتىشىۋالغىلى ئازلا قالدى. ماكومبى ئالدىغا چاپچىپ كېتىپ بارغان بۇقىنىڭ غايەت زور تېنىنى، شالاڭ تۈكلەر ئۆسكەن تېرىسىدىكى توپا-چاڭنى، مۆڭگۆزى ئۆسۈپ چىققان جايىنى ۋە تۆشۈكى يوغان بۇرنىنى كۆردى. ئۇ مىلتىقنى كۆتۈرۈشكە، ۋىلسون:

- ماشىنىنىڭ ئۈستىدە ئەمەس، قاپاقباش، - دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇ ۋىلسوندىن قورقمايتتى. پەقەتلا ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنەتتى. بۇ پەيتتە ماشىنا تورمۇزلاندى. لېكىن ماشىنا سىيرىلىپ، بىر تەرەپكە قىيسىيىپ قالدى. ماشىنا يەنىلا مۇقىم توختىمىغان ئىدى. ۋىلسون بىر تەرەپتىن، ماكومبى بىر تەرەپتىن ماشىنىدىن چۈشتى. يەر ھەرىكەتلىنىۋاتقاندەك ئۇ دەلدۈگۈنۈپ كەتتى. ئارقىدىن قېچىپ كېتىپ بارغان ياۋا كالىغا قارىتىپ ئوق ئاتتى. بىردىن-بىردىن ياڭلىداپ ئېتىلغان ئوقنىڭ كالىنىڭ تېنىگە كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. بىر خىل قىياپەتتە قېچىپ كېتىپ بارغان ياۋا كالىغا قارىتىلغان قورالدىكى ئوقلار پۈتۈنلەي ئېتىلىپ بولدى. ئاخىر ئۇ ياۋا كالىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ بويىنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېتىشنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ قولاشمىغان ھالدا قورالىغا ئوق سېلىۋېتىپ ياۋا كالىنىڭ يىقىلغانلىقىنى كۆردى. ياۋا كالا يەرگە تىزلىنىپ يوغان بېشىنى ئارقىسىغا كۆتۈرەتتى. باشقا ئىككى ياۋا كالا يەنىلا ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىپ باراتتى. ئۇ ئالدىدا باشلاپ كېتىۋاتقانغا قارىتىپ ئوق ئېتىپ تەككۈزدى. ئۇ يەنە بىرنى ئاتتى. ئوق تەگمەي قاراسلىغان ئاۋاز چىقاردى. ۋىلسونمۇ ئوق ئاتتى. ئاندىن باشلاپ كېتىۋاتقان ياۋا كالىنىڭ ئالدىغا يىقىلىپ، بۇرنىنىڭ يەرگە سوقۇلغانلىقىنى كۆردى.

- يەنە بىرسىنى يېقىت، - دەپ ۋارقىرىدى ۋىلسون، - ھەي، دەرھال ئات.

بىراق ئۇ ياۋا كالا بىر خىل ھالەتتە ئۇچقاندەك قېچىپ كېتىپ باراتتى. ئۇ ئوق ئېتىپ تەككۈزەلمىدى. ئوق يەردىن توپا توزۇتتى. ۋىلسوننىڭمۇ ئوقى تەگمەي يەردىن بۇلۇتتەك توپا ئۆرلەتتى، ئارقىدىن ۋىلسون:

- ماڭ، ئۇ يىراقلاپ كەتتى، - دېدى ئۇنىڭ بىلىكىنى تۇتۇپ، ئۇلار ماشىنىغا چىقىپ ماشىنىنىڭ ئىككى تەرەپتىكى باسقۇچىغا دەسسەپ تۇردى. ماشىنا ئىگىز-پەس يولدا سىلكىنىپ تېز ئىلگىرىلەپ، بويىنىنى قاتتىق تۇتۇپ، پۇختا قەدەملەر بىلەن قېچىپ كېتىپ بارغان ياۋا كالىنى قىستاپ كەلدى.

ئۇلار ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى. ماكومبى قورالىنى ئوقلاۋاتقاندا ئوقدان يەرگە چۈشۈپ كەتتى. كۈتمىگەندە قورالدىن كاشىلا چىقتى. ئۇ كاشىلىنى ئوڭشاپ بولغان شۇ پەيتتە ئۆزلىرىنىڭ ياۋا كالىغا يېتىشىۋالغانلىقىنى كۆردى. ۋىلسون:

- ماشىنىنى توختات، - دەپ ۋارقىرىدى. ماشىنا توختىدى، لېكىن سىيرىلىپ ئۆرۈلۈپ كەتكىلى تاسلا قالدى. ماكومبى ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، تېزلىكتە مىلتىق زاتورىنى ئىتتىرىپ قېچىپ كېتىپ بارغان بەدىنى يۇمىلاق كەلگەن ياۋا كالىنىڭ قارا دۈمبىسىنى نىشانلاپ ئاتتى. يەنە نىشانلاپ ئاتتى. يەنە بىرنى، يەنە بىرنى ئاتتى. ئوقلارنىڭ ھەممىسى تەگدى. بىراق ئۇ ياۋا كالىدا بۇنىڭ ھېچقانداق ئىنكاسىنى كۆرمىدى. ئارقىدىن ۋىلسون ئاتتى. ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلاق پەردىسىنى يىرتىۋېتىدىغاندەك ئاڭلاندى. ئۇ ياۋا كالىنىڭ دەلدەڭشىگەنلىكىنى كۆردى. ماكومبى ئەستايىدىل قارىغا ئېلىپ يەنە بىر ئاتتى. شۇندىلا ياۋا كالا يېقىلىپ يەرگە تىزلىنىپ قالدى.

- بەلەن بولدى، - دېدى ۋىلسون، - ئۇلار جەمئىي ئۈچ.

ماكومبى خۇددى مەس بولۇپ قالغاندەك ھاياجانلانغان ئىدى.

- سەن نەچچە ياي ئاتتىڭ؟ - سورىدى ئۇ.

- ئۈچلا ياي، - دېدى ۋىلسون، - سەن بىرىنچى بۇقىنى ئۆلتۈردۈڭ. ئەڭ چوڭىنى، قالغان ئىككىسىدە مەن ساڭا ياردەملەشتىم. ئۇلارنىڭ خىلۋەت جايغا قېچىپ بېرىۋېلىشىدىن ئەنسىرىگەن ئىدىم. ئۇلارنى سەن ئۆلتۈردۈڭ. مەن پەقەت ئازراق ياردەملەشتىم. سەن ناھايىتى قالتىس ئاتتىڭ.

- بىز ماشىنىغا چىقايلى، - دېدى ماكومبى، - مەن بىر ئاز ھاراق ئىچەي.

- ئاۋۋال ئۇ بۇقىنى جايلىۋېتەيلى، - دېدى ۋىلسون.

ياۋا كالا يەرگە تىزلىنىپ بېشىنى غەزەپ بىلەن تولغايتتى. ئۇلار ئۇنىڭغا يېقىنلاشقاندا ئۇ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن بىر جۈپ كىچىك كۆزى بىلەن ئۇلارغا چەكچىيىپ ئەسەبىيلەرچە ھۆركىرىدى.

- پەخەس بول، ئۇنى ئورنىدىن تۇرغىلى قويما، - دېدى ۋىلسون. ئارقىدىن يەنە، - يان تەرىپىدە تۇرۇپ ئۇنىڭ بويىنىغا ئات. قۇلىقىنىڭ ئارقىسىدىكى جايغا، - دېدى.

ماكومبى ئەستايىدىل قارىغا ئېلىپ ئۇنىڭ زور، ھۆركىرەشتىن تولغانغان بويىنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاتتى. ئوق ئاۋازى ياڭراش بىلەن تەڭ ئۇنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى.

- بەلەن ئاتتىڭ، - دېدى ۋىلسون، - ئومۇرتقىسىغا تەگدى. ئۇلارنىڭ تۇرقى تولىمۇ كۆركەم، شۇنداقمۇ؟

- بېرىپ ئازراق ھاراق ئىچەيلى، - دېدى ماكومبى، ئۇ ئۆمرىدە ئەزەلدىن بۇنچە خۇشال بولۇپ باقمىغان ئىدى.

ماكومبىنىڭ ئايالى ماشىنىدا چىرايى تاتارغان ھالدا ئولتۇراتتى.

- سىزنىڭ قىلغانلىرىڭىز ھەقىقەتەن قالتىس بولدى، قەدىرلىكىم، - دېدى ئۇ ماكومبىغا، - ماشىنىنى شۇنچە خەتەرلىك ھەيدىگەن بارمۇ؟

- بەك سىلكىنىپ كەتتىڭىزمۇ؟ - سورىدى ۋىلسون.

- ھەققەتەن قورقۇنچلۇق. ئۆمرۈمدە ئەزەلدىن بۇنداق قورقۇپ باقمىغان ئىدىم.
- بىر ئاز ھاراق ئىچەيلى، - دېدى ماكومبى.
- ئەلۋەتتە بولىدۇ، - دېدى ۋىلسون. - ئالدى بىلەن ئايالىڭغا بەر.

مارگارېت يايلاق ھاراق بوتۇلكىسىنى ئېلىپ بىر يۇتۇم ۋىسكى ئىچتى. ھاراقنى يۇتقاندا ئازراق تىترەپ كەتتى. ئۇ بوتۇلكىنى ماكومبىغا بەردى. ماكومبى ۋىلسونغا ئۇزاتتى.

## مەن مەڭگۈ تۇخۇم تەرەپتە تۇرىمەن

سۇنشاڭ چۈنشۇ (ياپونىيە)

(ياپونىيە يازغۇچىسى سۇنشاڭ چۈنشۇنىڭ ئىروسالىمدا ئەدەبىيات مۇكاپاتى تاپشۇرۇپ ئالغاندا سۆزلىگەن نۇتۇقى)

نۇرگۈل ھېيت تەرجىمىسى

مەن بۈگۈن بىر يازغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن شۇنداقلا مەخسۇس يالغان سۆزلەيدىغان كەسپى يالغانچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئىروسالىمغا كەلدىم .

ئەلۋەتتە، دۇنيادا پەقەت يازغۇچىلارلا يالغان سۆزلەپ قالماستىن، سىياسىئونلارمۇ يالغان سۆزلەيدۇ. تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋە گېنىراللارمۇ بەزىدە يالغانچىلىقتىن مۇستەسنا بولالمايدۇ. لېكىن ھېچكىم يازغۇچىلارنى يالغانچى دەپ ئەيىبلىمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، يازغۇچىلارنىڭ يالغاننى توقۇش ھۈنىرى قانچە يۇقىرى بولغانسىرى خەلقنىڭ ۋە ئوبزورچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىدۇ. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟

مېنىڭ جاۋابىم شۇكى، يازغۇچى ماھارەت ئارقىلىق يالغانچىلىق قىلىدۇ .يازغان ئەسىرىنى ئادەم راستىكەن دەپ قالىدۇ. ئۇ رېئاللىقتىكى راست ئىشلارنى باشقا بىر مۇھىت ۋە شارائىتقا ئېلىپ بېرىپ، تالانتى ئارقىلىق ئۇنىڭغا يېڭىدىن مەنالارنى قوشىدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئەمەلى ئىشلارنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى تەپسىلاتىنى توپتوغرا قىلىپ ئەينەن يېزىش تولىمۇ تەس ئىش. شۇڭا بىز رېئاللىقنى پەردازلاپ، يوشۇرۇپ غۇۋا نامايەن قىلىمىز، ئاندىن ئۇنى خىيالى توقۇلما مۇھىتقا ئېلىپ كىرىپ، بەدىئى توقۇلما ئارقىلىق ئۇنى رېئاللىقنىڭ ئورنىغا دەسسىتىمىز. بۇ نۇقتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىز ھەقىقەتنىڭ نەدىلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. مانا بۇ مەخسۇس يالغاننى توقۇيدىغانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم قابىلىيىتى .

لېكىن مېنىڭ بۈگۈن سۆزلىگەنلىرىم ھەرگىز يالغان گەپ ئەمەس. مەن

سەمىمى بولۇشقا كۈچۈمنىڭ بىرىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىمەن. مەن بىر يىلدا پەقەت بىر نەچچە كۈنلا يالغان- ياۋداق گەپ قىلمايى راست گەپ قىلىمەن، بۈگۈن دەل ئەشۇ بىر نەچچە كۈننىڭ بىرى. ياپونىيەدە، نۇرغۇن كىشىلەر مېنىڭ ئىروسالىمغا كېلىپ ئەدەبىيات مۇكاپاتى تاپشۇرۇۋېلىشىمغا قارشى تۇردى. ھەتتا بەزىلەر سەن ئىروسالىمغا بارساڭ، سېنىڭ يازغان كىتابلىرىڭنى بايقۇت قىلىمىز، دېيىشتى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭدىكى سەۋەب غەززەدىكى ئۇرۇش. ئاڭلىسام، غەززەدىكى ئۇرۇشتا مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلىپتۇ. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى يوق ياشانغانلار بىلەن باللار ئىكەن .

مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىك ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن مەن ئۆزۈمگە قايتا- قايتا سۇئال قويدۇم. «مۇشۇنداق بىر ئالاھىدە ۋاقىتتا ئىروسالىمغا بارسام مۇۋاپىق بولامدۇ؟ بۇنداق قىلىشىم باشقىلارغا توقۇنۇشۋاتقان بىرەر تەرەپكە يان بىسىۋاتقاندەك، مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ دۇنياغا ئۆزىنىڭ چەكسىز ھەربى كۈچىنى كۆز- كۆز قىلىۋاتقانلىق ھەركىتىنى قوللاۋاتقاندەك  تۇيۇلامدۇ يوق؟ « ئەلۋەتتە، مەن ئۆزۈم يازغان رومانلارنىڭ بايقۇت قىلىنىشىنىمۇ ھەرگىز خالىمايمەن .ئەستايىدىل ئويلىنىش ئارقىلىق مەن يەنىلا ئىروسالىمغا كېلىش قارارىغاكەلدىم.

مەن بۇ يەرگە كېلىپ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشنى تاللىدىم، ھەرگىزمۇ ئۆزەمنى ئېتىپ قېچىشنى خالىمايمەن، مەن بۇ يەردە كۆپچىلىككە بىر نەچچە ئېغىز ھەق سۆزنى دېيىشنى لايىق تاپتىم، ھەرگىز سۈكۈت قىلىشنى خالىمايمەن .

مېنىڭ بۇ يەردە بىر شەخسى سىرىمنى ئاشكارىلاشقا يول قويغان بولساڭلار، مەن رومان

يازغاندا ھەر ۋاقىت « مۇستەھكەم بىر ئىگىز تامغا سوقۇلۇش ئالدىدا تۇرغان تۇخۇم بىلەن تامنىڭ قايسىسى تەرەپتە تۇرسەن دىسە، مەن چوقۇم تۇخۇم تەرەپتە تۇرىمەن. » دىگەننى ئىسىمدە چىڭ ساقلىدىم .

شۇنداق، تامنىڭ قىلغىنى مەيلى قانچىلىك توغرا بولۇپ كەتسۇن، تۇخۇمنىڭ قىلغىنى مەيلى قانچىلىك خاتا بولۇپ كەتسۇن ، مەن ھامان تۇخۇم تەرەپتە تۇرىمەن. بەلكىم بەزىلەر كىمنىڭ ھەق كىمنىڭ ناھەق ئىكەنلىكى ھەققىدە تالاش- تارتىش قىلىشىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ھەق ناھەقكە بەلكىم ۋاقىت ۋە تارىخ ئۆزى يەكۈن چىقىرىشى مۇمكىن. لىكىن بىر يازغۇچى مەيلى نىمە سەۋەپتىن بولسۇن تام تەرەپتە تۇرۇپ ئەسەر ئىجاد قىلسا، ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ قانداقمۇ قىممىتى بولسۇن؟

بۇ ئوخشىتىشىم نىمە ۋەجىدىن؟ يارىتىلاتقۇچ، تانكا، راكىتا دەل ھىلىقى ئىگىز تام؛ مېنىڭ تۇخۇم دىگىنىم قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى يوق خەلق. ئۇلار ھەر خىل قۇراللاردىن زەخىملىنىپ، ئىتىپ ئۆلتۈرۈلمەكتە. مانا بۇ مېنىڭ ئوخشىتىشىمنىڭ بىرىنچى مەناسى. لىكىن بۇ ئوخشىتىشىمنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر بىر مەناسى بار. بىز ھەممىمىز ، ھەر بىر ئىنسان بىر تال تۇخۇمغا ئوخشايدۇ. بىز ئىنسانلار ئاددى، ئاجىز شاكال ئىچىگە يوشۇرۇنغان بىردىنبىر، ھىچنىمىگە تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدىغان ھاياتلىق، تەڭداشسىز روھ. بىز ھەممىمىز ئىنتايىن مۇستەھكەم ھەم ئىگىز تام بىلەن قورشالغان. بۇ تامنىڭ ئىسمى «تۈزۈلمە» . مىنىڭ يازغۇچىلىق پىرىنسىپىم پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ھەر بىر جاننى، ھەر بىر روھنى ھۆرمەتلەش ۋە قەدىرلەش، ئۇلارنى  نۇرلاندۇرۇش. يازغۇچىنىڭ ھىكايە توقۇشتىكى مەخسىدى ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالىنى ياڭرىتىپ، تۈزۈلمىنىڭ نۇرىنىڭ ئۆچۈپ قالماسلىقىغا بەلگە بىرىش. شۇنىڭ

بىلەن بىزنىڭ روھىمىز تۈزۈلمىنىڭ ئىسكەنجىسىگە مەھكۇم بولۇپ قالمايدۇ. ئىشىنىمەنكى، يازغۇچىنىڭ بۇرچى ھايات - مامات، مۇھەببەت ھەققىدىكى ئادەمنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئېزىدىغان، كىشى قەلبىنى زىلزىلىگە سالىدىغان ۋە ياكى كىشىنى قاقاقلاپ كۈلدۈرىۋېتىدىغان ھېكايىلەرنى توقۇپ چىقىش ئارقىلىق كىشىلەرگە ھەر بىر ھاياتلىقنىڭ، ھەر بىر روھنىڭ بىردىنبىرلىكىنى بىلدۈرۈش. مانا بۇ مېنىڭ قادىلىپ ئولتۇرۇپ ئىنتايىن جىددىي ھالەتتە كۈن - كۈنلەپ توختىماي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىمنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى .

بۈگۈن مەن ھەر بىرىڭلارغا مۇنداق بىر ئۇچۇرنى يەتكۈزۈشنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىمەن، بىز ھەممىمىز ئادەم، دۆلەت تەۋەلىكى، ئىرق ۋە دىنىدىن ھالقىغان ئىندىۋىتلارمىز؛ بىز ھەممىمىز ئاجىز تۇخۇملارمىز، ھەممىمىزنىڭ ئالدىمىزغا دۈچ كەلگىنى «تۈزۈلمە» دىن ئىبارەت ئېگىز ھەم مۇستەھكەم تام. سىرتقى شەكلىدىن قارىغاندا، بىزنىڭ يېڭىش مۇمكىنچىلىكىمىز پەقەت يوق، چۈنكى بۇ تام تولىمۇ ئېگىز، تولىمۇ مۇستەھكەم، تولىمۇ شەپقەتسىز. ئەگەر بىزدە ئۇنى يېڭىشكە ئازراق ئۈمىد بار دېيىلسە، ئۇ دەل بىزنىڭ ئۆزىمىز ۋە باشقىلارنىڭ روھنىڭ دۇنيادا بىردىنبىر ئىكەنلىكى شۇنداقلا ئۇنىڭ ئورنىنى باشقا ھەر قانداق نەرسە باسالمايدىغانلىق ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇش؛ بىزنىڭ روھىمىزنى بىرلەشتۈرگەندە تەڭداشسىز ئىللىقلىققا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنچ تۇرغۇزۇشتۇر .

ھەر بىر ئىنساننىڭ روھى بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ ھەم جانلىق، لېكىن تۈزۈلمە ئۇنداق ئەمەس. تۈزۈلمە بىزنى ياراتمىغان، بەلكى بىز ئۆزىمىز تۈزۈلمىنى

ئورناتقان .

## سىرلىق ئەتىرگۈل

ب. ئا. گوردېن (ئامېرىكا)

ئىسكەندەر خەيرۇللا تەرجىمىسى

شۇ يىلى، كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان باھار كۈنلىرىنىڭ ھەر شەنبىسى مەن كارلىن ۋىرفو خانىمغا ئەتىرگۈل ئاپىرىپ بېرەتتىم.

گۈل دۇكىنىدىكى ئۇۋۇسىن تاغا ھاۋانىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، گۈلنى دەل سائەت سەككىزدە يەتكۈزۈپ بېرىشنى تاپىلايتتى. ئۇ ھەر قېتىم دۇكاندىكى ئەڭ ئېسىل گۈلنى يېشىل يىپ بىلەن باغلاپ، قىرىق قۇلاقنىڭ يوپۇرمىقى بىلەن ئاۋايلاپ يۆگەپ كورۇپكىغا سېلىپ بولغىچە كۈتۈپ تۇراتتىم. ئاندىن سوزۇنچاق كورۇپكىنى قولۇمغا ئالاتتىم ـ دە، جىمجىت كوچىدا ۋېلسىپىتنى تېز ھەيدىگىنىمچە بېرىپ گۈلنى كارلىن خانىمغا يەتكۈزۈپ بېرەتتىم.

مەن ھەر ھەپتىدە پەقەت ئۈچ سوم تاپساممۇ، ئەمما بۇ شۇ چاغلاردىكى ماڭا ئوخشاش ئون نەچچە ياشلىق ئۆسمۈر ئۈچۈن خېلى كۆپ پۇل ئىدى. شۇنىمۇ ئېيتىپ قوياي، ئەتىرگۈل ئاپىرىپ بېرىش ئىشى ماڭا دەسلەپتىلا غەلىتە تۇيۇلغان ئىدى. گۈل ئاپىرىپ بېرىدىغان تۇنجى كېچىسى ئۇۋۇسىن تاغىنىڭ كارتوچكىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ئېسىگە سالدىم.

ئۇ خۇددى سېھىرگەرلەردەك ماڭا كۆزەينىكىنىڭ ئۈستىدىن قاراپ:

ـ جېمىس، كارتوچكىسى يوق، ـ دېدى. ئۇ ئەزەلدىن مېنى جىم دەپ چاقىرمايتتى،

- گۈلنى تەقدىم قىلغۇچى ئىمكان قەدەر مەخپىي بولسۇن، ھېچكىمگە تىنما!
كىشىلەر كارالىن خانىمغا گۈل سوۋغا قىلسا، بەكمۇ خوشال بولۇپ كېتەتتىم. چۈنكى بىزنىڭ مەھەللىدىكىلەر ئۇنىڭ تۇرمۇشتا بەختى كەلمىگەنلىكىگە ئىچ ئاغرىتاتتى. ئەسلىدە ئۇ مۇشۇ يەرلىك، قولىدىن ئىش كېلىدىغان جېمىر پانىمان ئىسىملىك بىر يىگىت بىلەن توي قىلىشقا ۋەدىلەشكەن ئىدى، كارالىن خانىم ئۇنى تېببىي ئىنىستىتوتنى پۈتتۈرگىچە ساقلىغان، لېكىن ئۇ، پراكتىكا جەريانىدا تېخىمۇ ياش ۋە چىرايلىق بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ ئۇنىڭ ئىسمى كىرىستىن مارلو ئىدى. ئۇ چوڭ شەھەردىن كەلگەن مەدەنىي قىزلاردىن بولسىمۇ، بىزنىڭ مەھەللىدىكى ئاياللار ئۇنى كۆزگە ئىلمايتتى. بۇ ئىش بىچارە كارالىن خانىمنى تۈگەشتۈرۈۋەتتى: يېرىم يىلغىچە ئۆيدىن چىقالمىدى. ھەتتا چىركاۋداورايال چېلىشتىنمۇ قالدى. كارالىن خانىم تېخى ياش، ئۆزىمۇ ئانچە سەت قىزلاردىن ئەمەس ئىدى. بىراق ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن قارىغاندا، ئۇ غەلىتە مىجەزلىك قېرى قىز بولۇۋالماقچى بولغاندەك قىلاتتى. بىرىنچى قېتىم ئۇنىڭغا گۈل ئاپىرىپ بەرگەن كۈنى كېچىسى ئۇ ماڭا بەكمۇ سەت كۆرۈندى، مەن كورۇپكىنى ئۇنىڭغا سۇنغىنىمدا ئۇ بەكمۇ ھەيران بولۇپ:
- بۇ مېنىڭمۇ؟ - دەپ سورىدى. ئىككىنچى شەنبە كۈنى مەن يەنە شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭغا گۈل ئاپىرىپ بەردىم. كېيىنكى شەنبە كۈنى مەن يەنە ئاپاردىم. ئۈچىنچى قېتىم بارغىنىمدا ئۇ ئىشىكنى ناھايىتى تېزلا ئاچتى. مەن ئۇنىڭ مېنى چوقۇم ساقلايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئۇنىڭ مەڭزى سەل قىزارغان، چاچلىرى رەتلىك تارالغان ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە تۆتىنچى قېتىم بارغان كۈنىنىڭ ئەتىسى ئەتىگەندە، كارالىن خانىمنىڭ چىركاۋدا رويال چېلىۋاتقانلىقىنى ۋە مەيدىسىگە ھىلىقى ئەتىرگۈلنى قىستۇرۇۋالغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ قەددىنى كۆتۈرۈپ، پانىمان

بىلەن ئۇنىڭ ساھىبجامال ئايالى ئولتۇرغان جايغا كۆزىنىڭ قىرىنى سالماي مەغرۇر ئولتۇراتتى. ئانام ئۇنىڭغا قاراپ:

- نېمە دېگەن ۋىجدانلىق قىز - ھە! - دېدى.

مەن ھەر ھەپتىدە ئۈزمەي ئەتىرگۈل ئاپىرىپ تۇردۇم، كارالىن خانىمنىڭ نورمال تۇرمۇشى ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. ئۇ، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ھېسداشلىق بىلدۈرۈۋاتقانلىقىدىن تەسىرلەنگەن بولسا كېرەك، ئەمدى ئۆزىنى خېلى تېتىك تۇتىدىغان بولدى، چىرايىدا مەيۈسلۈك كۆرۈنمەيتتى. بۈگۈن كارالىن خانىمنىڭ ئۆيىگە كېلىشىم ئاخىرقى قېتىم ئىدى.

مەن كورۇيكىنى ئۇنىڭغا سۇنۇۋېتىپ:

- كارالىن خانىم، بۇ سىزگە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم گۈل ئېلىپ كېلىشىم. كېلەر ھەپتىدە بىز باشقا يەرگە كۆچۈپ كېتىدىغان بولدۇق، بىراق ئۈۋسىن ئەپەندى سىزگە داۋاملىق گۈل يەتكۈزۈپ بەرمەكچى، - دېدىم.

ئۇ بىر ئاز دىلغۇل بولۇپ، ئارقىدىنلا:

- جېم، ئۆيگە كىرگىن! - دېدى. ئۇ، مېنى چىرايلىق بېزەلگەن مېھمانخانىسىغا باشلاپ كىرىپ، تام مەشنىڭ ئۈستىدە تۇرغان بىر يەلكەنلىك كېمىنىڭ ئەۋرىشكىسىنى ئالدى - دە:

- بۇ بوۋامنىڭكى، ساڭا سوغا قىلاي، سەن ئېلىپ كەلگەن گۈللەر ماڭا غايەت زور خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى، - دېدى ۋە كورۇيكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، گۈلنىڭ يۇمران بەرگىسىنى ئاستا سىلاپ قويدى،

- گۈل گەرچە تىلسىز بولسىمۇ ماڭا نۇرغۇن ئىشلارنى، شۇنىڭغا قوشۇپ خۇشاللىققا چۆمگەن شەنبە كېچىسى ئۇنىڭمۇ زېرىكىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى...

قىز ئوشۇقچە سۆزلەپ قويۇۋاتقاندەك لېۋىنى چىشلىدى ۋە:

- جېم، ئەمدى كەتسەك بولىدۇ. خوش ئەمسە! - دېدى.

مەن يەلكەنلىك كېمىنىڭ ئەۋرىشكىسىنى چىڭ تۇتۇپ، ۋېلسىپىتنىڭ يېنىغا يۈگۈردۈم.

گۈل دۇكىنىغا كەلگەندىن كېيىن، ئەزەلدىن قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بىر ئىشنى قىلدىم: ئۇۋىسىن ئەپەندىمنىڭ قالايمىقان خاتىرىلەنگەن ھۆججەتلىرىنى تېپىپ، مەن ئىزلىمەكچى بولغان «پانىمان»نى تاپتىم. ئۇۋىسىن تاغا پەرۋ ئەتكۈسىز قالايمىقان خەتلەر بىلەن «ئەللىك ئىككى تال قىزىل ئەتىرگۈلنىڭ بىر دانىسى يىگىرمە بەش سىنت بولۇپ، جەمى ئون ئۈچ دوللار ئالدىن تۆلەندى» دەپ يېزىپ قويۇپتۇ. ئەسلىدە مۇنداق ئىكەندە!... ئارىدىن نەچچە يىل ئۆتۈپ، بىر كۈنى ئۇۋىسىن تاغىنىڭ گۈل دۇكىنىغا باردىم. بۇ يەرنىڭ ھېچنېمىسى ئۆزگەرمەپتۇ، ئۇۋىسىن تاغا بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا گۈلدەستە ياساۋاتقان ئىكەن. مەن ئىلگىرىكى خوجايىنىم بىلەن بىر ھازا پاراڭلاشقاندىن كېيىن:

- كارالىن خانىم ھازىر قانداقراق؟ مەن ئەتىرگۈل ئاپىرىپ بېرىدىغان ھېلىقى خانىم ئېسىڭىزدىمۇ؟ - دەپ سورىدىم.

- كارالىن خانىم دەمسەن؟ - ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، - ئەلۋەتتە ئېسىمدە، ئۇ دورىگەر گېئورگى خورشىن بىلەن توي قىلدى. ھازىر قوشكېزەك بالىسى بار.

«ھە!» گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا بىر ئاز ھەيران بولدۇم، لېكىن ئۇۋىسىن تاغىغا ئۆزەمنىڭ شۇ يىللاردا قانچىلىك ئەقىللىق ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولدۇم

- دە:

- سىزنىڭچە، پانىمان خانىم ئۆز ئېرىنىڭ بۇرۇنقى سۆيگىنىگە گۈل تەقدىم قىلغانلىقىنى بىلەرمۇ؟ - دەپ سورىدىم.

ئۇۋىسىن تاغا خۇرسىنىپ قويۇپ:

- جېمس، سەن ئۆزەڭنى ئۇنچىۋالا ئەقىللىق چاغلاپ كەتمە، گۈل تەقدىم قىلغان ئىشتىن يانىمانىنىڭ خەۋىرى يوق، - دېدى.
مەن ئەجەبلەنگىنىمدىن: - ئۇنداقتا گۈلنى كىم تەقدىم قىلغان؟ - دەپ سورىدىم.
- مەلۇم بىر خانىم، - دېدى ئۇۋسىن تاغام شاتارى گۈلنى ئاۋايلاپ كورۇپكىغا سېلىۋېتىپ، - ئۇ خانىم بىچارە كارالىن خانىمنىڭ ئۆز بەختىنى قۇربان قىلغانلىقىغا ئىچى ئاغرىيدىغانلىقىنى ماڭا سۆزلەپ بەرگەن،
ئۇۋسىن تاغام بىر پەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن يەنە، - ئۇ گۈللەرنى سوغا قىلغان يانىمانىنىڭ خانىمى، قانداق، ۋىجدانلىق ئايالمىكەن، - دېدى.

## ساقچى تۇتۇپ كەتكەن پېرسوناژ

يان بوپېشو (رۇمىنىيە)

دىلنۇر ئەركىن تەرجىمىسى

كۆپلىگەن زوقمەن ئوقۇرمەنلىرىم مەندىن ئەسەرلىرىمدىكى پېرسوناژلارنى قانداق قېزىپ چىقىدىغانلىقىم، خام ماتېرىياللارنى نەدىن ئالىدىغانلىقىم، ئىلھامىمنىڭ قانداق كېلىدىغانلىقى ھەمدە ۋەقەلەرنى قانداق قۇراشتۇرىدىغانلىقىم ھەققىدە سورايدۇ. مېنىڭ جاۋابىم ئاددى ھەم ئېنىقلا: مەن ھەممىنى تۇرمۇشتىن ئالىمەن. شۇنداق، تۇرمۇش مېنىڭ ماتېرىيال توپلىشىمدىكى پۈتمەس - تۈگىمەس تەمىناتچىمدۇر.
مەن پەقەت كوچىلارنى بىر نەچچە سائەت ئايلانساملا، يانچۇقلىرىم يېڭى تېمىلار

بىلەن تولدى، خۇددى يېمەكلىكلەر دۇكىنى ياكى تاماكا دۇكىنىغا كىرىپ قۇرۇق يېنىپ چىقمىغاندەكلا. مانا شۇ تاپتىمۇ مېنىڭ بۇ ھېكايەمگە بىر پېرسوناژ تەييار بولاي دەيدى.

ئالدىنقى كۈنى مەن ئىتىمنى ئەگەشتۈرۈپ سەيلە قىلىپ كېتىۋېتىپ، ئىكئانا باغچىسىدا ئۇنى ئۇچرىتىپ قالدىم. مېنىڭ ئىتىمنىڭ ئىسمى جونى بولۇپ، بىر خاۋازا ئىت ئىدى، ئۇ كىشىلەرنىڭ بەك ئامراقلىقىنى كەلتۈرەتتى (قانداقلا بولسۇن ماڭا ئوخشاش بىر تارتىنچاق ئادەمگە قارىغاندا، ئۇ كىشىلەرگە يېپىشىپ تۇرغاچقا، خەقنىڭ ئامراقلىقىنى قوزغىسا كېرەك). شۇنداق بولغاچقا بىز ئىگىلەپ ئولتۇرغان ئۇزۇن ئورۇندۇقتا تېرىسى قارىغا مايىل، كىيىنىشى سىپتە ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ ئاۋۋال ئىتىمنى بىردەم ئەركىلەتتى، ئاندىن مەن بىلەن پاراڭلىششقا باشلىدى. بىزنىڭ پارىڭىمىز ئاساسەن دېگۈدەك قۇرۇق پاراڭ ئىدى، مەسىلەن: ھاۋارايى، بەرەڭگىنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالى، پۇتبول مۇسابىقىسى، ھايۋانات دېگەندەك. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تۇيۇقسىزلا ئادەمنى دەككە - دۈككىگە سالىدىغان بىر گەپنى سورىدى.

- سىز بەختلىكمۇ؟ - دېدى ئۇ.

- ئېنىق دەپ بېرەلمەيمەن، - دېدىم مەن تارتىنچاقلىق بىلەن قىزىرىپ، - مېنىڭچە، ئاۋۋال قايسى جەھەتتىن دېمەكچى ئىكەنلىكىڭىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

- ئەلۋەتتە، - دېدى ئۇ، - بەخت توغرىسىدا ئۆز ئالدىڭىزغا قارىشىڭىز بولسا، قېنى ئاڭلاپ باقاي،

- بولمايدۇ، - مەن كەسكىن رەت قىلدىم، - مېنىڭ بۇ ھەقتە ھېچبىر تەييارلىقىم

يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن بەخت دېگەننىڭ ئاساسىي مەنىسىنى ئانچە بىلىپ كەتمەيمەن، شۇڭا بۇ توغرىدا يەنىمۇ ئويلىنىپ بېقىشىم كېرەك.

مەندە بۇ ئايالغا بىردىن قىزىقىش پەيدا بولدى، شۇڭا ئەتىمنىڭ توڭلاپ تىترەپ كېتىۋاتقىنىغا قارىماي، ئۇنىڭ بىلەن داۋاملىق پاراڭلاشقۇم كەلدى. شۇ تاپتا توقۇماقچى بولغان ۋەقەلىك ياكى ھېكايەمگە بىرەر پېرسوناژ تېپىۋالسام ئەجەپ ئەمەس، دېگەن ئويدا سىناپ باقماقچى بولدۇم.

- سىز بەختلىكمۇ؟ - مەن ئۇ سورىغان سوئالنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ سورىدىم. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئاغزىنى كوچىلىماقچى ئىدىم، - مەن دەۋاتقان بەخت كونكرېت بولغان رېئال ئەھۋالغىلا قارىتىلىپ قالماي، يەنە روھىي جەھەتتىكىمۇ قارىتىلىدۇ.

- ئەپەندى، دېدى ئۇ، - دېمەكچى بولغىنىڭىزنى چۈشەندىم، شۇڭا سوراشىمۇ كەتمەيتتى. مەندىن گەپ سورىغىنىڭىز ئۈچۈن بەكمۇ مىننەتدارمەن. مېنىڭ ھەر كۈنى گۈگۈم چۈشكەندە بۇ باغچىغا كېلىشىم پەقەت ساپ ھاۋادىن نەپەس ئېلىش ئۈچۈنلا ئەمەس، ساپ ھاۋادىن ئۆينىڭ دېرىزىسىنى ئېچىپ قويۇپ نەپەس ئالغىلىمۇ بولىدۇ. مېنىڭ باغچىغا كېلىشىم كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىشقا جىددىي موھتاج بولغىنىمدىندۇر. ئەمما ئىقرار بولمىسام بولمايدۇ، ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەرلا - مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن - مەندىن قىزىقسىنغان ھالدا «سىز بەختلىكمۇ» دەپ سورايدۇ. مېنىڭچە، ئۇلار ئۆزلىرى ئويلاپ باقمايدۇ. خوش، سىزگە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن دەپ بېرەي:

- مەن بەختلىك ئەمەس. ئىلگىرى باللىق چاغلىرىمدا بەختلىك كۈنلىرىم بولغان، دادام بىلەن ئاپام مېنى ئالقىنىدىكى گۆھەردەكلا ئەتىۋارلايتتى، مېنىڭ ماڭلىيىمدا ئۇلارنىڭ تالاي سۆيۈشلىرى قالغان. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، مەن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ بەختىكەنمەن. كېيىن - كېيىن شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئۇلارنىڭ ماڭا

ئامراقلىقى مېنىڭ ساغلام بولغانلىقىم ئۈچۈنلا ئىكەن. ئۇلار مېنىڭ كېسىلىمنى بىلگەندىن كېيىن مەندىن سوۋۇپلا كەتتى.

- نېمە كېسەل؟ - قورۇنۇپقىنا سورىدىم مەن.

- ھەي، بىر خىل غەلىتە كېسەل، بۇنداق كېسەلنىي چۈشىنىدىغانلار يوق دېيەرلىكلا، مېنىڭمۇ بۇ جەھەتتە سۆزلىگۈم يوق، گەرچە ھازىر ساقايغان بولساممۇ، بىراق، سىزنىڭ ياخشى كۆڭلىڭىزنى يەردە قويغۇم يوق. مېنىڭ بۇ كېسىلىمنىڭ ئاساسلىق ئىپاسى بېشارەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەسلىك، مۇنداقچە ئېيتقاندا، بېشارەتنىڭ قاراتما مەنىسى بويىچە ئىش كۆرمەسلىك. مەن بېشارەتنىڭ يۈزەكى مەنىسى بويىچە ئىش قىلاتتىم، سىزگە چۈشەندۈرۈپ قوياي...

- دەۋېرىڭ، - دېدىم مەن گېپىنىڭ ئاخىرىغا تەقەززا بولۇپ.

- مەسىلەن: ئاپام ماڭا «بېرىپ ئاكاڭدىن گەپ ئېلىپ باق، ئۇ تەخەي نېمە قىلىۋاتىدىكىن» دېسە، مەن بېرىپ ئاكامنىڭ كۆڭلىنى بىلىپ كېلىشكە ئۇرۇناتتىم، نەتىجىدە ئۆيىمىزدە چوڭ ماجىرا تۇغدۇرۇۋېتەتتىم. بىر كۈنى بىرەيلەننىڭ «ئاۋۇ ئادەمگە چاپلىشىۋال» دېگىنىنى ئېيتمايلا قوياي، شۇ چاغدا ئۇ ئادەمنىڭ بەكمۇ ئاچچىقىنى كەلتۈرگەندىم. ئەمدى نېمە دەي، مېنىڭ بۇ كېسىلىم ئاپام بىلەن دادامغا جىقلا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەردى، شۇڭا دادام بىلەن ئاپام شۇنىڭدىن تارتىپ مېنى خارلاشقا باشلىدى، ئۇلار مېنى تىللايتتى، ئۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن كىچىك تۇرۇپلا ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ كەتتىم ۋە سىرتلاردا ئۇزاق يىلغىچە سەرگەردان بولۇپ يۈردۈم. مېنىڭ ئاشۇنداق يەككە - يىگانە يۈرۈشلىرىمنى ھېچكىممۇ چۈشەنمەيتتى. تاكى بىر كۈنى كەچلىكى، يەنى بۈگۈنكىدەك بىر چاغدا بىر باغچىدا مەن بىر ئەر بىلەن ئۇچراشقانغا قەدەر. ئۇ مېنىڭ كەچۈرمىشلىرىمنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلىدى ۋە مېنىڭ ئۆزى بىلەن توي قىلىشىمنى سورىدى. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ شۇ

خىلدىكى كېسەللەرنى داۋالايدىغان مۇتەخەسسىس ئىكەنلىكىنى ۋە مېنىڭ كېسىلىمنى داۋالاپ ساقايتالايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

- ئۇ كېسىلىڭىزنى ساقايتتىمۇ؟

- شۇنداق، ساقايتتى، قانداق ساقايتتى دېمەمسىز؟ ئۇ مېنى كۆچمە مەنىدىكى سۆزلەرنى ئىشلىتىشتىن چەكلىدى. ھەرقانداق ۋاقىتتا سۆزلەرنى توغرىدىن توغرا ئىشلىتىشنى تەكىتلەيتتى، سىز دەپ بېقىڭە، شۇنداق بولۇۋەرسە، ئۇنى تۇرمۇش دېگىلى بولامدۇ؟ ئادەم ئۆز ئېرى بىلەن ھەپتىلەپ كىنايە ياكى زەردە قىلىشماي ئۆتكىلى بولاتتىمۇ؟ بىشارەت بولمىسا مەلۇم نەرسىنى، مەلۇم ئىشنى، مەلۇم ئىدىيىنى يوقاتقانلىق بولمامدۇ؟ ... بۇنداق تۇرمۇش بىر شەكىل بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، ئۇنىڭدىن كۆرە ئاجرىشىپ كەتكىنىمىز تۈزۈك ئىدى. بىر كۈنى كەچتە...

ئۇ ئايالنىڭ بايان قىلغانلىرى خۇددى كىتابتىكى گەپلەردەكلا ئىدى، مەن بۇ ئايالغا تېخىمۇ قىزىقىپ، گېپىنى ئاخىرىغىچە ئاڭلاي دەۋاتقاندا، كۆز ئالدىمىزدا بىر ساقچى پەيدا بولۇپ قالدى ۋە ناھايىتى تەۋازۇلۇق بىلەن ئۇنىڭغا:

- سىز مەن بىلەن مېڭىڭ، - دېدى.

مەن ئۇنىڭ قىلغىنىغا قاتتىق ئېتىراز بىلدۈردۈم، بىراق ساقچىنىڭ تەنبىھىگە ئۇچرىدىم.

- ئارتۇق ئىشقا ئارىلاشماڭ! - دېدى ساقچى ۋاقىراپ. مەن نائىلاج ئىشىمنى قولتۇقلاپ ئۆيگە قايتىشقا مەجبۇر بولدۇم، بۇ ئىشقا زەردەم قاينىغاچقا ھەممىنى ئايالىمغا دەپ بەردىم.

- بىلەمسەن؟ - دېدىم مەن ياۋايىلارچە ھۆركىرەپ، - ھېلىقى ساقچى مېنىڭ پېرسوناژىمنى تۇتۇپ كەتتى! ئۇ ئايال ماڭا ئادەمنى قايىل قىلىدىغان بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى، بىراق، ھېلىقى ئۆلگۈر ساقچى ئۇنى ئېلىپ كەتتى. مەن

ئۆنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىمەن!

تېلېفون جىرىڭلىدى، ئايالىم تېلېفوننى ئېلىپ بىر پەس ئاڭلىغاندىن كېيىن تۇرۇپكىنى قويۇۋەتتى، ئايالىمنىڭ ماڭا دېگەن گېپى ئاچچىقىمغا سوغۇق سۇ سەپتى.

- كالۋا، بېرىپ ساقچى ئىدارىسىدىن ھەميانىڭىزنى ئەكېلىۋېلىڭ! - دېدى ئايالىم ماڭا.

## ساراڭ قىلىش

ئەزىز نەسىن (تۈركىيە)

- كۆيچىلىك، - دېدى كۆزەينەك تاقىۋالغان بىرسى، - بۇ ئىشنى بۇنداق ئاسانلا قارار قىلغىلى بولمايدۇ. مۇشۇ يەردە ئولتۇرغانلار ئەستايىدىلراق ئويلىشىپ كۆرەيلى.

- توغرا، - دېدى ئولتۇرغانلار ئىچىدىكى ياشراق بىرسى، - كېيىن ئۆزىمىزگە ئاۋارىچىلىق تېپىۋالمايلى يەنە، پۇشمانغا قالمايلى دىسەك، ئوبدانراق ئويلاشقىنىمىز تۈزۈك.

- ھەممەيلەن بىرلىكتە ئوبدانراق كېڭىشىپ باقايلى، ھازىرقى بۇ نامزات بىزنى زىدى رازى قىلالامدۇ - يوق؟ - دېدى يۈزلىرىنى سەپكۈن بېسىپ كەتكەن بىرسى.

- رازى قىلالمايدۇ! - دەپ ۋاقىراشتى ھەممەيلەن تەڭلا.

سەپكۈنلۈك كىشى يەنە سورىدى:

- نىمە ئۈچۈن رازى بولمايسىلەر؟

- بۇرادەر، بۇ ساراڭ بىر نىمە، ساراڭ....، - دېدى كۆزەينەكلىك كىشى.

- شۇنداق، راستىنلا ساراڭ!...... ئۆتۈپ كەتكەن ساراڭ! ..... - دەپ ۋاقىراشتى باشقىلارمۇ تەڭلا.

- خوش، - دەپ سۆز باشلىدى سەيكۈنلۈك كىشى يەنە، - مەسىلە مۇشۇنىڭدا، بىز ئەمدى زادىلا ساراڭنى سايلاپ قويماسلىقىمىز كېرەك!

بىر يوغان قوساق خام سېمىز كىشى سۆزگە ئارىلاشتى:

- ئىلگىرىكىسىمۇ بىر ساراڭ ئىدى.

- ھەممىسىلا ساراڭ ئىكەن، بىز ئۇلارغا ئاۋاز بېرەلمەيمىز، - دېدى كۆزەينەكلىك كىشى، - بىز ئەقلىي - ھوشى قايىدا، ئېغىر - بېسىق بىر ئادەمنى سايلىشىمىز كېرەك. لېكىن، بىز ئەقلىي - ھوشى ئەڭ جايىدا، دەپ قارىغان كىشىلەرمۇ ئاخىرىدا كەمتۈكسىز ساراڭ بولۇپ چىقىۋاتىدۇ.

- ئاھ، خۇدا! مەن ھېچنەرسىنى بىلەلمىدىم، نېمىشقا مۇشۇنداق غەلىتە ئىشلار بولىدىكىن؟ كىم مۇشۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالسا، شۇ ئەقلىدىن ئېزىپ قالىدۇ، - دېدى بىر ئاۋاق قېرى توختىماي يۆتىلىپ تۇرۇپ.

- ئەقلىدىن ئازغان ئۇلار ئەمەس، بەلكى بىز ئەقلىمىزدىن ئېزىپ، ئۇلارنى تەختكە چىقىرىپ قويغان، - دېدى خام سېمىز كىشى لوقما سېلىپ.

- ئەمەلدە نېمە گۇنا بولسۇن؟ - دېدى ياش بالا، - روشەنكى، ئۇلار ئەسلىدىنلا ساراڭ، پەقەت ساراڭلىق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغان، خالاس. بىز ئۇلارنى كۆتۈرۈپ تەختكە چىقىرىپ قويدۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، بىلگىنىنى قىلدى، شەرمەندىلەرگە ئايلىنىپ كەتتى.

- مېنىڭ بىلىشىمچە، - دېدى ئاۋاق قېرى، - مەيلى ئاۋالقىلىرى بولسۇن ياكى كېيىنكىلىرى بولسۇن، ھەممىسىلا ساراڭ بولۇپ كەتتى، ئەقلىي - ھوشىدىن ئازمىغانلاردىن بىرەرسىنىمۇ كۆرمىدۇق.

بۇ ئەسنادا سەيكۈنلۈك كىشى:

- ھەي، ئەجەبمۇ تاغدىن - باغدىن سۆزلەپ كەتتىڭغۇ؟ بۇ كىشى مېنىڭ ***30*** يىللىق قەدىنىسسىم، بىز ئۇنى شەھەر باشلىقى قىلىشتىن بۇرۇن ئەقلىي - ھۇشى جايىدا ئىدىغۇ! - دېدى.

- ئېھتىمال شۇنداقتۇ..... ، بىر ئادەم تۇغۇلۇشىدىنلا سارالڭ بولۇپ تۇغۇلمايدۇ........، قىسقىسى، بىز ئۇنى شەھەر باشلىقلىقىغا سايلىغاندىن كېيىن، ئاندىن سارالڭ بولۇشقا باشلايدۇ.

- بولدى، تالىشىۋەرمەيلى، - دېدى كۆزەينەكلىك كىشى، - ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات. ئەمدى بۇ قېتىم شەھەر باشلىقلىقىغا كىمنى كۆرسىتىمىز؟

بۇلارنىڭ ھەر بىرسى بىردىن نامزات كۆرسەتتى، ئارقىدىنلا ھەممىسىنى ئىنكار قىلىشتى. يېڭىدىن سايلىنىدىغان شەھەر باشلىقى ھازىرمۇ سارالڭ ئەمەس، سايلانغاندىن كېيىنمۇ سارالڭ بولۇپ قالماسلىقى كېرەك ئىدى.

كىشىلەر ***100*** دىن ئارتۇق نامزات كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئېپى جايىدىراق بىرەرسى چىقمىدى.

- تېپىلدى، - دېدى كۆزەينەكلىك كىشى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، - مەن بىر كىشىنى ئېسىمگە ئالدىم. سىلەرچە راشىم ئەپەندى قانداقراق؟

- راستىنى دېگەندە، ئۇ بىر مۇلايىم ئادەم.

- ھەم مۇلايىم، ھەم تەربىيە كۆرگەن كىشى، تولىمۇ كەمتەر ئادەم........

- ئۇ باشقىلارنىڭ مال - مۈلكىگە كۆز قىزارتمايدىغان، خەيرى - ساخاۋەتلىك كىشى.

- چوڭقۇر بىلىملىك، ئاددى - ساددا، ئوچۇق - يورۇق.

- خىزمەتتە تىرىشچان، ئىشتا پۇختا........

ئۇلار راشىم ئەپەندىنى خېلىغىچە ماختاشتى. ئارقىدىنلا يوغان قوساق كىشى سۆز ئالدى:

- مېنىڭ بىلىشىمچە، راشىم ئەپەندىنىڭ شەھەر باشلىقى بولغۇسى يوق!

- ھەقىقەتەن شۇنداق. - دېدى ئاۋاق قېرى، - مەن ئۇنى كىچىكىدىنلا تونىيمەن، ئۇ زادىلا شەھەر باشلىقى بولۇشنى خالىمايدۇ.

چىرايىنى پۈتۈنلەي سەپكۈن بېسىپ كەتكەن كىشى لوقما سېلىپ:

- توغرا، بۇنداق بولۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، ئۇ مۇنداق ئىشنى قىلىدىغان ئادەم ئەمەس. - دېدى.

بۇ ئەسنادا كۆزەينەكلىك كىشى كوتۇلداشقا باشلىدى:

- ئۇنداقتا قانداق قىلىشى كېرەك؟ بۇ ئىشنىڭ ئاقمايدىغانلىقى ماڭمۇ ئايان، قېنى دەپ بېقىڭلار، سىلەرنىڭ دىگىنىڭلەرچە بولسۇن. بىز كۆرسەتكەن بۇ نامزاتنىڭ ئۆزىغۇ بولاتتى، بىراق يۈز - خاتىرىمىزنى قىلمايدىغان ئوخشايدۇ.

مۇشۇ كېڭەشتە پىكىر قىلغان كىشىلەر ئوتتۇرىغا قويغانلىكى نامزات سايلانماي قالمايتتى. چۈنكى پۇقرالار ئەزەلدىن مۇشۇلارنىڭ ئېغىزىغا قاراپ ئىش تۇتاتتى. ئەگەر بۇلار كىمنى سايلايمىز دېسە، پۇقرالارنىڭمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئاۋاز بېرىشى تۇرغان گەپ ئىدى.

ئۇلار كەينى - كەينىدىن راشىم ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئال ئېيتىشقا باشلىدى:

- بۇرۇن سايلاشقا شەھەر باشلىقلىرىنىڭ ھەممىسى ئاخىرىسىدا ئۆز ئەپت - بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ قويدى، ئۇلار قانداق نىملەر ئىدى؟ ھەممىسىلا ساراڭ ئىدى.

- سىلەر ئەمدى نىمە دەپ مېنىڭ پېيىمگە چۈشۈپ قالدىڭلار؟ - دەپ سورىدى راشىم ئەپەندى، - مېنىمۇ ساراڭ بولۇپ كەتسۇن دەمسىلەر؟

- يوقسۇ، سىزنىڭ ئەقلىي - ھۇشىڭىز جايىدا، بىز سىزدىن مۇشۇ ئىگىسى يوق ۋەزىپىنى ئۆتىشىڭىزنى تەلەپ قىلىمىز.

- ياق، مەن ئىشلىيەلمەيمەن.

- راشىم ئەپەندى، بۇ، دۆلەتنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان ئىلتىپاتى.

- راشىم ئەپەندى، ئۆزلىرى مىللىتىمىزنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدى.

- بۇ پۇقرالارنىڭ خىزمىتىدە بولغانلىق..........

- راشىم ئەپەندى، بۇ گىراژدانلارنىڭ مەجبۇرىيىتى........

ئۇلارنىڭ شۇنچە يېلىنىپ - يالۋۇرۇشلىرىغا قاراپ، راشىم ئەپەندى ئاخىرى زۇۋانغا كەلدى:

- مېنىڭ رازىلىقىمنى ئالماقچى بولساڭلار، ئاۋال مېنىڭ بىر شەرتىمگە كۆنۈشۈڭلەر كېرەك.

- خوپ، دەۋېرىڭ!

- ھەرقانداق شەرتىڭىز بولسا، مۇشۇ يەردىلا قوبۇل قىلىمىز.

- ئاڭلاپ تۇرۇڭلار، مېنىڭ شەرتىم.......، - دېدى راشىم ئەپەندى، - گېپىنى ئاۋال ئېنىق ئېيتىپ قوياي، مەن خوشامەتنى، ئەيش - ئىشرەتنى ۋە كەيپ - ساپانى ياقتۇرمايمەن، مېنى ھېچكىم ئاغزىغا كەلگەنچە ماختاۋەرمىسۇن....... مەدھىيە نۇتۇقلىرىنى سۆزلىگۈچىلەر تېخىمۇ بولمىسۇن. قانداق، ئەمەل قىلالامسىلەر؟ مەنمۇ ئادەتتىكى بىر ئادەم، مېنى ئازدۇرۇپ خاتالاشتۇرماسلىققا ماقۇل بولالامسىلەر؟

- ماقۇل بولمامدىغان! ........ - دېگەن ۋاراڭ - چۇرۇڭلار كۆتۈرۈلدى.

- قارا، بۇنىمە دېگەن دۇرۇس كىشى.

- ئەقىللىق ئادەم دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ.........

- راشىم ئەپەندى ھەقىقەتەنمۇ قالتىس كىشى!

راشىم ئەپەندى سايلام باشلىنىشى بىلەنلا ئۆتۈپ چىقىپ، شەرەپ بىلەن شەھەر باشلىقى بولدى. شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئۇ ***50*** نەچچە پارچە تەبرىك تېلېگرامى تاپشۇرۇۋالدى. شەھەر باشلىقى تېلېگرامدىن بىرنى ئوقۇشقا باشلىدى، تېلېگرام مۇنداق باشلانغان:

«دۆلىتىمىزدىكى ئەڭ، ئەڭ قەدىرلىك ۋە ئاتاقلىق ئوغلان، مەن چوڭقۇر ئېتقات باغلىغان ھۆرمەتلىك ۋە مۆھتىرەم راشىم ئەپەندى.........»

ئۇ باشقا تەبرىك تېلېگراملىرىنى ئاچمايلا، خۇداغا ئىلتىجا قىلىشقا باشلىدى:

- پەرۋەردىگارىم! مېنى ئۆز پانايىڭىزدا ساقلىغايسىز!.......

ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىشىك ئېچىلدى ۋە ھىلىقى كۆزەينەكلىك كىشى قولىدا بىر دەستە گۈل كۆتىرىپ كىرىپ كەلدى. ئۇ بىر تازىم قىلغاندىن كېيىن، راشىم ئەپەندىنىڭ قولىنى مەھكەم سىقتى. راشىم ئەپەندى ئۇنىڭ بىلەن كەيپىياتى سۇس ھالدا سوغاقلا تېچلىق سوراشتى:

- ئاۋارە بولۇپسىز!

بۇ چاغدا ياش بالا، سەپكۈنلۈك كىشى ۋە ھىلىقى يوغان قوساق ئادەم ئارقا - ئارقىدىن كىرىپ كېلىشتى ھەمدە راشىم ئەپەندىنى تەبرىكلەپ، ئۇنىڭغا ئىھتىرام بىلدۈرۈشكەندىن كېيىن، يەنە بىر - بىرلەپ چىقىپ كېتىشتى.

- ئاھ، خۇدا، مېڭەمنى سەگەك قىلغايسىز! - دېدى راشىم ئەپەندى خۇداغا ئىلتىجا قىلىپ، دەپ بۇ چاغدا بىرسى كىرىپ ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇش قىلدى:

- ئۆزلىرى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدىغان زىياپەتكە قەدەم تەشرىپ قىلغايلا.

راشىم ئەپەندى بېرىش - بارماسلىقىنى ئويلىنىۋاتقاندا، ئۇنى ئىشىكنىڭ ئالدىدا بىر كىچىك ماشىنا ئاللىقاچان كۈتۈپ تۇرغان ئىدى.

زىياپەت زالى شۇنداق چاقناپ تۇراتتىكى، گويا خان ئوردىلىرىدەك ھەشەمەتلىك

تۈس ئالغان ئىدى. **40** نەچچە كىشىلىك چوڭ زىياپەت جوزىسىدا رەڭگا ـ رەڭ ئېچىلغان تەشتەك ـ تەشتەك گۈللەر، لوقىلار ۋە ھەرخىل شامدانلار قويۇلغان بولۇپ، جوزا تۈرلۈك نازۇ نېمەتلەرگە كۆمۈلۈپ كەتكەن ئىدى. ھېلىقى كۆزەينەكلىك كىشى قولىغا قەدەھ ئالغان ھالدا ئورنىدىن تۇردى.

ئۇ، سايلامنىڭ غەلىبىسىنى بىرەر قۇر تەبرىكلىگەندىن كېيىن، راشىم ئەپەندىگە بۇرۇلۇپ:

ـ ئەي، ئۇلۇغ ئەقىل ئىگىسى! ......... ئۆزلىرى جاھاندا تەڭداشسىز ئۇلۇغ زات! ...... ئەي، تەڭداشسىز تالانت ئىگىسى! ..... ئۆزلىرى زېرەكلىك ۋە يۈكسەك ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن قىسقا مۇددەت ئىچىدىلا.........

راشىم ئەپەندى بۇ تەكەللۇپلەرنى ئاڭلاپ، قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى ـ دە، تىترىگەن پېتى زىياپەتتىن چىقىپ، ئۆيىگە قايتىپ كەلدى ۋە ئۆز كۆڭلىدە: بۇ قېتىمقى زىياپەتتىن قايتىپ چىققانلىقىمنىڭ ئۆزى ئۇلار ئۈچۈن يېتەرلىك تەنبىھ بولۇر، دەپ ئويلىدى.

ئەتىسى شەھەر باشلىقى ئىشقا بېرىش ئۈچۈن ئۆيىدىن چىقتى. كوچىلار بايرام تۈسىگە كىرىپ كەتكەن: ئۆينىڭ ئالدىدىن بىر چاقىرىم يىراقلىقتىكى شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسىغىچە پاياندار سېلىنغان، ھەممە يەر دەينە دەرىخىنىڭ شاخلىرىدىن ياسالغان بېزەكلەر بىلەن تولغان، ئوقۇغۇچىلار يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە سەپ بولۇپ تىزىلىپ كەتكەن. بىر دەمدىلا داقا ـ دۇمباقلار ياڭراپ، كىشىلەر تويىدىن ئالقىش سادالىرى كۆتىرىلدى.

ـ ياشىسۇن!

ھېلىقى ياش بالا بىر دەم شەھەرلىك ئوركېستىرنىڭ دۇمباقچىلىرىغا «تېخىمۇ ئۈنلۈك چېلىڭلار!» دېسە، بىر دەم ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ «تېخىمۇ ئۈنلۈك توۋلاڭلار!»

دەيتتى.

- ياشىسۇن!

يول بويى يېڭى شەھەر باشلىغىنىڭ شەربىي ئۈچۈن قويلار سويۇلغان، چوڭ كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا دەپنە دەرىخىنىڭ شاخلىرىدىن ياسالغان مۇنار ئۈستىگە يوغان قىلىپ: «ياشىسۇن يېڭى شەھەر باشلىغىمىز!» دەپ يېزىپ قويۇلغان ئىدى.

بۇ چاغدا ھېلىقى يوغان قوساق كىشى بىرپەشتاقتا چىقىپ نۇتۇق سۆزلەشكە باشلىدى:

- يېڭى شەھەر باشلىغىمىز ئۆزىنىڭ سەممىلىكى، دۇرۇسلۇغى، ھەمكارلىششقا ماھىرلىغى ۋە ۋەتەنگە بولغان ساداقەتلىكى بىلەن پۈتۈن شەھەر خەلقىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى ......

غەزەپتىن يۈزلىرى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەن راشىم ئەپەندى خام سېمىز كىشىنىڭ ئالدىغا چىقتى - دە، ئوقۇۋاتقان ئورگىنالنى تارتىۋېلىپ يىرتىپ تاشلىدى ۋە دېدى:

- مەن مۇنداق ئىشنىڭ بولۇشىنى كۈتمىگەن!

شەھەر باشلىغى يوغان قوساق كىشىنىڭ سۆزىنى ئۈزۈپ قويدى.

- قېرىنداشلار، - دەپ ۋاقىراشقا باشلىدى سەپكۈنلۈك كىشى بوغۇلۇپ تۇرۇپ، - سىلەر مۇنداق يارلاق نەمۇنىنى كىمدىنمۇ كۆرگەن ئىدىڭلار؟ ياشىسۇن يېڭى شەھەر باشلىغىمىز!

- ياشىسۇن!.....

يەنە ئۇزۇنغىچە گۈلدۇراس ئالقىشلار ياغدى. يېڭى شەھەر باشلىغى گويا شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇردىن قاچقان ئادەمدەك، تېز قەدەم ئېلىپ بىناغا كىرىپ كەتتى. بىنانىڭ ئىچىمۇ كىشىلەر بىلەن لىق تولغان ئىدى.

ياش بالا ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، ئەدەپ بىلەن سورىدى:

ـ شەھەر باشلىغى جانابلىرى، قانداق تاپشۇرۇقلىرى بار ئىكەن؟

ـ ئارقىدىنلا ئاۋاق قېرى دىدى:

ـ تا بۈگۈنگە قەدەر چىكىشى بۇ ۋەزىپىگە ئۆزلىرىدەك مۇناسىپ كەلگەن ئەمەس.

ـ خۇدا ئالدىدا قەسەم بولۇپ قالسۇنكى، مەن ئىستىيا بېرىمەن! ـ دەپ ۋاقىرىۋەتتى شەھەر باشلىغى قەھرى بىلەن، ـ ھەممىڭلار چىقىپ كېتىڭلار!......

زالدىكىلەر ھەر قەدەمدە بىر يۆكىلىنىپ تازىم قىلىشقان ھالدا چىقىپ كېتىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئىغىزىدىن يەنىلا تەكەللۇپ چۈشمەيتتى.

ـ خوش، خوش!.....

ـ قۇللۇق!...... مانا ھازىرلا چىقىپ كېتەيلى، ھازىرلا!

راشىم ئەپەندى بېشىنى چايقاپ، دۇئا ـ تالاۋەت قىلىشقا باشلىدى.

ـ ئارام ئالسىلا، جانابلىرى! ـ دىدى سەپكۈنلۈك كىشى.

ـ جانابلىرى، ئۆزلىرىنىڭ 1 ـ كۈندىن باشلاپلا مۇشۇنداق ياخشى تەسىراتتا بولغانلىقلىرى، بۇ ناھايىتى چوڭ ئىش! ـ دىدى كۆزەينەكلىك كىشى.

ـ ھەممىڭ كۆزۈمدىن يوقىلىش! .... ـ شەھەر باشلىغى قەھرى ـ غەزەپ بىلەن ۋاقىرىۋەتتى.

راشىم ئەپەندى خىزمەت قىلىشقا ئامالسىز قېلىپ، يەنە سىرتقا قاراپ ماڭدى.

ـ يول ئېچىڭلار، يول ئېچىڭلار!...... يېڭى شەھەر باشلىغىمىز كەلدى ! تېز بولۇڭلار! ـ ھېلىقى ياش بالا يۇقىرالارنىڭ ھەممىسىنى بىر تەرەپكە قوغلىۋەتتى.

ئۇ كۈنى راشىم ئەپەندى ئۆيىگە بېكىنىۋېلىپ، زادىلا تالاغا چىقمىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە، ئۇ بىرسى ئارقىلىق شۇ شەھەرنىڭ گېزىتىدىن 2 پارچە ئېلىپ كەلتۈردى. گېزىتكە ئۇنىڭ سۈرىتى چوڭايتىپ بېسىلغان ئىدى. گېزىتنىڭ بىرسىگە «شەھەر

خەلقى ئۆزلىرىنىڭ پاراسەتلىرىدىن پەخىرلىنىدۇ» دەپ ، يەنە بىرسىگە «دۇنيادا ئەڭ ئەمىلىيەتچىل شەھەر باشلىغى» دەپ چوڭ ماۋزۇلار قويۇلغان ئىدى. ماقالىلارنىڭ ھەر بىر قۇرى، ھەر بىر جۈملىسى ئۇنىڭغا ئوقۇلغان مەدھىيىلەر بىلەن تولغان ئىدى.

كەچتە كىشىلەر كىچىك ماشىنىغا ئولتۇرۇشۇپ، يەنە شەھەر باشلىغىنىڭ ئۆيىگە كېلىشتى.

- شەھەر باشلىغى جاناپلىرى، بۈگۈن بىر نەچچە ياشەرتىسكىلەرنى تەكلىپ قىلدۇق. ئۇلار مەھكىمىلىرىگە بېرىپ ئويۇن قويۇپ بەرسۇنمۇ ياكى كېچىلىك كۈلۈپقا قەدەم تەشرىپ قىلاملا؟

- ئۆزەم بارىمەن، - دەپ جاۋاپ بەردى شەھەر باشلىغى.

كېچىلىك كۈلۈپتا ھىلىقى ياش بالا ئالدى بىلەن تەبرىك سۆزى سۆزلىدى:

- سۆيۈملۈك شەھەر باشلىغى جاناپلىرى ، كۆڭۈل ئېچىشىمىز ئورتاق بولغانلىقلىرىنى ئۆزىمىز ئۈچۈن چەكسىز شەرەپ ھېس قىلماقتىمىز.......

ياش بالا دەل يېرىم سائەت سۆزلىگەندىن كېيىن راشىم ئەپەندى ئۇنىڭغا سۆزلىشكە يول قويمىدى. بۇ ئەسنادا كۆزەينەكلىك كىشى گەپنى تارتىۋالدى:

- بىز نىمە دىگەن بەختىلىك - ھە! مۇشۇنداق يۈز - ئابرويلۇق شەھەر باشلىقى.....

راشىم ئەپەندىنىڭ چىرايىدىن تەبەسسۇم جىلۋە قىلىشقا باشلىدى.

بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. كۆزەينەكلىك كىشى، ياش بالا، خام سېمىز كىشى، ئاۋاق قېرى ۋە سەپكۈنلۈك ئادەم يەنە بىر يەرگە جەم بولۇپ ، غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى:

- بۇرادەرلەر، بىز بۇ كىشىگە تەڭ كېلەلمىگۈدەكمىز!.......

- بۇ ئىش تازىمۇ ئويلىمىغانيەردىن چىقتى، بىز شەھەر باشلىغى سايلىمايتۇق،

ئەكسىچە ئۆزىمىزگە ئىش پۈشۈغى تېپىۋاپتۇق.

- بۇرادەر، ساراڭ دىگەنگە ھەقىقەتەن تەڭ كەلگىلى بولمايدىكەن.......

- ئۇ ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمىدى كۆرەڭلەپ كېتىۋاتىدۇ.

- ئۇنىڭ ھاكاۋۇرلۇغىنى قارىمامدىغان تېخى!

- ساراڭلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق بولىدۇ - دە.

- ئۇنداقتا بىز قانداق قىلىمىز؟ مۇشۇ ساراڭنىڭ كېلەركى سايلامغىچە ئىشلەۋېرىشىگە تاقەت قىلىپ تۇرىمىزمۇ؟

- ياق، ئۇ ئاللىقاچان ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىۋېتىدىغان دەرىجىگە يەتتى. ئۇ ئۆز ئۆيىنى مۈزىيغا ئايلاندۇرۇۋالدى، تېخى چوڭ مەيدانغا ھەيكىلىنى قاتۇرغۇزماقچى بولۇۋاتىدۇ.

- ئۇ تېخى تۈنۈگۈنلا بىرسىنىڭ يۈزىگە تۈكۈرىۋەتتى.

- ئالدىنقى كۈنى كەچتە، زىيايەت جوزىسىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ تانسا ئوينىدى. قارىمامدىغان ئۇنىڭ غىلجىڭلاپ كېتىشىنى.

- خوش، ئۇنداقتا بۇ ئۇچىغا چىققان ساراڭنى قانداق قىلىمىز.

- بۇ ئاسان، ئۇنى دوختۇرغا تەكشۈرتۈپ، ئۇنىڭ ساراڭلىغىنى ئىسپاتلايمىز - دە، ئاندىن ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىۋېتىمىز.

كۆزەينەكلىك كىشى سۆز ئالدى:

- ئۇنداقتا ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەيلى، بىر ئىشقا تۇتۇش قىلىشنى ئويلىغانكەنمىز، ئۇنى بىر باشقا ئېلىپ چىقىۋاتقىنىمىز تۈزۈك.

- توغرا ، توغرا....... ناھايىتى توغرا گەپ بولدى!

- ئەتە ئەتىگەندىلا ئىش باشلايلى، ئۇنى ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىۋېتەيلى. شۇ چاغدىلا بىز يەنە يېڭى بىر سايلام ئۆتكۈزەلەيمىز.

- بىراق، شەھەر باشلىقلىقىغا ئەمدى كىمنى كۆرسىتىمىز؟

- ھەي، بۇرادەرلەر! بۇ قېتىم جەزمەن ئېھتىياتچان بولايلى، ھېچبولمىغاندا مېكسى سەگەكرەك بىرسىنى سايلايلى.

- توغرا! ئاھ خۇدا، بۇ سارائكلار ئەجەبمۇ زېرىكتۈردىغۇ بىزنى!.....

## دون. ناسابولنىڭ چاپىنى سېلا (ئىسپانىيە)

ئارسلان ئابدۇللا تەرجىمىسى

دون. نالىسېسو كوئادونىڭ كۆل رەڭ ۋەقارا يوللۇق، پۇشقىقىدا پەۋنزى يوق بىر ئىشتىنى بار ئىدى.

زاغرا تىلى بۇيىچە ئېيقاندا، بۇ ئەندىزىسىز كىسسىپ تىكىلگەن شىم ئىدى. ئۇنىڭ يەنە ناھايىتى ئىسىل بىر گالاستۇقىمۇ بار ئىدى ، كەڭ كەلگەن بۇ گالستۇك ھەقىقەتەنمۇ گالستۇكلارنىڭ سەر خىلى ئىدى. دون، نالىسېسو كوئادونىڭ چاپىنىنىڭ ئۇيەر-بۇيەرلىرىدىن قانداقتۇر يېشىل نۇرلار چاقناپ تۇراتتى .

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە بۇ چاپاننىڭ ناھايىتى قەدىملىكىنى كۆرسىتەرمىش . دون نالىسېسو كوئادودەك ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە ، ئۆتمۈشنىڭ ھەممە نەرسىسى ئەڭ ياخشى نەرسىلەر بولۇپ قالغاي، ھازىرقى مۇدا نەرسىلەردىنمۇ ئىسىل-سىپتا ، قىممەتلىك ۋە جەلىپ قالارلىق ئىدى .

دون، نالىسېسو كوئادو تۈي-تۆكۈنلەرگە قاتنىشىپ تۇرسا ئاندىن دىلى يايراپ، ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەدەك خۇش بولاتتى ، بىراق مەھەللىدە دېيەرلىك ھېچ كىم تۈي قىلمىدى . ئۇيەر-بۇيەردە ئانچە-مۇنچە تۈي بولۇپ تۇرسىمۇ، تۈي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلمەي، ئىشلار ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يەڭ ئىچىدىلا تۈگىتىلەتتى . بىچارە ئايال

كامۇن ۋايات بۇلۇپ ھازىرغىچە ، دون، ناسىپسو كوئادو بۇ چاپىننى كىيىش پۇرسىتىگە ئاران ئىككى قېتىملا مۇشەررەپ بولالىغانىدى، يەنى ھېلىقى كاتىپىنىڭ تويىدا ۋە ئۆلكە باشلىغى باكىتتانى يولدىن ئۆتكەچ مۇشۇ مەھەللىگە كەلگەندە كىيگەنىدى .

ئۆلكە باشلىغى ناھايىتى كىچىك بىر پىكاپتا كەلگەنىدى. قىزىل يېرى ئۇ ئادەم ئۇچىسىغا كۆلرەڭ چاپان، بېشىغا پوسما كيىۋالغانىدى . دون، نالسىپسونىڭ ئائىلىسىدە ئۆي ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان لۇسىيە ئىسىملىك بىر ئايال بار ئىدى. بۇ ئايال دون. نالسىپسونىڭ ھېلىقى چاپىنىدىنمۇ كونا پېشىنىڭ چوڭلىقى مۇشۇ قورۇجايچىلىك ئىدى. دون. نالسىپسو ھەمىشە لۇسىيەگە ھېلىقى چاپىننى ساندۇقتىن ئېلىپ، ئەستايىدىل چوتكىلاپ يۇدەپ تۇرۇشنى تاپىلايتتى. ـ بۇنىڭغا قارا، لۇسىيە، ـ دېدى ئۇ بىر كۈنى، ـ ئىشەنمەي يۈرمىگىن يەنە، ئەگەر بۇ چاپان ياختا رەختتىن تىكىلگەن بولسا، ساڭا تازلىتىپمۇ يۈرمەيتتىم. لېكىن بۇيۇك رەخت ـ تە، قوي يۇڭى. قوي يۇڭىمۇ ئادەمگە ئوخشاش نەپەسلىنىشى كېرەك، نەپەسلىنەلمىسە، ئۇنىڭمۇ ھاياتى ئاخىرلىشىدۇ.

لۇسىيە بۇنىڭغا قايىل بولماي، بىر مۇنچە غۇدۇڭشىدى ھەتتا ئىچىدە ئۇنى قارغىدى. لېكىن دون. نالسىپسو ناھايىتى بىلىملىك ئادەم بولغاچقا، دەرمەھەل ئويلاپ چىققان زەھەرلىك ھەم ھېكمەتلىك سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭغا رەددىيە بەردى . چاكار ئايال چاپاننى قولغا ئېلىپ، غەزەپلەنگەن ھالدا: ـ سىز لاتىنلار بىلەن گەپلىشىۋاتامسىز نېمە؟ـ دىدى. ـ بەس، لۇسىيە، ھەي قاراقورساق خۇتۇن، گېپىمگە قۇلاق سال، بۇ گەپلەرنىڭ كىمنىڭ قىلغانلىقىنى بىلەمسەن؟ ـ سىز قىلدىڭىز، ئۆزىڭىز توقۇپ چىقتىڭىزغۇ دەيمەن. ـ تىلىڭنى تارت، زەھەر قېپى دەللال، پىتنىخور، جاپ-جاپ، پاسكىنا ئەركەكزەدەك! ـ سىزمۇ ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ! ـ تولا كوتىلدىما!بۇ يەردە مېنىڭ گېپىم گەپ بولىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ ھېلىقى

گېلەرنى كىمنىڭ قىلغانلىغىنى بىلمەسمەن داۋاتىمەن ! ـ ياق ئەپەندى ، بىلمەيمەن . ـ ئۇنداق بولسا يەنە نىمگە كۈتىلدايسەن؟ بىلىپقوي ، بۇ گېلەرنى گىراسان★ قىلغان . ئېسىڭدە چىڭ ساقلا گىراسان! دون، نالسېسو بىلەن لوسىيە بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايتتى ، بۇلۇپمۇ كامون ۋاپات بۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن ، بىر ـ بىرىگە ئىجىل بۇلۇپ قالغاندى .

ئۇرۇشمۇ، تىللاشمۇ، ھەتتا ئىككى ئۈچ كۈنلەپ گەپلەشمەسسىمۇ ، ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار يەنىلا يەپىلىدىن يېنىپ، ئەسلى ھالىتىگە كېلىپ قالاتتى . ياۋاش، ساداقەتمەن كامون مانا ئەمدى جاپانى ئېلىپ، ئىلگىرى ھەر قانداق ۋاقىتتىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن پۆدەشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن دون، نالسېسو خۇددى ۋىجدانى ئۇنىڭغا : لۇسىيەدەك ئېسىل ئايالغا ياخشى مۇئامىلە قىلمايۋاتىسەن، بۇنداق ياخشى ئايالغا شۇنچىۋالا قوپاللىق قىلغان بارمۇ، سەن ئۇنىڭغا... دېگەندەك گېلەرنى قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەپقالدى.

ـ لۇسىيە،يەكشەنبە كۈنىمۇ سىرتقا چىقمىدىڭ،مىجەزىڭ يوقمىتى؟

ـ ياق، جاپانغا قارايمەن دەپ چىقمىدىم. ـ جاپانغا قارايمەن دەپ؟ ـ ھەئە، ئەپەندى.

دون.نالسېسو كونادو بېشىنى ساڭگىلىتىپ چوڭقۇر ئويغا پاتتى، زۇۋان سۈرمىدى، ئۇنىڭ چىرايى غەمكىن ئىدى. ئۇ شۇ ھالەتتە بىر يېرىم سائەتچە ئاچچىق خىيال سۈرۈپ، ئاخىر بېشىنى كۆتۈردى. چىرايى نۇرلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ، خۇش خۇي كۆرۈنەتتى، كۆزلىرىدىن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ بىر نۇر چاقناپ تۇراتتى. ئۇ، ئايال چاكىرىنى چاقىرىپ:

ـ ھۆي لۇسىيە ساڭا بىر ئىشنى دېمىسەم بولمىغۇدەك، ـ دېدى. ـ بولىدۇ دەڭ ئەپەندى. ـ بۇ ناھايىتى جىددى مۇئامىلە قىلمىسا بولمايدىغان بىر ئىش، بۇ ئىش

ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ يۈرگىنىمگە خېلىلا ئۇزۇن بولدى... مەن ساڭا ئۆيلىنىش تەلىپىنى قويماقچى ئەمەسمەن، باشقا بىر ئىشنى دېمەكچى... ئۇ... ئۇ... ئۇ چاپاننى نامرات قوشنىمىزغا بېرىۋەتكىن...

## دانىشمەن

جىبران خەلىل جىبران (لىۋان)

پولات ئامانيار تەرجىمىسى

ياش ۋاقتىمدا، بىر دانىشمەننى زىيارەت قىلغانىدىم، ئۇ تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى خىلۋەت بىر ئورمانلىقتا تۇراتتى. بىز نېمىنىڭ گۈزەل ئەخلاق ئىكەنلىكى توغرۇلۇق قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقاندا، بىر باندىت ئاقساقلىغىنىچە تاغقا يامىشىپ چىقىپ كەلدى. ئۇ ئالدىمىزغا كېلىپ دانىشمەننىڭ ئالدىغا تىزلاندى ـ دە:

ـ ئى، دانىشمەن، مېنىڭ گۇناھلىرىم بەك ئېغىر، مېنى گۇناھلىرىمدىن مەغپىرەت قىلغايسەن، ـ دەپ يالۋۇرغىلى تۇردى.

ـ مېنىڭ گۇناھلىرىممۇ ئوخشاشلا ئېغىر، ـ دېدى دانىشمەن.

ـ لېكىن مەن قاراقچى.

ـ مەنمۇ شۇنداق.

ـ مەن ئۇچىغا چىققان قاتىل، ـ دېدى باندىت، ـ سانسىزلىغان بىگۇناھلارنىڭ قانلىرى قۇلىقىم تۈۋىدە ئېچىنىشلىق نالە قىلماقتا.

ـ مېنىڭ قۇلىقىم تۈۋىدە مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ ئىسسىق قېنى نالە قىلماقتا، چۈنكى مەنمۇ بىر قاتىل، ـ دېدى دانىشمەنمۇ.

ـ مەن ھەددى ـ ھېسابسىز جىنايەت ئۆتكۈزدۈم.

- مېنىڭ ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرىمنىڭمۇ چېكى يوق.

باندىت ئورنىدىن دەس تۇرۇپ دانىشمەنگە تىكىلگىنىچە تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ چىرايى غەلىتە بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىتتىك ئارقىسىغا بۇرۇلدى - دە، ئاقساقلىغىنىچە تاغدىن چۈشۈپ كەتتى.

- سىز نىمىشقا ئۆزىڭىزگە بولمىغۇر بەتناملارنى چاپلايسىز. ئۇ ئادەمنىڭ سىزگە بولغان ئىشەنچىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانلىقىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ - مەن ھەيرانلىق ئىچىدە دانىشمەندىن سورىدىم.

- راست دەيسىز، ئۇ ماڭا بولغان ئىشەنچىنى پۈتۈنلەي يوقاتتى، - دېدى دانىشمەن، - ئەمما ئۇ كېتەر چېغىدا يەلكىسىدىكى ئېغىر يۈكتىن خالاس بولدى.

دەل شۇ چاغدا، بىز يىراقتىن ھېلىقى باندىتنىڭ ياڭراق ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق. ناخشا ساداسى بۇ خىلۋەت جىلغىنى شادلىققا چۆمدۈرمەكتە ئىدى.

## خۇدانىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇن

لېۋ تولستوي (روسىيە)

ئىنگلىزچىدىن ئابدۇراخمان مەتنىياز تەرجىمىسى

ۋلادىمىر شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق ياش سودىگەر ئىۋان دمىترىيېۋىچ ئاكسىونوۋنىڭ ئىككى دۇكان، بىر يۈرۈش قورۇ - جايى بار ئىدى.

ئاكسىونوۋ كېلىشكەن، ئالتۇن چاچلىرى بۈدۈر، خۇش چاقچاق، ناخشا خۇمار يىگىت ئىدى، ئىلگىرى كۆندىلا دېگۈدەك مەست يۈرەتتى، توي قىلغاندىن كېيىنمۇ ئاساسەن ئىچمەيدىغان بولغانىدى.

ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئاكسىونوۋ ياشقا بىر شەھەرگە بارماقچى بولدى.

—ئاكسيونوۋ، بۈگۈن يولغا چىقمىساڭ، — دېدى خوتۇنى،

—سەن توغرۇلۇق يامان چۈش كۆرۈپ قاپتىمەن.

— ئۇ يەرگە بېرىپ كۆپ ئىچىۋېلىشىمدىن ئەنسىرەۋاتسەنغۇ دەيمەن؟ — دېدى ئاكسيونوۋ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— نېمىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. بىلىدىغىنىم پەقەت يامان چۈش كۆرۈپ قالغانلىقىم، خالاس. چۈشۈمدە سەن بازاردىن قايتىپ كەلگەندە قالپىقىڭنى ئېلىپ قارىسام، چاچلىرىڭ ئاپئاق تۇرغۇدەك،

— بۇ ياخشىلىقتىن بېشارەت، — دېدى ئاكسيونوۋ. — ماڭا قارىغىن، بىر تال مېلىمنى ساتالمىغان تەقدىردىمۇ ساڭا سوۋغات ئەكەلمەي قويمايمەن.

ئۇ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ، ھارۋىلىق يولغا چىقتى. يېرىم يولدا بىر تونۇش سودىگەرگە ئۇچرىشىپ قالدى. كەچتە ئىككىسى بىر سارايغا چۈشتى. چاي - ياي ئىچىشكەندىن كېيىن ياتاقلىرىغا كىرىپ يېتىپ قېلىشتى.

ئاكسيونوۋ سالقىندا يول ئاۋۇ تۇۋېلىش نىيىتىدە ھارۋىكەشنى تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇنلا ئويغىتىپ، ساراي ھەققىنى تۆلىۋەتكەندىن كېيىن سەپىرىگە راۋان بولدى. ئۇلار يىگىرمە بەش مىلچە يول يۈرگەندىن كېيىن ئېتىنى ئوتقا قويدى. ئاكسيونوۋ ئۆتەڭدىكى بىر سارايغا كىرىپ بىر ساماۋار چاينى قىزىتىپ ئەكىلىپ بېرىشكە بۇيرۇپ قويۇپ، گىتارىنى ئېلىپ چېلىشقا باشلىدى. تۇساتتىن، بىر ساقچى ھارۋىسى قوڭغۇراقلىرىنى جىرىڭلىتىپ كېلىپ توختىدى ۋە بىر ساقچى ئەمەلدارى ئىككى ساقچىنى ئەگەشتۈرۈپ ياتاققا كىرىپ كەلدى.

ساقچى باشلىقى ئاكسيونوۋنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ كىملىكىنى نەدىن كەلگەنلىكىنى سورىدى. ئاكسيونوۋ ھەممىسىگە تولۇق جاۋاب بەردى. ئاندىن «چاي ئىچەمسىز؟» دەپ قوشۇپ قويدى. ئەمما، ساقچى باشلىقى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ

سوراپ: «ئاخشام كېچىنى قەيەردە ئۆتكۈزدۈڭ؟ ئۆزۈڭ يالغۇزمۇ ياكى يەنە بىر سودىگەر بىلەن بىللىمۇ؟ بۈگۈن ئەتىگەن ئۇ سودىگەرنى كۆردۈڭمۇ؟ نېمىشقا تاڭ ئاتماستىنلا سارايدىن كېتىپ قالدىڭ؟» دېگەندەك سوئاللارنى سورىدى.

ئاكسىيونوۋ ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق سوئاللارنى سورىغانلىقىدىن ئەجەبلەنسىمۇ ئەمما ھەممىگە ئەينەن جاۋاب بەردى. ئاخىرىدا:

- مېنىڭدىن نېمىشقا بۇنچىۋالا كوچىلاپ سوراپ كېتىسىز؟ ئوغرىلىق ياكى بۇلاڭچىلىق قىلمىسام، مەن ئۆزۈمنىڭ سودا ئىشلىرىم بىلەن كېتىۋاتىمەن. مەندىن بۇنچىۋالا سوراپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق، - دەپ قوشۇپ قويدى،

- مەن مۇشۇ رايوندىكى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، - دېدى ساقچى باشلىقى، - مېنىڭ سەندىن بۇنداق سوئاللارنى سورىشىم، تۈنۈگۈن كەچتە سەن بىلەن بىللە ياتقان ھېلىقى سودىگەرنى بىرى بوغۇزلىۋېتىپتۇ. بىز سېنىڭ نەرسىلىرىڭنى ئاختۇرىمىز.

ئۇلار بىر ئۆيگە كىرىپ ئاكسىيونوۋنىڭ يوك - تاقلىرىنى يېشىپ ئاختۇرۇشنى، ساقچى باشلىقى بىر سومكىدىن بىر پىچاقنى چىقىرىپ «بۇ كىمنىڭ پىچىقى!» دەپ ئەنسىز ۋارقىرىدى.

ئاكسىيونوۋ سومكىدىن قان يۇقى بىر پىچاقنىڭ چىققانلىقىنى كۆرۈپ سۈركۈنۈپ كەتتى.

- بۇ پىچاق قانداق بۇلۇپ قان يۇقى بولۇپ قالدى؟

ئاكسىيونوۋ كېكەچلەپ تۇرۇپ ئارانلا:

- مەن... بىلمەيمەن... مېنىڭ ئەمەس، - دېگەن گەپنىلا دېيەلىدى.

- ئۇ سودىگەر بۈگۈن ئەتىگەندە بوغۇزلىۋېتىلگەن ھالدا كارۋىتىدا يېتىپتۇ، - دېدى ساقچى باشلىقى، - پەقەت سەنلا شۇنداق قىلىش ئېھتىمالى بولغان بىردىنبىر

ئادەم. ئۆي ئىچىدىن تاقالغان، ئۆيدە باشقا ھېچكىم يوق، سومكاڭدا بۇ قان يۇقى پىچاق بار ئىكەن، چىرايىڭدىنمۇ بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنى قانداق ئۆلتۈرگەنلىكىڭنى ۋە قانچىلىك پۇلنى ئوغرىلىغانلىقىڭنى ئېيتىپ بەر.

ئاكسىيونوۋ بۇ ئىشنى ئۆزىنىڭ قىلمىغانلىقىنى، ئۇ سودىگەر بىلەن بىرگە چاي ئىچكەندىن كېيىن ئۇنى كۆرمىگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ سەككىز مىڭ رۇبلىسىدىن باشقا پۇلى يوقلۇقىنى، ئۇ پىچاقنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ قەسەم قىلدى. ئەمما، ئۇنىڭ كانىيى بوغۇلۇپ، چىرايى تاتىرىپ، قورققىنىدىن گۇناھكاردەك تىترەپ تۇراتتى.

ساقچى باشلىقى ساقچىلارغا ئاكسىيونوۋنى باغلاپ ھارۋىغا تاشلاشنى بۇيرىدى. ساقچىلار ئۇنىڭ پۇتلىرىنى باغلاپ ھارۋىغا تاشلىغاندا، ئاكسىيونوۋ چوقۇنۇپ تۇرۇپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ پۇل ـ ماللىرى مۇسادىرە قىلىنىپ، يېقىن ئەتراپتىكى كىچىك بىر شەھەرنىڭ تۈرمىسىگە قاماپ قويۇلدى. ئاڭغىچە ۋلادىمىر شەھىرىدىن ئۇنىڭ ئارخىپى ئېنىقلىنىپ كېلىندى، ئۇ يەردىكىلەر ئۇنىڭ بۇرۇن ھاراقكەش بولسىمۇ، ئەمما ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېيتىشقان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا، بىر سودىگەرنى ئۆلتۈرۈپ يىگىرمە مىڭ رۇبلى پۇلنى بۇلىۋالغان، دەپ بىرلا جىنايەت ئارتىلدى.

ئۇنىڭ خوتۇنى نېمە ئىشلار بولۇپ كەتكىنگە چۈشىنەلمەيلا قالدى. بالىلىرى ئۇششاق، بىر بالىسى تېخى ئەمچەكتە ئىدى. ئۇ بالىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ، ئېرى سولانغان تۈرمىگە باردى.

دەسلەپتە ئېرى بىلەن كۆرۈشەلمىدى. ئەمما، يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ئاخىر كۆرۈشۈشكە رۇخسەت ئالدى. ئېرىنىڭ ئۈچىسىدا مەھبۇس كىيىمى، پۇت ـ قوللىرىدا كويزا ـ كىشەن، ئوغرى قاراقچىلار بىلەن بىللە سولانغانلىقىنى كۆرۈپ، ھوشىدىن

كېتىپ خېلى ئۇزاقچە ئېسىگە كېلەلمىدى، ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن باللىرى بىلەن ئېرىنىڭ قېشىغا كىرىپ ئولتۇردى. ئۆيدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئېرىگە سۆزلەپ بەردى. ئاندىن، زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى. ئېرى ئۇنىڭغا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بەردى، ئۇ «ئەمدى قانداق قىلىمىز؟» دەپ سورىدى.

- چار پادىشاھقا مەندەك بىر گۇناھسىز ئادەمنىڭ ناھەق ئۆلۈپ كېتىمەسلىكىنى تىلەپ ئىلتىماس سۇنايلى، - دېدى ئېرى. خوتۇنى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ چار پادىشاھقا ئەرز سۇنغانلىقىنى، ئەمما جاۋابى بولمىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاكسىيونوۋ ئۈندىمىدى، پەقەت خورسىنىپلا قويدى.

- چۈشۈمدە سېنى چاچلىرىڭ ئاقىرىپ كەتكەن ھالدا كۆرۈشۈپ سەۋەبسىز ئەمەسكەن، - دېدى خوتۇنى، - ئاشۇ كۈنى يولغا چىقمىساڭ بوپتىكەن. قەدىرلىكىم، خوتۇنۇڭغا راستىنى ئېيتقىن، بۇ ئىشنى راست سەن قىلمىغان، شۇنداقمۇ؟

- بۇ گېپىڭچە سەنمۇ مەندىن گۇمانلىنىۋېتىپسەن - دە! - دېدى ئاكسىيونوۋ ۋە يۈزىنى ئېتىۋېلىپ يىغلاپ كەتتى. بىر ساقچى كېلىپ ئۇنىڭ خوتۇنى، باللىرىنى ھەيدىدى. ئاخىرى ئۇلار ئامالسىز خوشلاشتى. ئائىلىسىدىكىلەر كەتكەندىن كېيىن ئاكسىيونوۋ خوتۇنىنىڭمۇ ئۆزىدىن گۇمانلىنىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ ئۆزىگە ئۆزى: «قارىغاندا، بۇ ئىشنى پەقەت تەڭرىلا بىلىدىغان ئوخشايدۇ. ئەمدى بىزگە ئۇنىڭدىن مېھىر - شەپقەت كۈتمەكتىن باشقا ئامال يوق» دەپ پىچىرلىدى. ئاكسىيونوۋ قايتا ئەرز قىلمىدى. ئۇ ھەممە ئۈمىدنى ئۈزۈپ پەقەت تەڭرىگە ئىبادەت قىلىش بىلەنلا ئۆتىدىغان بولدى. ئاكسىيونوۋ راسا دۇمبالانغاندىن كېيىن كاندا ئىشلەشكە پالاندى. يارىسى - ساقايغاندىن كېيىن باشقا جىنايەتچىلەر بىلەن بىرگە سىبىرىيىگە ھەيدەلدى.

ئاكسيونوۋ سىبىرىيىدە يىگىرمە بەش يىل مەھبۇس بولدى.

ئۇنىڭ چاچلىرى قاردەك ئاقارغان، ساقال - بۇرۇتلىرى شالاڭلىشىپ چارلاشقان، خۇشاللىقى يوقالغان، بېلى مۈكچىيىپ، يول مېڭىشى ئاستىلاپ، ئاز سۆزلەيدىغان، كۈلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئەمما، ئىبادەتنى زادىلا تاشلىمىدى، ئاكسيونوۋ تۈرمىدە موزدۇزلۇقنى ئۆتىنىۋالدى، ئازراق پۇل تېپىپ «ئەۋلىيالار قىسسىسى»نى سېتىۋالدى. ئۇ بۇ كىتابنى تۈرمىنىڭ يورۇق جايلىرىدا ئوقۇيتتى، يەكشەنبە كۈنلىرى تۈرمە چېركاۋىدا ئىنجىل پارىلىرىنى ئوقۇپ مۇناجات قىلىپ تۇردى. ئۇنىڭ ئاۋازى بۇرۇنقىدەكلا ساز ئىدى.

تۈرمە نازارەتچىلىرى ئاكسيونوۋنىڭ مۇلايىملىقىنى ياقتۇراتتى، تۈرمىداشلىرىمۇ ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى. ئۇلار ئۇنى «بوۋا»، «ئەۋلىيا» دەپ ئاتىشاتتى. تۈرمە نازارەتچىلىرىگە قانداق تەلەپلىرى بولسا ئاكسيونوۋغا دېگۈزەتتى. جىنايەتچىلەر ئارىسىدا ماجىرا چىقسا، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ھەل قىلىشاتتى. ئاكسيونوۋغا ئائىلىسىدىن ھېچقانداق خەۋەر بولمىدى، بىر كۈنى تۈرمىگە يېڭى جىنايەتچىلەر كەلدى. كەچتە كونا جىنايەتچىلەر يېڭى كەلگەنلەرنى ئورىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ قايسى شەھەر، قايسى يېزىدىن كەلگەنلىكىنى، نېمە جىنايەت بىلەن كېسىلگەنلىكلىرىنى سوراشتى. شۇلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى غەمكىن تىڭشاپ ئولتۇردى.

ئاتمىش ياشلاردىكى ئېگىز. بەستلىك، چاچ - ساقاللىرى پاكىز چۈشۈرۈلگەن بىر مەھبۇس باشقىلارغا ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن قولغا ئېلىنغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى،

- مەن ئات قوشۇلغان، بىر چانىنى ئېلىپ ماڭغانلىقىم ئۈچۈنلا، ئوغرىلىق قىلدىڭ دەپ قارىلىنىپ قولغا ئېلىندىم، چانىنى ئۆيگە تېزىرەك بېرىۋېلىپلا قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئالغانىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە چانا بىر دوستۇمنىڭ ئىدى. مەن بۇرۇن

جىنايەت ئۆتكۈزگەن، ئەسلى شۇ چاغدىلا بۇ يەرگە كېلىشىم كېرەك ئىدى. ئەمما ئۇ چاغدا مەن تۇتۇلمىغان. ھازىر بۇ يەرگە گۇناھسىزلا ئېلىپ كېلىندىم، بۇ يەرگە بۇرۇنلا كېلىشىم كېرەك ئىدى، بەك كېچىكىپ كەلدىم.

- سەن قەيەرلىك؟ - سورىدى بىرى ئۇنىڭدىن.

- ئېيتقىنا ماكار، ۋلادىمىرلىق سودىگەر ئاكسىيونوۋلارنى تونۇمسەن؟ - سورىدى ئاكسىيونوۋ. - ئۇلار ھازىرمۇ ھاياتمۇ؟

- تونۇمامدىغان، ئەلۋەتتە تونۇيمەن، ئۇلارنىڭ دادىسى سىبىرىيىدە بىزگە ئوخشاش مەھبۇس بولسىمۇ، ئۇلار باي ئادەملەر. ساڭا كەلسەك بوۋا، قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغان؟

ئاكسىيونوۋ ئۆزىنىڭ بەختسىز كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەشنى خالىمىدى. پەقەت خورسىنىپلا قويدى. ئاندىن:

- جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىم ئۈچۈن، يىگىرمە بەش يىل بولدى، - دېدى.

- نېمە جىنايەت بىلەن؟ - سورىدى ماكار.

ئاكسىيونوۋ كۆپ سۆزلەشنى خالىماي «ئىشقىلىپ بىر جىنايەت، جىنايەت ئۆتكۈزگەندىكىن جازاسىنى تارتىشىم كېرەك - تە» دەپلا قويدى، لېكىن، ئۇنىڭ تۈرمىداشلىرى يېڭى مەھبۇسقا ئاكسىيونوۋنىڭ سىبىرىيىگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىشتى. ماكار بۇلارنى ئاڭلاپ ئاكسىيونوۋغا قاراپ تىزىنى شاپىلاقلاپ تۇرۇپ:

- ۋاي، بۇ قىزىق ئىشكەنغۇ، ھەقىقەتەن بەك قىزىق ئىشكەن، بىراق سەن بەك قېرىپ كېتىپسەن ، بوۋا! - دېدى.

باشقىلار ئۇنىڭ نېمىشقا مۇنچىۋالا ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بۇرۇن ئاكسىيونوۋنى كۆرگەن - كۆرمىگەنلىكىنى سوراشتى. ئەمما، ماكار جاۋاب بەرمىدى،

پەقەت «بۇ يەردە ئۇچراشقىنىمىز ئاجايىپ ئىش بولدى، بالىلىرىم» دەپلا قويدى. ئۇنىڭ سۆزى ئاكسىيونوۋنى، بۇ ئادەم ئۇ سودىگەرنى كىمنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىلىدىكەن، دېگەن گۇمانغا سېلىپ قويدى. شۇڭا:

- ماكار، سەن بەلكىم شۇ قېتىمقى ۋەقەنى ئاڭلىغان بولغىيتتىڭ ياكى بۇرۇن مېنى كۆرگەندۇرسەن؟ - دەپ سورىدى.

- ئېمىشقا ئاڭلىماي، بۇ ئىش ئالەمگە پۇر كەتكەن تۇرسا، ئەمما ئۇ بۇرۇنقى ئىشلار، ھازىر ئۇنتۇپ كەتتىم.

- بەلكىم ھېلىقى سودىگەرنى كىمنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغان بولغىيتتىڭ؟ - سورىدى ئاكسىيونوۋ.

- ئۇنى چوقۇم سومكىسىدىن پىچاق چىققان ئادەم ئۆلتۈرگەن، - دېدى ماكار كۈلۈپ قويۇپ، - پىچاقنى سومكاڭغا تىقىپ قويغان تەقدىردىمۇ، ئۇ تۇتۇلمىغۇچە ئوغرى ھېسابلانمايدۇ. پىچاقنى قانداقسىگە ئۇخلاۋاتقان ئادەمنىڭ بېشىنىڭ ئاستىدىكى سومكىغا تىقىپ قويغىلى بولسۇن، ئۇ تىقىپ بولغۇچە ئويغىنىپ كەتمەمدۇ.

ئاكسىيونوۋ ھېلىقى سودىگەرنى ئۆلتۈرگەن ئادەمنىڭ مۇشۇ ئادەم ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ نېرى كەتتى. شۇ ئاخشىمى ئۇ كېچىچە كىرپىك قاقمىدى. چىرايى خاپا، كۆڭلىنى ھەرخىل خىياللار چىرمىۋالغانىدى. خوتۇنىنىڭ بازارغا مېڭىش ئالدىدىكى چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇلار ئەينى چاغدىكىدەك ئۇششاق، بىرى يەردە، بىرى ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا ئىدى، ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ياش ۋە شوخ چاغلىرىنى، سارايدا گىتار چېلىۋاتقاندا قىلمىغانلىقىنى ئەسلىدى، يىگىرمە بەش يىللىق تۈرمە ھاياتىدا يېگەن تاياقلىرى، تارتقان ئازابلىرى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتتى. بۇ پېشكەللىكلەرنىڭ ئۆزىنى شۇ قەدەر ئېچىنىشلىق ھالغا

چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى ئويلاپ ئۆلۈۋالغاچقىمۇ بولدى. «بۇلارنىڭ ھەممىسىگە شۇ مۇناپىق سەۋەبچى» دەپ ئويلىدى ئاكسىيونوۋ، ئۇ ماكارغا شۇ قەدەر ئۆچ بولۇپ كەتتىكى، ئۇنىڭدىن ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆلۈپ كەتسىمۇ مەيلى ئىدى، ئەمما، ماكارغا يېقىن يولىمىدى، ھەتتا ئۇنىڭغا قارىغۇسىمۇ كەلمىدى.

ئىككى ھەپتە شۇ تەرىقىدە ئۆتتى. ئاكسىيونوۋ كېچىلىرى ئۇخلىيالمايدىغان، ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيدىغان بولۇپ قالدى.

بىر كۈنى ئاخشىمى ئۇ بىر تاختايىنىڭ ئاستىدىن توپا چىقىرىپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ توختاپ بۇ نېمە ئىشتۇ، دەپ قاراپ تۇراتتى، تۇساتتىن، ماكار تاختايىنىڭ ئاستىدىن ئۆمىلەپ چىقتى ۋە ئاكسىيونوۋغا ھودۇققان ھالدا قاراپ قالدى. ئاكسىيونوۋ قارىماي ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇۋېدى، ماكار ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۆزىنىڭ تامنىڭ ئاستىدىن بىر تۆشۈك كولىغانلىقىنى، تۇپىنى ئۆتۈكىگە قاچىلاپ، ھەركۈنى جىنايەتچىلەرنى ئەمگەككە يالاپ ماڭغاندا يول بويىغا تۆكۈۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

- يەقەت سەن قىرىلا زۇۋان سۈرمىسەڭ بولدى، ئۆزۈڭمۇ چىقىپ كېتەلەيسەن. ئەگەر دەپ قويىدىغان بولساڭ ئۇلار مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭدىن بۇرۇن مەن سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن.

ئاكسىيونوۋ ئاچچىقىدىن تىترەپ كەتتى ۋە رەقىبىگە غەزەپ بىلەن قاراپ قويدى. ئۇ قولىنى سىلكىپ تارتىۋېلىپ:

- مەن قېچىپ كېتىشنى خالىمايمەن. سېنىڭمۇ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. سەن مېنى بۇرۇنلا ئۆلتۈرۈپ بولغان. بۇ ئىشقا كەلسەك، مېنىڭ ئېيتىش - ئېيتماسلىقىم خۇدانىڭ ھۆكمىگە باغلىق، - دېدى.

ئەتىسى جىنايەتچىلەرنى ئەمگەككە ئېلىپ ماڭغاندا ساقچى بىر جىنايەتچىنىڭ

ئۆتۈكىدىن تويا تۆككەنلىكىنى سېزىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن تۈرمە ئاختۇرۇپ، تۆشۈك تېپىۋېلىندى. تۈرمە باشلىقى بارلىق جىنايەتچىلەردىن تۆشۈكنى كىمنىڭ كولىغانلىقىنى سوروشتۇرغان بولسىمۇ، ئۇلار بۇ ئىشنى بىلمەيدىغانلىقلىرىنى ئېيتىشتى، چۈنكى، ئۇلار ماكارنى دەپ قويسا، ئۇنىڭ ئۆلگۈچە تاياق يەيدىغانلىقىنى بىلىشەتتى. ئاخىرى تۈرمە باشلىقى ئاكسيونوۋنىڭ راستچىل ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭغا:

- بوۋاي، سەن دۇرۇس ئادەم، خۇدا ھەققىدە تۆشۈكنى كىمنىڭ كولىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگىن، - دېدى. ماكار بۇ ئىشنىڭ ئۆزى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوقتەك، تۈرمە باشلىقىغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئاكسيونوۋغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدىمۇ قاراپ قويمايتتى. ئاكسيونوۋ خېلى بىر چاغقىچە جىمىپ كەتتى. «مەن نېمىشقا مېنىڭ ھاياتىمنى نابۇت قىلغان ئادەمنى قوغداپ قالىمەن؟ ئۇ مەن تارتقان جاپا - مۇشەققەتلەرگە بەدەل تۆلىشى كېرەك. ئەمما، ئۇنى ئېيتىپ قويسام، ئۇلارنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنى قاتىل دەپ خاتا گۇمان قىلىپ قالغان بولسام، ئۇ چاغدا قانداق بولىدۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

- ھەقىرى، - دېدى تۈرمە باشلىقى، - راستىنى ئېيتقىن، تامنىڭ ئاستىنى زادى كىم كولىدى؟

ئاكسيونوۋ ماكارغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ:

- ئېيتىپ بېرەلمەيمەن، جانابلىرى. تەڭرىمۇ ئېيتىپ بېرىشىمنى راۋا كۆرمەيدۇ. مېنى نېمە قىلغۇلىرى كەلسە. مەن ئۆزلىرىنىڭ ئالقىنىدىكى ئادەم، - دېدى.

تۈرمە باشلىقى خېلى كۈچەپ باققان بولسىمۇ، ئاكسيونوۋ دەپ بەرمىدى. بۇ ئىش شۇنىڭ بىلەن بولدى قىلىندى. شۇ كېچىسى ئاكسيونوۋنىڭ كۆزى ئەمدى ئۇيقۇغا بېرىشىغا، بىر ئادەم ئاستا كېلىپ ئۇنىڭ كارىۋىتىدا ئولتۇردى. قاراڭغۇدا ئۇ ئۇنىڭ

ماكار ئىكەنلىكىنى تەستە ئىلغا قىلالىدى.

- سەن مېنى يەنە نېمە قىلماقچى؟ - دېدى ئاكسىيونوۋ، - بۇ يەرگە نېمەدەپ كەلدىڭ؟

ماكار گەپ قىلمىدى. ئاكسىيونوۋ ئورنىدىن تۇرۇپ:

- نېمە قىلماقچىسەن؟ يوقال، بولمىسا كۆزەتچىنى چاقىرىمەن! - دېدى.

ماكار ئاكسىيونوۋنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋېلىپ:

- ئاكسىيونوۋ، مېنى كەچۈرگىن! - دەپ يېلىندى.

- نېمە ئىشقا؟ - سورىدى ئاكسىيونوۋ،

- ھېلىقى سودىگەرنى ئۆلتۈرۈپ، پىچاقنى سېنىڭ نەرسىلىرىڭنىڭ ئارىسىغا مەن يوشۇرۇپ قويغان، ئەسلىدە، سېنىمۇ ئۆلتۈرمەكچىدىم. سىرتتىن ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلۈپ قالدى. شۇڭا، پىچاقنى سېنىڭ سومكاڭغا تىقىپ قويۇپ دېرىزىدىن سەكرەپ قېچىپ كەتكەن.

ئاكسىيونوۋ جىمىپ كەتتى، ئۇ نېمە دېيىشنى بىلمەيتتى.

ماكار يەرگە تىزلىنىپ تۇرۇپ:

- ئاكسىيونوۋ، مېنى كەچۈرگىن! خۇدا ھەققىدە مېنى كەچۈرگىن. مەن سودىگەرنى ئۆلتۈرگەنلىكىمنى ئىقرار قىلىپ، سېنى تۈرمىدىن چىقىرىۋېتىمەن، - دېدى.

- دېمەككە ئاسان، - دېدى ئاكسىيونوۋ، - لېكىن بۇ يىگىرمە ئالتە يىلدا مەن سېنىڭ كاساپىتىڭدىن ئاز جاپا تارتمىدىم. ئەمدى نەگىمۇ بارىمەن؟... خوتۇنۇم ئۆلدى. باللىرىم مېنى ئۇنتۇپ كەتتى. مېنىڭ بارار يېرىم يوق...

ماكار ئورنىدىن تۇرماي، بېشىنى يەرگە ئۇرۇپ تۇرۇپ:

ـ ئاكسىيونوۋ، مېنى كەچۈرگىن، - دەپ يىغلاپ كەتتى، - ئۇلار مېنى ھەرقانچە ئۇرۇپ دۇمبالىسىمۇ، ھازىر سېنىڭ ئالدىڭدا تۇرغاندىكىدەك ئېغىر كەلمەيتتى...

سەن ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ ھېچنېمە دېمىدىڭ. گەرچە مەن بىر ئەسكى ئادەم بولسامۇ، ئىنسانىڭ ھەققىدە مېنى كەچۈرگىن!

ئۇنىڭ نالىسىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز ئاكسېنوۋنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولدى.

- تەڭرى سېنى كەچۈرىدۇ!- دېدى ئۇ، - بەلكىم، مەن سەندىنمۇ بەتتەر ئەسكىدۇرمەن.

ئۇ بۇ سۆزلەر بىلەن كۆڭلى ئارام تاپقاندەك، ئۆيگە بولغان سېغىنىشلىرىمۇ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك بولدى. بۇرۇنقىدەك تۈرمىدىن چىقىشنى خىيال قىلىپمۇ كەتمىدى. پەقەت ئاخىرقى سائەتلىرىنىڭ يېتىپ كېلىشىنىلا ئۈمىد قىلدى.

ماكار ئاخىر ئۆزىنىڭ جىنايەتلىرىنى ئىقرار قىلدى. ئەمما، قويۇپ بېرىش بۇيرۇقى يېتىپ كەلگەندە ئاكسېنوۋ ئۆلۈپ بولغانىدى.

## خوراز

م.كولوسوۋ (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى)

ئوسمانجان مۇھەممەت تەرجىمىسى

مەن بىر ھېكايە يازدىم، ھېكايەمگە «خوراز»دەپ ماۋزۇ قويدۇم، مەن ھېكايىنى دەل ئۈچ يىلدا يېزىپ چىقتىم، ھېكايە خېلى ئوبدان چىقتى، بۇنىڭدىن ئۆزۈممۇ رازى ئىدىم، ئوبزورچىلارمۇ (ئىچكى قىسىمدىكى ئوبزورچىلار) خېلى ئوبدان باھا بېرىشتى، مەن ھېكايىنى بىر ژۇرنالنىڭ تەھرىر بۆلۈمىگە ئاپاردىم، مۇھەررىر ھېكايىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن بەك خۇشال بولۇپ كەتتى.

ھېكايەمنىڭ ئېلان قىلىشىغا بارغانچە ئىشەنچىم كۈچىيىشكە باشلىدى، دەسلەپتە بىر مۇئاۋىن باش مۇھەررىر كۆرۈپ چىقتى، ئۇ ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، قالتىس

يېزىلىپتۇ، دېدى. باش مۇھەررىرمۇ يامان ئەمەس يېزىلىپتۇ، ئىشلىتەيلى، دېدى.

مۇشۇنداق ياخشى يېزىلغان ھېكايە ئىشلىتىلمەي قالمايدۇ ـ دە! خورازنىڭ ئوبرازى ناھايىتى ياخشى يارىتىلغاندى. ئۇ خوراز ئەمەس، بەلكى بىر تۈزدەك تەسۋىرلەنگەندى: خورازنىڭ قۇيرۇقى ھەسەن ـ ھۈسەندەك رەڭدار، تاجىسى بەرقۇت تۇغدەك قىپقىزىل ئىدى، بەدىنى... بۇنى نېمىگە ئوخشىتىشنى بىلەلمىدىم، قىسقىسى، خوراز ئىنتايىن چىرايلىق تەسۋىرلەنگەندى، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق قۇسۇر تاپقىلى بولمايتتى.

ـ بىز بۇ ئەسەرنى ئىشلىتىشنى قارار قىلدۇق، ـ دېدى باش مۇھەررىر، ـ ئەمما بىر يىلدىن كېيىن ئىشلىتىمىز.

ـ كۈتۈپ تۇرۇشقا ئەرزىيدۇ، ـ دېدى يەنە بىر مۇئاۋىن باش مۇھەررىر دەرھال ماڭا تەسەللىي بېرىپ، ـ بىزنىڭ بۇ ژۇرنالدا ئەسەر ئېلان قىلماق ئاسان ئەمەس، لېكىن سىزنىڭ خورىزىڭىز بىزنىڭ ژۇرنىلىمىزغا ئەڭ مۇۋاپىق!

نېمە چارە، كۈتۈك دېگەندىن كېيىن كۈتۈپ تۇرۇش كېرەك ـ تە!

بىر يىلدىن كېيىن مەن «خوراز»نى يوقلاپ باردىم، ئۇ ھايات ئىكەن، مەن ئۇنىڭ بىلەن يۈز كۆرۈشكەندە، بىرى ماڭا:

ـ يەنە يېرىم يىلدەك ساقلاپ تۇرسىڭىز، بىر يىل ساقلىغان يەردە يېرىم يىل نېمىتى، ئۆتۈپ كېتىدۇ... ـ دېدى.

يېرىم يىلدىن كېيىن نەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئىشىكىنى چەكتىم،

ـ مېنىڭ «خورىزىم»قانداق بولدى.

ـ خورىزىڭىز ھايات! ھايات! بىراق يەنە يېرىم يىل ساقلاپ تۇرسىڭىز...

نىھايەت، تەھرىر بۆلۈم ئاخىر ماڭا ئۇقتۇرۇش قىلدى:

ـ خورىزىڭىزنى يات ئارىدا ئىشلەتمەكچى بولۇۋاتىمىز! پەقەت... پەقەت بىزنىڭ

سەھىيمىز چەكلىك بولغاچقا ئۇ سىغماي قالدى... خورىزىڭىز بەك چوڭ ئىكەن.

- ئەمىسە قانداق قىلسام بولىدۇ؟ يا ئۇنىڭ بېشىنى كېسىۋېتەيمۇ؟

- بۇ گېپىم كۆڭلىڭىزگە كەپتۇ - دە! قانداقمۇ ئۇنىڭ بېشىنى كېسىۋەتكىلى بولسۇن؟! قۇيرۇقىنى كېسىۋەتسەكلا بولمىدىمۇ! قۇيرۇقىنىڭ نېمە كېرىكى؟ ئاساسلىقى ئۇنىڭ گۆشىغۇ!

مەن ئامالسىز ئۇنىڭ قۇيرۇقىنى كېسىۋەتتىم. بۇنىڭغا نېمە چارە؟ بىر مۇئاۋىن باش مۇھەررىر يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ چىقتى. ئۇ كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن:

- بولمايدىكەن، ھەجمى يەنىلا كۆپكەن. تاجىسىنى كېسىۋېتىڭ. تاجىنىڭ نېمە پايدىسى؟ گۆشىدىن ئازراق شىلىۋېتىڭ. يەنە بىر نەرسىنى ئاڭقىرالماي قالدىم، ئىشقىلىپ، ئارتۇقچە بىر نەرسىغۇ دەيمەن، - دېدى.

مەن مۇئاۋىن باش مۇھەررىرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە كېسىۋېتىشكە تېگىشلىك يەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى كېسىۋېتىپ ھېكايىنى يەنە ئاپىرىپ بەردىم. ھېكايەم يەنە بىر مۇئاۋىن باش مۇھەررىرنىڭ قولىغا چۈشتى، ئۇ خورازنىڭ پۇتىغا قاراپ:

- پۇتىنى كېسىۋېتىڭ، پۇتىنىڭ خورازغا نېمە كېرىكى بار؟ پۇت دېگەن تۇسالغۇ بولۇپ قالىدۇ، - دېدى.

مەن خورازنىڭ پۇتىنىمۇ كېسىۋەتتىم. ئاندىن ھېكايەمنى باش مۇھەررىرگە ئاپىرىپ بەردىم.

بەش مۇھەررىر خورازغا تەپسىلى قاراپ چىقىپ، ئۇنىڭ قانىتىنىڭ بەك چوڭلۇقىنى ئېيتتى:

- ئۇنىڭ قانىتىنى يۇلۇۋېتىڭ! - دېدى ئۇ كەسكىن بۇيرۇق قىلىپ، - خورازغا ئۇچۇپ نېمە كەپتىكەن؟ ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇچمايدىغۇ! شۇنى بىلىش كېرەككى، ئۇ بۈركۈت ئەمەس. ئۇنىڭ قاناتلىرىنى يۇلۇۋەتسىڭىز دەرھال تىزىشقا بېرىمىز.

- تېز بولۇڭ، دېدى ھېلىقى ئىككى مۇئاۋىن باش مۇھەررىر ماڭا تەسەللىي بېرىپ. - بۇ يەيلەرگە ئىچ ئاغرىتىپ يۈرمەڭ! بۇلارنى يۇلۇۋەتسىڭىزلا ئېلان قىلىنىدۇ! ھە، ياق، سىزگە دېدۇققۇ، دەرھال تىزىلىدۇ.

مەن چىشىمنى چىشلەپ تۇرۇپ بۇ بىچارە خورازنىڭ قاناتلىرىنى يۇڭداپ تاشلىدىم. پەقەت مۇشۇنداق ئەسەرلا ئاندىن ئېلان قىلىنىدىغان تۇرسا، بۇنىڭغا نېمە چارە؟

خوش، ھەممە ئىش پۈتتى، ئەمدى ئەسەرنىڭ ئاخىرقى كوررېكتۇرىنى كۈتۈش كېرەك، لېكىن تەھرىر بۆلۈمىدىن تۇساتتىن يەنە تېلېفون كېلىپ قالدى.

- بولدى، بەك جىددىيلىشىپ كەتمەڭ، خوراز ساق - سالامەت، پەقەت ... بەزىلەر خورازنىڭ ھېلىقى يېرىنى... قايسى يېرى بولغىيتتى، خۇدايىم؟ ... كەچۈرۈڭ، دېيىشكە تىلىم بارمايۋاتىدۇ... ئىشقىلىپ، بىر يېرىنى كېسىۋېتىش كېرەك دېيىشىۋاتىدۇ. ئۇنداق بولمىسا بۇ سېرىق ئەسەرگە ئوخشاپ قېلىپ خورازنى بىزنىڭ ژۇرنالدا ئېلان قىلىشقا بولمايدىكەن. كىتابخانلىرىمىز ھېلىقى يېرىنى ياقتۇرمايدىكەن.

- ئۇ يېرىنى قانداق كۆرگىلى بولىدۇ؟ - دېدىم مەن تەئەججۈپلىنىپ. - ئۇ قوشقار ئەمەس، خوراز تۇرسا!

- قاراڭ بۇ گېپىڭىزنى، بىز كۆردۇققۇ...

- بىلىشىڭلار كېرەككى، ئۇ يېرىنى كېسىۋەتكەندە ئۇ خوراز بولماي قالىدۇ! ئۇنداقتا، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىۋېتىش كېرەك...

- شۇنداق، ئۇ خوراز بولماي قالىدۇ، - دېدى مۇھەررىر قوشۇلۇپ، - لېكىن مېكيانمۇ بولمايدۇ - دە، شۇنداقمۇ؟

- شۇنداق، مېكيانمۇ بولماي قالىدۇ...

- ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئىسمىنى «خورازمۇ ئەمەس، مېكيانمۇ ئەمەس» دەپ

ئۆزگەرتسەك قانداق؟

- شۇنداق ئۆزگەرتسەك، ئۆزگەرتەيلى، - دېدىم مەن، - ئېلان قىلغىلى بولسىلا مەيلى

- ئۇنداق قىلماي نېمە ئامالىڭىز بار؟

## پەلەي ھەققىدە مۇنازىرە

بالزاك (فرانسىيە)

خالىدە مۇسا تەرجىمىسى

دې. ك. ماركىز خانىم تانسا كېچىلىكى ئۆتكۈزگەن كۈننىڭ ئەتىسى بىرنەچچە دوستلار دې. س. گراف خانىمنىڭ مېھمانخانىسىغا يىغىلدۇق. گراف خانىم تۈنۈگۈنكى تانسىغا بارمىغاچقا، بىزدىن بۇرۇن بىر نەچچە ياش باللار ۋە ئاياللار ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپ كەلگەنىكەن.

دەسلەپتە دېگەندەك ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇرالمىدۇق. ھەممەيلەننىڭ چىرايىدىن تۈنۈگۈنكى ئولتۇرۇشنىڭ ھاردۇقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئاردىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇش ئۈچۈن مېھمانلاردىن بىرى مۇنداقلا بىر ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇۋىدى، ئاددىيغىنا بۇ بىر جۈملە سۆز سورۇندىكىلەرنىڭ قىزىقارلىق پاراڭ تېمىسىغا ئايلاندى. مانا بۇ مېنىڭ سىلەرگە بايان قىلماقچى بولغىنىم.

بىر خانىم سۆز باشلاپ:

- دې. پې. بارون خانىم شۋېتسىيىدىن قايتىپ كەپتىكەن، ماڭا بىر جۈپ پەلەي ئالغاچ كەپتۇ، ئۇنىڭ ئېسىللىقىنى بىر دېمەڭلار، - دېدى.

يەنە بىر خانىم ئۇلاپلا:

- پەلەي ئۈستىدە سۆز بولۇپ قالدى. تۇۋا دەيمەن، مۇشۇنداق سوغۇق قىش كۈنلىرىدە ياشلار سۇس رەڭلىك پەلەي كىيىشىدىغان بوپتۇ. مەن بۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلدىم، - دېدى.

- نېمە، سۆيۈملۈك ئەملىيە، سىز تېخى بۇنىڭ ئاستىدىكى سىرنى بايقىمىدىڭىزمۇ؟ - دېدى گىراق خانىم، - ئۇنداقتا بىزنىڭ ياش لېيتېنانتتىن كۆپرەك تەلىم ئالسىڭىز بولغۇدەك، ئۇ سىزگە: «ئالدىنقى كۈنى ئولتۇرۇشتا كىيگەن پەلەينىڭ رولىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

- خانىم توغرا دەيدۇ، - سورۇندىكى ئەرلەر تەڭلا ۋارقىراشتى.

گىراق خانىم سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

- چىراي شەكلى، گالستۇك تاقاش ئۇسۇللىرىدىن بىز ھەر بىر ئادەمنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى بىلىۋالالايمىز. بىراق، بىر قېتىملىق تانسا ياكى ئولتۇرۇشنىڭ ئەتىسى كىشىلەرنىڭ كىيىۋالغان پەلىيىدىن ئۇلارنىڭ مىجەزى ۋە ھەرىكىتىنى كۆزىتىش بەلكىم ئاز ئۇچرايدىغان ئىش بولسا كېرەك.

بۇ چاغدا ھەممىمىز بىردەك گىراق خانىمدىن بايا دېگەنلىرىنى ئەمەلىيەتتە بىر كۆرسىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدۇق ھەمدە ھەممىمىزدە ئاخشامقى تانسىدا كىيگەن پەلەي بارلىقىنى ئېيتتۇق.

- بولىدۇ، - دېدى گىراق خانىم، - بىراق، ئېيتقانلىرىمنى يۈزدە - يۈز توغرا دېيەلمەيمەن. لېكىن...

- ھەر ھالدا رەھىمدىلرەك بولارسىز.

- ئۇنداق گەپنى قىلماڭ، پولكوۋنىك، مەن يۈز قاراپ ئولتۇرمايمەن. توغرا، سىزدىن باشلايلى، ئەكىلىڭ، پەلىيىڭىزنى كۆرۈپ باقاي.

- مانا كۆرۈڭ، - پولكوۋنىك قوللىرىنى چىقاردى.

- پولكوۋنىك ھەقىقەتەنمۇ پەلەينى قەدىرلەيدىكەن، ئازراقمۇ كىر بولماپتۇ، - دېدى بىر قىز.

- چىرايلىق سىڭلىم، مېنى تانسىغا تارتمىدىڭىز دەپ ئەيىبلىگىنىڭىزمۇ بۇ؟ مەن ئوتتۇز بەش ياشقا كىرىپ قالدىم. ئادەم بۇ ياشقا بارغاندا تانسا دېگەنلەرگە قىزىقماس بولۇپ قالىدىكەن.

- مۇنداق دەڭ. بىراق سىز قىمار ئوينايدىكەنسىز، - دېدى گراف ئانىم ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

- نېمە، مېنى قىمار ئويناشنى ياخشى كۆرىدۇ دەمسىز؟

- پولكوۋنىك، تېنىۋالماڭ، بۇنى مەن ئەمەس، ئۆزىڭىزنىڭ پەلەيى ئىسپاتلاپ تۇرمامدۇ. رەقىبىڭىز قارتىنى ئاچقاندا، سىز جىددىيلىشىپ، پەلەيلىرىڭىزنى مىجىقلاپ پۇرلاشتۇرۇۋېتىپسىز، سىز شۇ قېتىم نۇرغۇن پۇل تۇتتۇرۇۋېتىپسىز. قاراڭ، تېخى سول قولىڭىزنىڭ ياليىنى مىجىقلاپ يىرتىپ تاشلاپسىز.

- گراف خانىم، پەلەي بەك كىچىك كېلىپ قالغاچقا يىرتىلىپ كەتكەن.

- ئەگەر تېخىمۇ قاۋۇل ئوڭ قولىڭىز بولمىغان بولسا، بەلكىم بۇ گېپىڭىز ئېقىپ قالار ئىدى.

- قول قويدۇم، - دېدى پولكوۋنىك ئامالسىز.

بۇ چاغدا فرانسىيە ئاقسۆڭەكلەر كېڭەش ئەزاسىنىڭ ئوغلى، قانۇن فاكۇلتېتىنىڭ بىرىنچى يىللىق ئوقۇغۇچىسى شار. دې. م:

- مېنىڭكىنى كۆرۈپ بېقىڭ، خانىم، مەن ھەر قانداق گېپىڭىزدىن قورقۇپ قالمايمەن، - دەپ قولىنى چىقاردى.

پەلەينىڭ ئىچىدە تەر داغلىرى بار ئىدى. خانىملار ئېيتقاندەك، بىر نەچچە

بارماقلىرى كۆل رەڭ تۈسكە كىرىپ قالغانىدى.

- سىز تانسىنى ياخشى ئوينايدىكەنسىز، بۇغۇ ياخشى ئىش. بىراق دائىم بىرلا قىز بىلەن ئوينايدىكەنسىز، - دېدى گراف خانىم.

- خانىم... نېمىشقا مۇنداق دەيسىز؟ - سورىدى يىگىت قىزىرىپ ھەم كېكەچلەپ.

- سۆيگۈنىڭىزنىڭ پەلىيىنىڭ رەڭگى ئوڭ قول پەلىيىڭىزنىڭ بارماقلىرىغا ئېچىپ قاپتۇ، لېكىن سول قولىڭىزنىڭكىدە يوق.

يىگىتنىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتتى. پولكوۋنىكنىڭ بىر نەۋرە سىڭلىسىمۇ قىزىرىپ، دەرھال قولىنى يېپىنچىسىنىڭ ئىچىگە تىقىۋالدى.

بۇ چاغدا ئۆيگە دې. س گراف بىلەن يېڭى ئېقىمنىڭ ياش شائىرى دې. ۋ ئەپەندى كىرىپ كەلدى. دې. س گراف ناھايىتى كېلىشكەن ئادەم ئىدى. خوتۇنىنى ياخشى كۆرەتتى... بىراق مىجەزى سەل سۇيۇق ئىدى.

بولۇۋاتقان ئىشتىن ئۇلارمۇ خەۋەر تاپتى.

دې. س گراف دەرھال ئالدىغا ئۆتۈپ:

- مېنىڭ سەۋەنلىكلىرىمنى سۆزلەپ بەرسىڭىز قانداق، ئەقىللىك ھۆكۈما؟ - دېدى.

گراف خانىم ئۇنىڭ قولىغا ئۇزاققىچە سىنچىلاپ قاراپ چىققاندىن كېيىن، چىرايىدىكى تەبەسسۇم ئاستا - ئاستا يوقالدى:

- سىز قىمار ئوينىمايدىكەنسىز.

- توغرا.

- تانسىمۇ ئوينىمايدىكەنسىز.

- شۇنداق.

- سىز بىرى بىلەن پاراڭلاشقان، يەنە كېلىپ ناھايىتى ئۇزۇن پاراڭلاشقان.

- توغرا تاپتىڭىز.

- بىر ئايال بىلەن.

- بۇ... بىراق، سىزنىڭ ھەقىقەتەن كارامىتىڭىز بار ئىكەن، مەن ئىقرار قىلاي.

- ئىقرار قىلاي دەمسىز، گىراف؟ ياق، سىز ھەرگىز ئىقرار قىلمايسىز، مەن سىرىڭىزنى ئېچىۋاتىمەن.

- ئۇنداقتا ئاساسىڭىزنى قويۇپ بېقىڭا.

- ئاساس قويۇش تەس ئىش ئەمەس. سول قول پەلىيىڭىزنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقىدىكى بۇ يۇمۇلاق قارا داغلارنى كۆردىڭىزمۇ... سىز كېنەز خانىمنىڭ ئەنبەر قېپىنى ئوينىغان... مەن ئۇنىڭ ئىسمىنى دەپ بېرەلەيمەن. بىراق بۇ سىرنى ئاشكارىلىماي تۇراي، سىز ئوڭ قولىڭىز بىلەن ئۇنىڭ ئوڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرغاندا...

- ئۇنداقتا ئوڭ قولۇمنىڭ پەلىيىچۇ؟

- شۈبھىسىزكى، سىز ئۇ ئايالنىڭ قولىنى چىڭ سىقىۋاتقىنىڭىزدا، ئوڭ قولىڭىزنىڭ پەلىيى يەرگە چۈشۈپ دەسسىلىپ كەتكەن. قاراڭ، پەلەينىڭ ئۈستىدە داغ تۇرامدۇ.

- سىز نېمىشقا بۇ گەپكىلا ئېسىلىۋالسىز؟ ئۇنىڭ پەلىيى سىڭلىسىنى ماشىنىغا چىقىرىپ قويغۇچە ياسكىنا بولۇپ كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىنغۇ؟

- ياق، ئۇنداق ئىش بولۇپ باقمىغان، - دېدى ياش لېيتېنانت، لېكىن ئارقىدىنلا قىلغان گېپىگە پۇشايمان قىلىپ قالدى.

سورۇننى جىمجىتلىق قاپلىدى، ھەممەيلەن بىر خىل ئوسال ئەھۋالدا قالغانىدى.

بۇ جىمجىتلىقنى يەنىلا گىراف بۇزدى:

- مەن خاتالىقىمنى تونۇيمەن، بىراق قەسەم قىلىمەنكى...

- قەسەم قىلماڭ، دوستۇم، - دېدى گىراف خانىم كۈلۈمسىرەپ، - مەن سىزنىڭ ئاشنىڭىزنى تونۇيمەن، بىراق...گەپنى يەنىلا مۇشۇ يەردە توختاتقىنىمىز

تۆزۈكمىكىن. - ئۇ ياش ئوفىتسېرغا يۈزلەندى. - سىزگە كەلسەك، ئەپەندى، سىزنىڭ پەلىيىڭىزگە قاراش ھاجەتسىز. قارىغاندا لونۋېردىكى ھەربىي لاگېر بىلەن كىنەز شارتېرنىڭ تانسا كېچىلىكىمۇ كۆڭلىڭىزدىكى ئادىمىڭىزنى ئۇنتۇلدۇرالمايتۇ.

لېيتېنانت كەتمەكچى بولدىيۇ، سۆيگۈنىسىنىڭ ئىنىسىنىڭ يۈزىنى قىلىپ توختاپ قالدى ۋە مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

- سىزگە كەلدى، دې. ۋ ئەپەندى.

بۇ ياش رومانتىك شائىر ئىدى.

- دې. ۋ ئەپەندىنىڭ ئاشقازان كېسىلى بولغاچقا تانسا ئوينىمايدۇ. - دېدى بىر خانىم.

- سىلەر يەنە مۇھەببەت ھېكايىسىنىمۇ كۆرەلەيسىلەر.

- خۇدايىم توۋا. - گىراف خانىم شائىرنىڭ پەلىيىگە قاراپ ۋارقىرىۋەتتى. - ئاشقازان كېسىلى بار ئادەم مۇشۇنداق كۆپ كەمپوت يەمدۇ، شۇنداق كۆپ سوغۇق ئىچىملىك ۋە ھاراق ئىچەلەمدۇ؟

- ياق ، خانىم...

- بىراق ئەپەندى، سىز ئوڭ قول پەلىيىڭىزنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقىغا قاراپ بېقىڭ. بىز سىزنىڭ قولىڭىزدىكى پەلەينى بۇ خانىملارنىڭ ياسىكىنا قىلىۋەتكىنىگە قانداقمۇ ئىشىنەلەيمىز؟ قانداق قىلىپ خانىملارنىڭ قولىدىكى پەلەيلەر سىزنىڭ پەلىيىڭىزدە سېرىق، يېشىل رەڭدىكى داغلارنى قالدۇرىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن پەلىيىڭىزدىن مەززىلىك ئوت ۋە مېۋە ھىدى كېلىدۇ؟

بىچارە شائىر كۈلۈمسىرەپ، بۇ ئىشلارنىڭ راستلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

- سىز قىلچە يۈز - خاتىر قىلمايدىكەنسىز، گىراف خېنىم، - دېدى پولكوۋنىك ئۇنىڭ

گېپىنى ئۈزۈپ، ـ ئەمدى ئەرلەرگىمۇ ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، قېنى خانىملار توغرۇلۇقمۇ بىر نېمە دەپ باقمامسىز؟

ـ يولكوۋنىك، سىز بىلىسىز، ئۇرۇش چاغلىرىدا كىشىلەر ھەرگىز ئىتتىپاقداش ئارمىيىگە قارىتىپ ئوق ئاتمايدۇ.

## بوۋاي بىلەن دېڭىز نىڭ قىسقىچە مەزمۇنى (ھېمىڭۋاي)

ھېمىڭۋاي كۆپ مەھسۇلاتلىق يازغۇچى، كۆپلىگەن رومان، ھېكايىلەرنى يازغان، ئەمما ئۇنى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتۈرگىنى «بوۋاي بىلەن دېڭىز»دېگەن 60بەتلىك كىچىك ھەجىمدىكى 160بەتلىك كىچىك رومان.

رومانda ئۇ كۇبالىق پېشقەدەم بېلىقچى سانتىياكونىڭ دېڭىزدا ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز بېلىق تۇتقان كەچۈرمىشى يېزىلغان. سانتىياكو ياش چېغىدىلا قابىل دېڭىزچى بولۇپ، يېگىلگەنلىكىگە تەن بەرمەيدىغان روھقا ئىگە ئىدى. ئۇ باشقىلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۈچ سىنىشىدۇ، بىر كېچە ـ كۈندۈز تىركىشىش ئارقىلىق قارشى تەرەپنى ئاخىرى يېڭىپ چىقىدۇ، شۇڭا جاھانغا يۈز كەتكەن «غالىب»بولىدۇ. قېرىپ قالغان تەقدىردىمۇ، توپ مەيداندا چېپىپ يۈرەلەيدىغان قورغان توپ چولپىنى قېرى دىماغتىغا يەنىلا چوقۇنىدۇ، يەنىلا يەخىرلەنگۈدەك بېلىق تۇتۇش ھۈنىرىنى ساقلاپ قالىدۇ.

رومان باشلانغان چاغدا، قېرى سانتىياكونىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلمەيۋاتقان»ئىدى. ئۇ ئۇدا 84 كۈنگىچە بىر تالمۇ بېلىق تۇتالمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ يەنىلا ئىشەنچى ۋە ئۈمىدىنى يوقاتمايدۇ، 85 ـ كۈنى تاڭ يورۇشتىن بۇرۇنلا يولغا چىقىدۇ. بۇ قېتىم ئۇ يىراق دېڭىزغا ئۈزۈپ بارىدۇ، چۈشكە يېقىنلاشقاندا ئۇنىڭ

كېمىسىدىنمۇ ئۇزۇن كەلگەن يوغان بىر مالىن بېلىقى قارماققا ئىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇمۇ ھايات - ماماتلىق ماھارەت كۆرسىتىش سورۇنىغا چۈشۈپ قالدى. قارماققا ئىلىنىپ قالغان يوغان بېلىق كىچىككىنە كېمىنى سۆرىگىنىچە يىراق دېڭىزغا قاراپ ئاستا ئۈزدى، قېرى سانتىياگو ئۆزىنىڭ تەجرىبىسى ۋە ئەقىل پاراسىتىنى ئىشلىتىدۇ ھەمدە پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، خىلمۇخىل ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىدۇ، ئىككى كېچە - كۈندۈز لەيلەپ يۈرۈش ئارقىلىق، ئادەم بىلەن بېلىق ئوتتۇرىسىدىكى جەڭدە ئاخىر غەلبە قىلىپ، ھېلىقى يوغان بېلىقنى ئۆلتۈردى. لېكىن، ئۇ چارچاپ ھالىدىن كەتكەنچە يوغان بېلىقنى سۆرەپ قايتىپ كېلىۋاتقاندا، ئۇنى يېڭى بالايىئاپەت كۈتۈپ تۇرغان بولىدۇ. ئاۋال بىر، كېيىن ئىككى، ئاخىرى توپ - توپ ئاكۇلا يېتىپ كېلىپ ھېلىقى ئۆلۈك بېلىقنى خامتالاش قىلىدۇ. ھالسىراپ ھالىدىن كەتكەن سانتىياگو مىڭبىر مۇشەققەتتە قولغا چۈشۈرگەن ئولجىسىنى قوغداش ئۈچۈن ئاكۇلا بىلەن ئېلىشىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ ئاۋۋال چاڭگاك ئىشلىتىدۇ، چاڭگاكنى يوقىتىپ قويغاندىن كېيىن پىچاق ئىشلىتىدۇ، پىچاق سۇنۇپ كەتكەندىن كېيىن يەنە كېمە پالىقىنى ئىشلىتىدۇ، ئاخىرى ھەتتا رولنى چۇۋۇپ قورال قىلىدۇ. بۇ قېتىمقى ئېلىشىشتا ئۇ يەنە بىرقانچە ۋەھشىي ئاكۇلانى ئۆلتۈردى، ئەمما ئۇنىڭ مالىن بېلىقىنىمۇ ئاكۇلالار تالاپ قۇيقۇرۇق جازا قىلىپ قويىدۇ. رومانىنىڭ ئاخىرىدا، قېرى سانتىياگو جەسۇرلۇق بىلەن بۇ بېلىق جازىسىنى قىرغاققا ئېلىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ ۋەيرانە كەپىسىگە كىرىپ قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىدۇ، ئۇخلاپ چۈشىدە شىرنى كۆرىدۇ.

بۇ مەغلۇبىيەتكە ئالاقىدار ھېكايە، ئەمما ھېكايىدىكى بوۋاي سانتىياگو مەغلۇبىيەت ئىچىدىن قەھرىمان. سانتىياگونىڭ پېشانىسىگە تۇغۇلۇشىدىنلا خىلمۇخىل ئېلىشىشلار پۈتۈلگەندەك تۇرىدۇ: ئۇ دېڭىز ھاياتىدىكى ئېلىشىشنى

قاتتىق ياخشى كۆرىدۇ، قول ئېلىشىپ، كۈچ سىنىشىشتا ئۇتتۇپ چىقىدۇ، قورغان تېپىپ مەيدانىدىكى ئېلىشىشتىن ھۇزۇرلىنىدۇ... كىشىلىك ھاياتتىكى ھەر خىل ئېلىشىشلاردا غەلبىنى قوغلىشىدۇ، ئەمما مەغلۇبىيەتتىنمۇ خالىي بولالمايدۇ، لېكىن دەل ئاشۇ مەغلۇبىيەتتە ئۇنىڭ تىز پۈكمەيدىغان خاراكتېرى نامايەن بولىدۇ. روماندا سانتىياكونىڭ مۇشكۇل ئەھۋالدا ئۆز - ئۆزىگە دېگەن ئىككى پەردىكى سۆزى كۆرگەن ھامان ئەستىن چىقىپ كەتمەيدۇ. ئۇ ھېلىقى يوغان مالىن بېلىقى بىلەن تىركەشكەندە ئۆز - ئۆزىگە : «ئازاپ بىر ئەزىمەت ئۈچۈن ئېيتقاندا ھېچنېمە ئەمەس»دەيدۇ، ئاكۇلالار ئۇنىڭغا قورشاپ ھۇجۇم قىلغاندا، ئۆز - ئۆزىگە: «ئەمما، ئادەم تۇغۇلىشىدىنلا مەغلۇب بولمايدۇ، سەن ئۇنى يوقىتىۋېتەلىشىڭ مۇمكىن، لېكىن مەغلۇب قىلالمايسەن» دەپ ۋاقىرايدۇ، بۇ ھاياجانلىنارلىق سۆزلەر ئىرادە ۋە غەيرەت توغرىسىدىكى خىتابنامە، شۇنداقلا سانتىياكونىڭ ھايات ئەقىدىسى. ئۇ بىر قەيسەر ئەزىمەتنىڭ ئىگىلمەس - سۇنماس ئىچكى دۇنياسىنى ئاشكارىلاپ بەرگەن، شۇنداقلا نۇرغۇن ئوقۇرمەنلەرنى ھاياتقا يۈزلىنىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشقا رىغبەتلەندۈرگەن.

ھېمىڭۋاي «بوۋاي بىلەن دېڭىز» ھەققىدە سۆزلىگەندە: «بۇ كىتابتا بىر ئادەمنىڭ ئىقتىدارىنىڭ قانچىلىك دەرىجىگە يېتەلەيدىغانلىقى، ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى تەسۋىرلەنگەن»دېگەن. شۇنداق، مەڭگۈلۈك تەبىئەتنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ئالدىدا ئادەم دېگەن كىچىككىنىلا بىر ئىش، ئۇ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشى مۇمكىن، ئەمما ئادەم مەغلۇبىيەت ئالدىدا تەمكىن تۇرالايدىغان، ئۆزىنى يوقىتىپ قويمايدىغان، كىشىلىك قەدىر - قىممىتىنى ساقلىيالايدىغان ئېگىلمەس - سۇنماس ئىرادىگە ئىگە بولسىلا، بۈيۈك ئادەم، «يېڭىلمەس ئادەم»بولالايدۇ، ئۇنىڭ روھىيىتى يېڭىلمەيدۇ، روھىي دۇنياسى ئۆلمەيدۇ.ھېمىڭۋاي ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدىكى

ئىجادىيىتىدە بىر قاتار ئەزىمەتلەر ئوبرازىنى ياراتقان. ئۇلار ياكى فاشىزمغا قارشى جەڭچى، ياكى بوكسچى، ياكى كالا بىلەن ئېلىشقۇچى، ئەمما ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە، يەنى ھەممىسى شان ـ شەرەپكە، قەتئىيەت بىلەن چىدامغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، جاپا ـ مۇشەققەتلىك تۇرمۇشتا ئۇلارنىڭ ھەممىسى يوقاتقىلى بولمايدىغان قەيسەر ئەزىمەتلەر. ئۇلار ئادەتتە «ھېمىڭۋايچە قەھرىمانلار»دەپ ئاتىلىدۇ.

سانتىياگو شەك ـ شۈبھىسىزلا «ھېمىڭۋايچە قەھرىمانلار» ئىچىدىكى كارامەت ياخشىلىرىنىڭ بىرى

## باھا ئۆرلەيدىكەن

ئەزىز نەسىن (تۈركىيە)

خەمىت كەنجى تەرجىمىسى

تۈنۈگۈن بىزنىڭ ئۆيگە بىر مېھمان كەلگەندى. پاراڭلىشىش ئارىلىقىدا:

ـ سىلەرنىڭ ئۆيدە چاقماق قەنت بارمۇ؟ ـ دەپ سوراپ قالدى.

ـ بار، تۈنۈگۈن بىر كىلوگرام ئالغانىدۇق.

ـ سىلەر ھەقىقەتەن ئەخمەق ئىكەنسىلەر، بىر نەچچە كىلوگرام نېمىگە يېتىدۇ، ئاڭلىشىمچە يېقىندا چاقماق قەنتنىڭ باھاسى بىر ھەسسە ئۆرلەيدىكەن، بىر نەچچە خالتا ئېلىپ جىقراق بېسىپ قويۇش كېرەك.

ئۇنىڭ سۆزى ئەمدىلا ئاخىرلىشىپ تۇرۇشىغا يەنە بىر تونۇش كىشى كىرىپ كەلدى.

- سىلەر كىرسىن ئالدىڭلارمۇ؟ - دەپ سورىدى ئۇمۇ،

- ھازىرچە بىرئاز بار.

- ئاڭلىغان گەپلەردىن قارىغاندا، بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن كىرسىن تاپقىلى بولمايدىكەن. سىلەر نېمە ئۈچۈن جىقراق ئېلىۋالمايسىلەر؟ ھېچ بولمىغاندا كىرسىندىن ئون - يىگىرمە تۈڭ ئېلىپ ساقلاپ قويۇش كېرەك ئەمەسمۇ.

ئىككىنچى كۈنى، يەنە بىر تونۇش كىشى كىرىپ، ئۇمۇ:

- سىلەر چاي ئېلىۋالدىڭلارمۇ - يوق؟ - دەپ سورىدى.

- بىر بولاق ئېلىۋالغان.

- بىر بولاق نېمىگە دال بولىدۇ. دەرھال بېرىپ ئەللىك - ئاتمىش بولاق ئېلىۋېلىڭلار! بىر ھەپتىدىن كېيىن، ئالىمەن دەيمۇ تاپالمايسىلەر.

يېقىن بىر دوستۇم ئۇمۇ ماڭا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا دېدى:

- سەن دادۇرنى بىلىدىغانسەن... چاققان بېرىپ سەككىز - ئون تاغار ئېلىۋالغىن، ئاڭلىشىمچە، بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن دادۇرنىڭ باھاسى ئۆرلەيدىكەن.

بۇ چاغدا ئۆيگە يەنە بىر قوشنىمىز كىرىپ كەلدى، ئۇمۇ:

- سىلەردە سوپۇن بارمۇ؟ - دەپ سورىدى.

- ئېھتىمال بىر - ئىككى توقاش بارغۇ، دەيمەن.

- ھەي سىلەر جاھاندا بولۇۋاتقان ئىشلەردىن خەۋەرسىز ئىكەنسىلەر، كىشىلەر ھازىر دۇكانلاردىن سوپۇننى تالىشىپ سېتىۋېلىۋاتىدۇ! يەنە بىر قوشنام كىرىپ ئۇمۇ شۇنداق دېدى:

- سەن ئىلاجى بار بىر ئاز زەيتۇن مېيى ئېلىۋېلىشنىڭ چارىسىنى قىلساڭ بولارمىكىن. بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، يېقىندا زەيتۇن مېيىنىڭ باھاسى ئۆرلەيدىكەن. ھازىرلا بېرىپ بىر نەچچە تۈڭ ئېلىپ بېسىپ قويغىن.

ئەگەر مەن دوست ـ ئاغىنىلىرىمنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىۋېرىدىغان بولسام، ئۇ چاغدا مېنىڭ بۇ كىچىككىنە ئۆيۈم يېمەك ـ ئىچمەك ئىسكىلاتىغا ئايلىنىپ قېلىپ، بىزگە مېھمانخانىغا بېرىپ ياتماقتىن باشقا ئامال قالمايدۇ دەڭلار. ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن چىققان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىدە «ئېلىپ قوي»، «بېسىپ قوي»دىن باشقا گەپ يوق. بىر ـ ئىككى كىلوگرام ئېلىۋالغىن، دېسە كىمنىڭ دەردى، ھەممىسىلا «تاغارلاپ»، «يەشىكلەپ» سېتىۋال، دېيىشىدۇ.

ئەمما شەپقەتلىك ئاللا مېنى بۇ ئىشنى دەپ گۇناھكار بولۇشتىن ساقلاپ قالدى. چۈنكى بىزدە ئۈنچىلىك كۆپ نەرسىنى سېتىۋالغۇدەك پۇلمۇ يوق. بىز ئەزەلدىن سەرلەپ، گراملاپ ئېلىشمۇ ئوخشاش تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەنمۇ. ئەگەر بىر كىم يەنە، چاقماق قەنت ئالدىڭلارمۇ؟ دەپ سورىسا «ئالدۇق، ھەممىسى كارىۋاتنىڭ ئاستىدا...»دەيمەن، يەنە بىرەرى «سىلەرنىڭ ئۆيدە كىرسىن بارمۇ؟»دەپ سورىسا، «بار، يۈز كىلوگرام ئالدۇق دەيمەن.»، «چايدىنچۇ؟» دېسە، ئىككىلەنمەيلا:«ئۆزىمىزگە يەتكۈدەك يۈز بولاق ئالدىم» دەيمەن.

ئەمەلىيەتتە، بەزى كىشىلەر «باھا ئۆرلەيدىكەن» دېگەننى ئاڭلىسىلا، نېمە بولۇشى بىلەن كارى بولماستىن، ئالمان ـ تالمان بېرىپ دۇكانلاردىكى نەرسىلەرنى بۇلاپ ـ تالاپ قۇيۇقۇرۇق قىلىپ قويۇشىدۇ.

ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، مەنمۇ ھازىر شەخسىي«ئىسكىلاتى»يوق مۆلۈكدارغا ئايلىنىپ قالدىم، «باھا ئۆرلەيدىكەن» دېگەنگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن يەنە چارە تەدبىرلەرنىمۇ قوللاندىم: يەرنىكويەدىن خالدىكۈياغا بارىدىغان نۆۋەتچى ئاپتوبوبىلغا ئولتۇرۇپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا، بۇياقتىن ـ ئۇياققا بىر كۈن كەچكىچە بۆردۈم . تۈنۈگۈنمۇ ئۇلار ئىشتىن چۈشكۈچە ئولتۇرغاندىم. بىر چاغدا بېلەت ساتقۇچى يېنىمغا كېلىپ:

- كەچۈرۈڭ، بۇ بىزنىڭ سەككىزىنچى قېتىم قاتنىشىشىمىز بولدۇ، سىز يەنىلا چۈشەمەيۋاتامسىز؟ سىز زادى قايسى بېكەتتە چۈشىسىز؟ - دەپ سورىدى.

- مەن سىلەر ئىشتىن چۈشكەنگە قەدەر ئولتۇرىمەن، دېدىم مەن.

- نېمە ئۈچۈن؟

- سىز بۇ گەپنى بىراۋغا ئېيتىپ سالماڭ، ئاڭلىشىمىزچە، يېقىندا ئاپتوموبىل بېلىتىنىڭ باھاسى ئۆرلەيدىكەن... شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئاپتوموبىل بېلىتىنىڭ باھاسى ئۆرلىمەستە راھەتلىنىپ بىر نەچچە قېتىم جىقراق ئولتۇرۇۋالاي دېگەنىدىم.

## ئەسىر

ئۆمەر سەيفەددىن (تۈركىيە)

تۈركچىدىن ۋەلى كېرەم تەرجىمىسى

*1*

ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ كۆز يەتكۈسىز ئۇچۇقلىرىغىچە سوزۇلغان مەيىن دولقۇنلار چىرايلىق چېچەكزارلىققا ئوخشايتتى. ئىنچىكە، ئېگىز ئۆسكەن بادام دەرەخلىرى ساھىلدىكى چىغىر يولغا سايە تاشلاپ تۇراتتى. ياش باھارنىڭ ئىللىق شامىلىدا مەستخۇش بىلىققالغۇچلار خۇددى يوقاتقان ھالدا «چىر - چىر» سايرىشىپ، جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى.

باداملىقنىڭ يېنى ناھايىتى كەڭ كەتكەن بىر باغ ئىدى. ئاپئاق تاشلاردىن قوپۇرۇلغان قىسقا بىر تامنىڭ ئالدىدىكى زەيتۇنلۇق ۋادىغىچە سوزۇلغانىدى. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ۋەيرانە كۆلبىدىن بىر بوۋاي چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ چېچى، ساقىلى قاردەك ئاق ئىدى. پۈت - قوللىرى ماغدۇرسىز تىترەيتتى. ئۇ ئۆيۈققا تۇتاشقان

دېڭىزغا قاراپ بىر ھازا تۇرۇپ قالدى.

«ئاللا بۇيرۇسا ھەممە ئىش خەيرلىكتۇر» دېدى ئۇ ۋە تام تۈۋىدىكى تاش دۆۋىسىگە چىقىپ ئولتۇردى. بېشىنى ئىككى قولىنىڭ ئارىسىغا ئالدى. ئۇچىسىغا يىرتىق چىگە تاغا ئارتىۋالغانىدى. يالاڭ ئاياغلىرى لاي بىلەن ياساپ قويۇلغاندەك كۆرۈنەتتى. زەئىپ قوللىرى كىرلىشىپ تۇچ رەڭگىگە كىرگەنىدى.

ئۇ بېشىنى كۆتۈردى .كۆك بىلەن دېڭىزنى تۇتاشقان يېرىدە كۆتۈرۈلگەن تۇمانغا قىزىقسىنىپ قارىدى. ئەمما، ھېچنېمىنىڭ پەرق ئېتەلمىدى...

بۇ ھەر كېچىسى چۈشىدە نۇرغۇن يەلكەنلىك كېمىلەرنىڭ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى كۆرىدىغان، قېرىپ ماغدۇرىدىن كەتكەن تۈرك دېڭىزچىسى ئىدى.

ئۇنىڭ ئەسىر بولغىنىغا قىرىق يىلدىن ئاشقانىدى. ئوتتۇز يېشىدا ساغلام، كۈچتۈڭگۈر پالۋان ئىدى. شۇ يىلى ئۇ مالتا دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. يىگىرمە يىل ئۇلارنىڭ كېمىسىدە پالاق ئۇردى. كېمە توختىغاندا پۇت - قوللىرى كىشەنلەنگەن ھالدا كېمىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ياشىدى. يىگىرمە يىلنىڭ يازلىرى، قىشلىرى، بوران - چاپقۇنلىرى، تومۇز ئاپتاپلىرى ئۇنىڭ گرانىت تېشىدەك ۋۇجۇدىنى ئېرىتەلمىدى. زەنجىر كىشەنلەرنى دات باستى، ئۇپراپ كەتتى. يىگىرمە يىلى ئىچىدە بىر قانچە قېتىم ئالماشتۇرۇلدى. ئەمما، ئۇنىڭ پولاتتىن قاتتىق پاچاقلىرىغا ھېچنېمە بولمىدى. پەقەت تەرەت ئالالمىغانلىقى ئۈچۈنلا ھەسرەت چېكەتتى.

ئۇ دائىم قىبلىگە قاراپ ۋاخ نامازنى تېز - تېز، ئىشارەت بىلەن ئادا قىلاتتى. ئەللىك ياشقا كىرگەندە دېڭىز قاراقچىلىرى ئۇنى: «ئەمدى پالاق ئۇرۇشقا يارىمايدۇ!» دەپ بىر ئارالغا بارغاندا باشقا بىرىگە سېتىۋەتتى. يېڭى خوجايىنى دېھقان ئىدى. ئۇن

يىلغىچ قۇرۇق نان يەپ ئۇنىڭ يېنىدا ئىشلىدى. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇ خۇداغا كۆپ شۈكۈرسانا ئېيتاتتى. چۈنكى، پۇت ـ قوللىرى زەنجىر ـ كىشەندىن ئازاد قىلىنغانىدى. تەرەت ئالاتتى، قىبلىگە قاراپ ئۇنتۇپ قالمىغان ئايەتلەرنى ئوقۇپ ناماز ئۆتەتتى، دۇئا قىلاتتى. پۈتۈن ئوي ـ خىيالى مەملىكىتىدە، ئەدرەمىتكە قايتىشتا قالغانىدى. ئۇ ئەڭ جانلىق، ئەڭ مەشھۇر تۈرك دېڭىزچىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. يىگىرمە يېشىدىلا جەبىلتارىق بوغۇزىدىن ئۆتكەنىدى؛ دېڭىزدا شارقىي شىمال شامىلىغا توغرا كېلىپ قالسا ھەپتىلەپ، ئايلاپ قىرغاق، ئارال كۆرمەيتتى. توغرا كېلىپ قالغان ئاراللاردىكى كىشىلەردىن خالىغانچە باج ئالاتتى، باج تاپشۇرۇشتىن باش تارتسا، ئۇلارنى كېمىلىرى بىلەن قوشۇپ ھالاك قىلاتتى. ئۇ چاغدا تۈركلەرنىڭ نامى تىللاردا داستان ئىدى.

شۇنداق دېڭىزلارغىمۇ كېتەتتىكى، ئادىمىلىرىغا ئاراللاردىن چوڭ مۇز يارچىلىرىمۇ ئۇچرايتتى. ئۇ يەرلىك پۈتۈنلەي باشقا بىر دۇنيا ئىدى. ئالتە ئاي كېچە بولاتتى. شۇ يىلى ئۇ خوتۇنىنىمۇ بۇ سەپەرگە بىللە ئېلىپ چىققانىدى. ئۇلار قايتىشقا تەرەددۇتلارنغاندا، كېمىسى ئالتۇن، كۈمۈش، ئۈنچە ـ مارجان، ئالماس، ئەسىرلەر بىلەن تولغانىدى. ۋەتەنگە قايتىپ چاناققەلئەگە كەلگەندە ئوغلى تۆرگۈت تۇغۇلدى. ھازىر ئۇ ھايات بولسا قىرىق باش ياشقا كىرەتتى. ئۇ ھاياتمىدۇ؟ ئۇنىڭغا تاھازىرغىچە خىيالىي ھەمراھ بولۇۋاتقان خوتۇنى ئامانمىدۇ؟ قىرىق يىلدىن بېرى ئىستانبۇلنىڭ مۇنارلىق ئۆيۈقى ھېچ خىيالىدىن كەتمىگەنىدى. «بىر كېمە بولسا كۆزۈمنى يۇمۇپلا ۋەتەنگە قايتىپ كېلەتتىم» دەپ ئارمان قىلاتتى. ئاتىمىش ياشقا كىرگەندىن كېيىن خوجايىنى ئۇنى ئېغىزىدىلا ئازاد قىلدى. بۇ ئەمەلىيەتتە ئازاد قىلىش ئەمەس ئىدى؛ قېرى ئەسىر باغنىڭ ئىچىدىكى لىڭشىپ قالغان بۇ ۋەيرانە كۆلبىگە كۆچۈپ كىردى. ھېچكىم بىر نەرسە دېمىدى. ئاندا ـ ساندا بازارغا بېرىپ

ئىشلەپ تاپقان ئازراق پۇلى بىلەن كۆلبىگە قايتاتتى. ئۇ يىل شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ پۇت قولىدا ھېچقانداق ماغدۇر قالمىدى. باغ ئىگىسىمۇ ئۇنى ئىزدەپ قويمايتتى.

ئۇ چېكىۋاتقان رىيازەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. قىرىق يىللىق رىيازەت... تۈرك كېمىلىرىنىڭ يېتىپ كېلىشى...

2

ئۇ كۆزلىرىنى قىزىرىپ كەتكۈچە ئۇۋۇلىدى. دېڭىزنىڭ كۆك بىلەن تۇتاشقان يېرىگە يەنە قارىدى. شۇنداق، ئۇ كۈتۈۋاتقان تۈرك كېمىلىرى چوقۇم كېلەتتى. ئۇ چاغدا ئۇ شۇ قەدەر خۇشال بولاتتىكى...

«قىرىق يىل كۆرگەن چۈش يالغان بولماس» دەيتتى ئۆز - ئۆزىگە. كۆلبە تېمىنىڭ تۆۋىدە سوزۇلۇپ ياتتى ۋە ئاستا - ئاستا كۆزلىرىنى يۇمدى. بېلىقئالغۇچىلارنىڭ: «كېلىۋاتىدۇ، كېلىۋاتىدۇ، سېنى قۇتقۇلدۇرغىلى كېلىۋاتىدۇ!» دېگەندەك تاتلىق ئاۋازلىرىنى ئاڭلىغاچ ياتتى. تامدىكى تاشلار ئارىسىدىن چىققان كەسلەنچۈكلەر ئۇنىڭ بەدىنىدە ئۆمىلەپ يۈرەتتى؛ قويۇق، ئاپئاق ساقىلىنىڭ ئۈستىدە ئوينىشاتتى. بوۋاي چۈشىدە چوڭ بىر تۈرك كېمىسىنىڭ پورتقا كىرگەنلىكىنى كۆردى. بازارغا كېتىدىغان يولنى بىرقانچە بۆلەك ئەسكەرلەر ئىگىلىۋالغانىدى. قىزىل بايراقنى يىراقتىنلا تونۇدى. قىلىچ - قالغانلار قۇياش نۇرىدا ۋال - ۋۇل چاقنايتتى.

«بىزنىڭكىلەر، بىزنىڭكىلەر!» دەپ ۋارقىراپ ئويغىنىپ كەتتى. ئورنىدىن قوپتى. ئۈستىدىكى كەسلەنچۈكلەر ھەر تەرەپكە قېچىشتى. پورتقا قارىدى. ھەققەتەن، قەلئەنىڭ ئۇدۇلىدا بىر چوڭ كېمە كېلىۋاتاتتى. يالاۋ، يەلكەنلەرنىڭ شەكلىگە دىققەت قىلدى، چۆچۈپ كەتتى، كۆزلىرىنىيوغان ئاچتى. ھاياجانلىنىشقا باشلىدى.

قوللىرىنى كۆكسىگە قويدى. بۇ تۆرك كېمىسى ئىدى، قىرغاققا يېقىنلىشىۋاتاتتى. كۆزلىرىگە ئىشەنمىدى. «ئەجەبا، چۈش كۆرۈۋاتقاندىمەنمۇ» دەپ شۈبھىلىنىشكە باشلىدى. ئويغاق كىشى چۈش كۆرەمتىمۇ؟ ئۇ ئۆزى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي قولىنى چىشلىدى، يەردىن قىرلىق تاش ئېلىپ بەدىنىگە ئۇردى. ئويغاقلىقىغا ئىشەنگەندىن كېيىن كېمىنىڭ كۆز ئالدىدىلا تۇرغانلىقىنى كۆردى. خۇشاللىقتىن، ھەيرانلىقتىن تىزلىرى پۈكۈلدى، دەرھال تىز چۆكتى. قىرغاققا چىققانلار قوللىرىدا تۇغ - ئەلەملەرنى تۇتقان ھالدا قەلئەنىڭ ئەتراپىنى چارلاپ تۇراتتى. قىرىق يىللىق كۈتۈش ئۇنىڭ تاقىتىنى تاق قىلغانىدى. بىردىنلا غەيرەتكە كەلدى، پۇت - قوللىرىغا ماغدۇر كىردى. بادام دەرەخلىرى سايە تاشلاپ تۇرغان يولدىن ماڭدى. ئۇدۇل قىرغاققا قاراپ يۈگۈردى. قۇرۇقلۇققا چىققان ئەسكەرلەر ئاق ساقاللىق بىر بوۋاينىڭ ئۆزلىرىگە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

- توختا! - دەپ ۋارقىراشتى.

بوۋاي توختىمىدى، ۋارقىرىدى:

- مەن تۆرك، مەن تۆرك!...

ئەسكەرلەر ئۇنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردى. بوۋاي تۆركلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ ئالدىغا كەلگەن بىر ئەسكەرنى تۇتۇۋېلىپ سۆيۈشكە باشلىدى. ھاياجاندىن ياشلىرى ئاقاتتى. بۇ ھالغا قاراپ ھەممىسىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. ھاياجانلىرىنى بىر ئاز بېسىۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن سوراشتى:

- ئەسىرگە چۈشكىلى قانچە يىل بولدى؟

- قىرىق يىل!

- قەيەرلىكسەن؟

- ئەدرەمىتلىك.

ـ ئېتىڭ نېمە؟

ـ قارا مەمىش.

ـ كاپىتانمىدىڭ؟

ـ شۇنداق...

بوۋاينىڭ ئەتراپىدىكى ئەسكەرلەر بىر ـ بىرىگە قاراشتى. «بېگىمگە خەۋەر بېرىڭلار!» دەپ ۋارقىراشتى. بوۋاينىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ، ئۇنى قوش كەبى دېڭىز قىرغىقى بويلاپ ئۇچۇردى. كېمىگە ئېلىپ چىقىپ، يەلكىنىنى چىقاردى. ئەسكەرلەردىن ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرىنى بىلمەيدىغان بىرىمۇ يوق ئىدى. كېمىدە بىرھازا تۇردى. خۇشاللىقىدىن قىرىق يىللىق ھەسرىتى يۇرتداشلىرىنى كۆرۈش بىلەن نەلەرگىدۇر يوقالغانىدى. شالۇۋۇر، ئۇچىسىغا تون، بېشىغا خەيى كىيگۈزۈشتى.

ـ ئەمدى بولدى، بېگىمنىڭ ھۇزۇرىغا مەرھەمەت! ـ دېيىشتى.

ئۆزىنى كېمىگە ئېلىپ كەلگەن ئەسكەرلەر بىلەن تەڭ چوڭ كېمىنىڭ ئارقىسىغا ئۇدۇل ماڭدى. قارا شاپ بۇرۇتلۇق، كالۋۇتۇننىڭ ئۈستىگە پولات ساۋۇت كىيگەن، خۇشپىچىم بىر كىشىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ تۇردى.

ـ سەن كاپىتان قارا مەمىشمۇ؟

ـ شۇنداق.

ـ ئوڭ قولۇڭنى ئاچ، كۆرۈپ باقاي.

بوۋاي كاپىتاننىڭ ئالدىدا قولىنى چىقىرىپ ئىشقىلىدى، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. بىلىكىدە كرېست شەكلىدە چوڭقۇر يارا ئىزى بار ئىدى. بۇ كېچىسى ئالتە ئاي تۇرۇپ قالغان بىر ئارالدىن خوتۇننى ئېلىپ قېچىۋاتقاندا قولىدا قالغان يارا ئىزى ئىدى. كاپىتان بوۋاينىڭ قولىغا سۆيۈشكە باشلىدى.

ـ مەن سېنىڭ ئوغلۇڭمەن!

- تۇرگۈتمۇسەن؟

قېرى ئەسىر خۇشاللىقتىن ھوشىدىن كەتتى. ئۆزىگە كەلگەندە ئوغلى ئۇنىڭغا:

- مەن ئۇرۇشقا ماڭدىم، سەن كېيىندە ئارام ئالغىن، - دېدى.

- ياق، مەنمۇ جەڭگە چىقىمەن.

- ياشىنىپ قالدىڭ ئاتا.

- ئەمما، تېخى ماغدۇرۇمدىن كەتمىدىم.

- ئارام ئال، بىزگە رۇخسەت قىل!

- قىرىق يىل ئۇرۇش قىلالمىغان ھەسرىتىم بار!

- يارىلىنىپ قالسەن، ۋەتەنگە ھەسرەت بىلەن كېتىسەن! - دەپ ئۇنى كېيىندە قالدۇرۇپ قويماقچى بولسى. قارا مەمىش بىردىنلا قاپلاندەك ھالغا كىرگەندى. پۈتى كۆيگەن توخۇدەك ئورنىدا تۇرالمايتتى. قالقان، قىلىچ سورىدى. ئاندىن كېيىندە بىر تەرەپكە تاشلاپ قويۇلغان بايراقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

- شېھىت بولسام بۇنى ئۇستۇمگە يېپىڭلار! ... ۋەتەن، بۇ يەرمۇ بايرىقىڭنىڭ لەپىلدەيدىغان زېمىنى ئەمەسمىدى؟ - دېدى.

(تۈركچە«ئۆمەر سەيفىددىن تاللانما ئەسەرلىرى»دىن)

## ئېلېكترونلۇق مېڭىدىن چاتاق چىققاندا...

ئارت بوكۋارد (ئامېرىكا)

بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى، مەن ۋاشىنگتونغا بارىدىغان ئايروپىلاننىڭ بېلىتىنى ئالماقچى بولغانىدىم، بېلەت ساتقۇچى: - كەچۈرۈڭ، سىزگە بېلەت سېتىپ بىرىشكە ئامالسىزمەن، بىزنىڭ ئېلېكترونلۇق مېڭىدىن چاتاق چىقتى، - دېدى.

ئېلېكترونلۇق مېڭىدىن چاتاق چىقتى دېگىنىڭىز قانداق گەپ؟ ئۇنىڭ كەيپىياتى

تازا جايدا ئەمەسمۇ ـ يا؟

ـ ياقەي، ئۇنىڭ كۆنۈپكىلىرى ئىشلىمەس بولۇپ قالدى، شۇڭا ئۇنىڭدىن چاتاق چىقتى.

ـ ئەمىسە، ئۆزىڭىز بىلەت سېتىپ بېرىڭ.

ـ بۇنداق قىلالمايمەن. يەقەت ئېلېكترونلۇق مېڭە ئارقىلىقلا بىلەت سېتىپ بەرگىلى بولىدۇ. مەن يۆكەيگە قارىدىم، ئۇ يەردە ساياھەت ئىشلىرى ۋاكالەتچىلىرى قەھۋە ئىچكەچ، ئېلېكترونلۇق مېڭە ئېكرانىغا قاراپ ئولتۇرۇشاتتى.

ـ سىلەر نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەملەر؟ بىز سىزنىڭ ساياھىتىڭىزگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى ئېلېكترونلۇق مېڭىگە كىرگۈزىمىز، ئاندىن ئۇ سىزنىڭ نۆۋەتچى ئايروپىلانغا ئولتۇرسىڭىز بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

ـ دېمەك، ئېلېكترونلۇق مېڭىدىن چاتاق چىقسا، سىلەرمۇ كارغا كەلمەيدىكەنسىلەر ـ دە!

ـ ئەيەندى، ناھايىتى توغرا دېدىڭىز، مەن باشقىلارنىڭ بىزنى بۇنداق دېگىنىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدىم.

ـ ئېلېكترونلۇق مېڭىنىڭ كاشىلىسى قانچىلىك ۋاقىتتا تۈزۈلىدۇ،

ـ سورىدىم مەن تاقەتسىزلىنىپ. ـ مەنمۇ بىر نېمە دېيەلمەيمەن. بەزىدە ئون مىنۇت، بەزىدە ئىككى سائەت ۋاقىت كېتىدۇ. بۇنىمۇ ئېلېكترونلۇق مېڭىدىن سورىمىساق بىلەلمەيمىز. ھازىر ئېلېكترونلۇق مېڭىدىن كاشىلا چىققاچقا، ئۇ بىزگە جاۋاپ بېرىشكە ئامالسىز.

ـ مەركىزىي ئېلېكترونلۇق مېڭە بۇزۇلسا، سىلەردە زاپاس ئېلېكترونلۇق مېڭە يوقمۇ؟

ـ مېنىڭچە يوق، سىز مۇشۇنداق ئېلېكترونلۇق مېڭىنىڭ باھاسىنىڭ قانچە پۇل

ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟

- ئېلېكترونلۇق مېڭە ھەققىدىكى گەپلەرنى قويۇپ تۇرايلى، سىلەرنىڭ ئايروپىلانىڭلارچۇ؟ ئۇلار يەنىلا ئۇچىدىغاندۇ؟

- ئېلېكترونلۇق مېڭىدىن سورىمىساق بۇنىڭغىمۇ ئېنىق بىر نېمە دەپ بېرەلمەيمەن، بۇنى بايا سىزگە ئېيتتىمغۇ...

- ئۇنىڭدىن كاشىلا چىققانلىقىنىغۇ بىلدىم، بەلكىم مەن بىۋاستە كىرىش ئېغىزىغا بېرىپ، ئۇچقۇچىلاردىن ۋاشىنگتونغا ئۇچىدىغان - ئۇچمايدىغانلىقىنى سوراپ كۆرسەم بولار؟

- دېدىم مەن بىلەت ساتقۇچىغا.

- مەن سىزنىڭ قايسى كىرىش ئېغىزىغا بارسىڭىز بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيمەن.

- ئۆزۈم بېرىپ سىناپ باقساممۇ بولامدۇ؟ - سورىدىم مەن.

- ئۇچقۇچى ۋاشىنگتونغا ئۇچقان تەقدىردىمۇ، بېلىتىڭىز بولمىسا سىزنى ئايروپىلانغا چىقارمايدۇ.

- سىزگە پۇل بەرسەم، سىز ھۆججەت كېسىپ بەرسىڭىز، ئۇنى ئۇچقۇچىغا كۆرسەتسەمچۇ؟

- سىزدىن قانچىلىك پۇل ئېلىش لازىملىقىنى بىلمەيمەن. چۈنكى، بىلەت باھاسى ھەر سائەتتە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، پەقەت ئېلېكترونلۇق مېڭىلا بىلەن باھاسى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى ساقلىيالايدۇ.

- ئىناۋەتلىك كارتوچكامنى ئىشلەتسەم بولماسمۇ؟

- ئۇنداق قىلساق تېخىمۇ قاملاشمايدۇ. ئېلېكترونلۇق مېڭىدىن كاشىلا چىققاچقا، بانكىدىكى ئېلېكترونلۇق مېڭىگە سىزنىڭ ھېساباتىڭىزدىن پۇل ئېلىشنى ئۇقتۇرۇشقىمۇ ئامالسىز قالىمىز.

- مۇشۇ بىر نەچچە سائەت ئىچىدە ۋاشىنگتونغا ئۇچىدىغان باشقا ئايروپىلان بارمۇ؟

- ئۇقمايمەن، - بىلەت ساتقۇچى قايىقارا ئېلېكترونلۇق مېڭە ئېكرانىنى كۆرسەتتى، - پەقەت «ئۇ» لا بىلىدۇ. - بىراق، ئۇ ھازىر ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ.

- «ئۇ» بىلىدۇ، - دېدى بىلەت ساتقۇچى ئۆزىنى ئاقلاپ،

- پەقەت ۋاقتىنچە ئېيتىپ بېرەلمەيۋاتىدۇ.

بۇ چاغدا، ئۆچىرەت ناھايىتى ئۇزىراپ كەتكەنىدى. «ئېلېكترونلۇق مېڭىدىن چاتاق چىقىپتۇ»دېگەن خەۋەر ناھايىتى يېزلا بارلىق يولۇچىلارنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ بولدى. بۇ گەپنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. بىردىنلا يولۇچىلار توپىدىكى بەزىلىرى مىچىلداپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۆچىرەت قالايمىقانلىشىپ كەتتى.

شۇ ئەسنادا، قىزىل رەڭلىك سپورتچىلار كىيىمى كىيىۋالغان بىر ئەر ئىچكىرى ئۆيدىن چىقىپ: - كۆپچىلىك، ئۆزۈڭلارنى بېسىۋېلىڭلار. بىز ۋىچىتاغا خەۋەر قىلىۋەتتۇق، - دېدى.

- ۋىچىتا بىلەن بۇ ئىشنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار؟

- ئۇ يەر بىزنىڭ مەركىزىي ئېلېكترونلۇق مېڭىمىز تۇرۇشلۇق جاي، كاشىلا ئوڭشالسىلا، ئۇ بۇ قېتىمقى ئايروپىلاندىن قېپقالغان يولۇچىلارنى بىر ئىستاكان ئىچىملىك بىلەن ھەقسىز تەمىنلەيدۇ.

## ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ

شىنچى خوشى (ياپونىيە)

تۆرلۈك ماللار ماگىزىنى قىزغىن بازار بولىدىغان جاي، ماگىزىننىڭ ئىشىگىدىن كىرسەملا، قەدىمىم ئىختىيارسىز يېنىكلەپ قالىدۇ. شەھەردە تۆرلۈك ماللار بىناسىدىنمۇ ئارتۇق كىشىنىڭ مەيلىنى تارتىدىغان جاي يوققۇدەپ ئويلايمەن. ئۇ يەر قىش كۈنلىرى باھاردەك ئىللىق، ياز كۈنلىرى سالقىن، مودا كىيىملەر، ئىمپورت قىلىنغان تۆرلۈك ماللار، ھەر خىل ئىسىل تاۋارلار كۆزنى ئالا - چەكمەن قىلىپ تۇرىدۇ. پۈكەيلەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، شۇ قەدەر كۆپ نەرسىلەرنى كۆرگىنىڭىزدە خۇشاللانماي تۇرالمايسىز. پۇلىڭىز بولسا خالىغىنىڭىزنى ئالىسىز، پۇلىڭىز بولمىسىمۇ، قورۇق قول يانمايسىز...

مەن ئاۋال قاچا - قۇچا سېتىلىدىغان پۈكەيگە كەلدىم - دە، بىر ۋىلكىنى تۈيدۈرماي سومكامغا سېلىۋالدىم. بۇنداق چاغلاردا، ھەرگىز ھودۇقۇپ ئۇيان - بۇيانغا قاراشمۇ، ئالاقزادە بولۇپ غىپپىدە تىكىۋېتىشمۇ ياخشى چارە ئەمەس. ئەڭ ياخشىسى، بىر نەرسە ئېلىش - ئالماسلىق توغرىسىدا بىر قارارغا كېلەلمىگەن `قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئاندىن بىخىرامان چىقىپ كېتىۋېرىش كېرەك. تەلىيىمگە بىرمۇ پىركازچىك مېنىڭ بايىقى ھەرىكىتىمنى بايقىمىدى. ئېھتىمال، ئېسىل ياسىنىۋالغانلىقىم ئۈچۈن ئۇلار ماڭا دىققەت قىلمىغاندۇ ياكى بۇنداق ۋىلكا ئەرزان مال بولغاچقا، ئارتۇقچە كۆڭۈل بۆلمىگەندۇ. مەن لىفت بىلەن ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ، ئېلېكتىر سايمانلىرى پۈكىيىگە كەلدىم. بۇ يەردە نۇرغۇن كىچىك رادىيولار تىزىقلىق تۇراتتى. مەن ئۇدۇل بېرىپ ئۇنىڭدىن بىرنى ئالدىم، تاللاۋاتقان قىياپەتتە يەنە قويۇپ قويۇپ، ئارقىدىن يەنە بىرنى ئالدىم ۋە شۇ ئارىلىقتا يەملەپ تۇرۇپ، كىچىك رادىيونى سومكامغا سېلىۋالدىم. بۇ تۆرلۈك ماللار بىناسىدا بىرەر ئىش قىلىش راستلا ئاسان ئىكەن، مەن يازا پۇخادىن چىقماي، باشقا جايغا بېرىشقا تەمشىلىپ تۇرغىنىمدا، كەينىمدىن بىرسىنىڭ بوش گەپ قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

- خېنىم، بىرەر نەرسىڭىزنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىز؟

ئۆرۈلۈپ قارىسام، كەينىمدە ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئەر تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ كىيىمى ئادەتتىكىچە ئىدى، ئەمما قارىسا ئادەمنى سۈر باساتتى. مەن قورقۇپ قېتىپلا قالدىم، بىراق يەنە تېزلا ئۆزەمنى ئوڭشىۋېلىپ، پەرۋاسىزلىق بىلەن جاۋاپ قايتۇردۇم:

- رەھمەت سىزگە، بىرەر نەرسەم ئۇنتۇلۇپ قاپتىمۇ؟

- سىز ئادەم ھەيران قالغۇدەكلا ئادەم ئىكەنسىز. سىزگە دەيدىغان گەپ بار، بۇياققا كېلىڭ. ھىلىقى ئەر قولۇمدىن تۇتۇپ، پۇكەينىڭ كەينىدىن بىر ئۆيگە ئېلىپ كىردى. ئۆينىڭ ئىچىدە بىر ئۈستەل، بىر ئورۇندۇقتىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى.

- نېمە دېمەكچىسىز؟

- خۇيسەنلىق قىلماڭ، سومكىڭىزدىكى رادىيونى دېمەكچىمەن،

- ئۇ، كېنىشكىسىنى چىقاردى، ئەسلىدە ئۇ مۇشۇ ماگىزىننىڭ ساقچىسى ئىكەن. مەن سومكامنى ئېچىپ، رادىيونى چىقاردىم:

- نېمە بوپتۇ؟ ... سىرتتا چىققاندا رودىيو ئېلىپ ماڭىدىغان ئادىتىم بار...

- بىراق، مېنىڭ بىلىشىمچە، سىز بۇ يەرگە كەلگەندە رادىيو ئالماي كەلگەنغۇ دەيمەن، - دېدى ساقچى بىر خىل تەئەددى بىلەن. بۇ، ئۇنىڭ ھەممىنى بىلىۋالغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. بۇنداق رەقىبنىڭ ئالدىدا خۇيسەنلىق ئەسقاتمايدىغانلىقىنى پەملەپ، گەپنى ئۆزگەرتتىم:

- ھە rاست، بۇنى بايا ئالغانتىم، - ئۇنداقتا، تالۇننى كۆرسىتىڭ.

- ھە، بولىدۇ، بىراق ... نەدە قالدىكىنا؟ مەن يانچۇغۇمنى ئاختۇرغان بولۇپ ئۇنىڭغا نازىلىنىپ، قاش ئېتىپ ئۇنى سىناپ باقتىم. بۇ چارەمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا ئانچە كارغا كەلمىدى.

- ... تاپالمىدىم، يوتتۇرۇپ قويغان ئوخشايمەن.

- راستلا ئالغان بولسىڭىز، يۈكەيدىن سورىساقلا ئېنىقلىنىدۇ، - ئۇ شۇنداق دەپلا شىرەنىڭ ئۈستىدىكى تېلېفونغا قول ئۇزاتتى. مەن دەرھال ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ، يالۋۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم.

- ئەيىپ مەندە، پۇلنى تولىۋەتەمەيتمەن، ماڭا تولىمۇ يارىغان ئىدى، شۇڭا ئاۋال سومكامغا سېلىۋاپتىمەن. باشتىلا مۇشۇنداق دېگەن بولسىڭىز ياخشى بولاتتى، بوپتۇ، ئەمدى، ئىسىم - فامىلىڭىزنى ئادرېسىڭىزنى ئېيتىپ بېرىڭ. يالغاندىن توقۇما، مەن تېلېفون بېرىپ ئېنىقلايمەن.

- سىزدىن خوش بولاي، ئىسمىمنى سورىماڭ، ئۆيۈمدىكىلەر ئاڭلىسا، ئۇنىڭدىن ئۆلۈۋالغىنىم ياخشى. مەن ئاۋازىمنى چىقىرىپ يىغلىغىلى تۇردۇم. بۇ ھۈنەرنى مەن خېلى يىللاردىن بېرى تەكرار مەشىق قىلىپ ئۆگىنىۋالغان ئىدىم. مەن يىغلىشىنىمچە دەرىزىنىڭ يېنىغا بېرىپ، خۇددى بىنادىن دەرھال ئۆزەمنى تاشلايدىغان تەرىزدە تۇردۇم. بىراق، ئۇ كىشى قىمىر قىلىپمۇ قويماي، سۈرلۈك يېتىچە تۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ، يالۋۇرغان نەزەر بىلەن قارىدىم.

- سىز مۇشۇ ئىشتا ماڭا كەڭ قورساقلىق قىلسىڭىز بولماسمۇ؟ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بەردىم، شىركىتىڭلارغا ھېچنېمە زىيان بولمىدى. بابا مېنى شەيتان ئازدۇرۇپتۇ. مۇشۇ كىچىككىنە نەرسە ئۈچۈن، مېنى ھالاك قىلماقچىمۇسىز؟ - ئەگەر باشقا دەم بولغىنىدا، كەچۈرۈۋېتىشكىمۇ بولاتتى. بىراق، سىزنىڭ «مېنى شەيتان ئازدۇرۇپتۇ» دېگىنىڭىزگە قارىغاندا، سىزنىڭ بۇنداق ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشىڭىز تۇنجى قېتىم ئەمەستەك قىلىدۇ. ئۇ مېنىڭ خىيسەنلىك قىلىۋاتقىنىمنى، نازىلىنىپ ئەركىلەشتىكى مۇددىئايىمنى بىلىۋالغاندەك قىلاتتى.

- پەندىيات، بۇندىن كېيىن بۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلماسلىققا قەسەم قىلىمەن،

- مەن ئۆزەمنى تۇتۇۋالالماي، قولۇمنى ئۇزىتىپ سايىتىمەن.

- ئۇنداقتا، سىز بىر خىل «كېسەل» گە مۇپتىلا بولغان ئوخشايسىز. ئەگەر بۇنى بىر خىل «كېسەل» دېيىشكە توغرا كەلسە، ئۇ ھالدا، بۇ ئىشنى ئاخىرقى قېتىم دېگىلى بولمايدۇ. ۋاقتىدا بالنىتسىدا يېتىپ بۇ يامان ئىللىتىڭىزنى داۋالاتمىسىڭىز، جەمئىيەتكە تېخىمۇ چوڭ زىيان كەلتۈرىسىز. ساقچى زادى يول قويمىدى. مەن ئىلاجسىزلىقتىن، ئەڭ ئاخىرقى چارىنى ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولدۇم: قول ياغلىقىمنى چىقىرىپ كۆز يېشىمنى سۈرتكەن بولۇپ، پۈتۈن پۇلدىن بىرنى چىقىرىپ بىلىندۈرمەي يەرگە تاشلىۋەتتىم، ئاندىن ئۇنىڭغا:

- ھوي، پۇلىڭىز يەرگە چۈشۈپ قاپتۇ، - دېدىم. ساقچى يەردىن پۇلنى ئېلىپ تەئەججۈپ بىلەن ماڭا قارىدى - دە، قاپىغىنى تۈرۈپ:

- بولمايدۇ، بۇنداق قىلسىڭىز بولمايدۇ، - دېدى. بۇ پۇل مېنىڭ ئەمەس، ئەگەر پۇلۇم بولغىنىدا، مەن رادىيونىڭ پۇلىنى تۆلىۋەتمەمتىم؟ ئۇ، يەردىن پۇل ئېلىشقا ئېگىشكەن پۇرسەتتە، شىرەگە يەنە بىرنى تاشلاپ قويدۇم. ئاندىن ئۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ دېدىم:

- قاراڭ، بۇ يەردىمۇ سىزنىڭ چۈشۈرۈپ قويغان پۇلىڭىز تۇرىدۇ. ۋاي جېنىم، ئۆيدىكىلەرنى ئويلىسام، سىزگە يېلىنماقتىن باشقا ئامالىم يوق. سىزمۇ ئۆيىڭىزدىكىلەرنى ئويلاپ بېقىڭ؟ ئۇنداق قىلماڭ، مېنى قويىۋېتىڭ. مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېرىتىش ئۈچۈن، ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئۇنىڭغا يالۋۇرماقتا ئىدىم. شۇ ئارىدا، ساقچىنىڭ مۇئامىلىسىدە بىر ئاز ئۆزگىرىش بولدى: ئۇ قولىدىكى پۇلغا تىكىلىپ تۇراتتى:

- ئەستاغپۇرۇللا... پەيتنى چىڭ تۇتۇپ يەنە بىر غەيرات قىلىش زۆرۈر ئىدى. شۇڭا مەن ئېگىشكەن بولۇپ پۇلدىن يەنە بىرنى يەرگە تاشلىدىم:

- قاراڭ، شىرەنىڭ ئاستىدىمۇ پۇل تۇرىدۇ. ساقچى ئۇ پۇلنىمۇ ئالدى - دە،

قولىدىكى يۈللارغا قاراپ، كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ تۇرۇپ كەتتى. ئاندىن ئېسىگە كەلگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ:

- بوپتۇ، بۇ ئىشنى بولدىغا چىقىرىۋېتەيلى. بۇندىن كېيىن بۇنداق ئىشنى زادى قىلماڭ. يەنە شۇنداق قىلسىڭىز، مەن ساقچى چاقىرىپ كېلىمەن! - دىدى.

- سىزدىن كۆپ مىننەتدارمەن، مېنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭىز. مەن تاتلىققىنا كۈلۈپ قويدۇم. تەلىيىمگە ئۇ مېنى ئۆزەم ئىشلەۋاتقان شىركەتنىڭ كىنىشكىسىنى چىقىرىشقا مەجبۇر قىلمىدى، بولمىسا مېنىڭ بۇندىن كېيىن بۇ ماگىزىنغا يەنە كېلىش يولۇم بىراقلا ئېتىلىپ قالاتتى. بېشىمدىن تۈگمەن تېشى ئېلىۋېتىلگەندەك يېنىكلەپ، ماگىزىندىن چىقىپ كەتتىم. بۇ يەردىن چىقىپ، ئۇدۇل «قانۇنسىز قىلمىشلارنى تەكشۈرۈش ھەسسىدارلىق شىركىتى» دىكى ئىشخانامغا باردىم - دە، ئادىتىم بويىچە دەرھال مەلۇمات يېزىشقا كىرىشتىم: مەلۇم تۈرلۈك ماللار ماگىزىنغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغىنىمنى، قاچا - قۇچا يۈكىيدىكى يىركازچىكىنىڭ ئوغرىغا نىسبەتەن ھۇشيارلىقىنىڭ كەملىكىنى؛ رادىيو يۈكىيى ئالدىدا مۇھاپىزەتچى ساقچىسىغا تۇتتۇلۇپ قالغانلىقىمنى، لېكىن ساقچىنىڭ مەندىن پارا ئالغانلىقىنى، قانچە پۇل بەرگەنلىكىمنى يېزىپ، دوكلاتنى مۇدىرغا تاپشۇرۇپ بەردىم. مۇدىر دوكلادىمنى كۆرگەچ، مەندىن ئەھۋال سورىدى:

- جاپا چەكتىڭىز. مەن دەرھال ئاشۇ ماگىزىنىنىڭ دىرىكتورى بىلەن ئالاقىلىشىمەن. ھېلىمۇ ياخشى ئۇلار شىركىتىمىز بىلەن توختام تۈزۈپتىكەن، شۇڭا خىزمەتچىلىرىنىڭ بىخەتەستەلىكى ۋە ساختا قىلمىشلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا بىلىۋالالايدىغان بولدى. مېنىڭچە، دىرىكتور چوقۇم بىزدىن مەمنۇن بولىدۇ.

- شۇنى دېمەمسىز. بۇ خىزمەت ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ، ئىشلىگەن كىشىگىمۇ كۆڭۈللۈك ئىكەن. توغرا ئېيتتىڭىز. سىلەر ئاكتىپ ئىشلىگىنىڭلار ئۈچۈن،

شىركىتىمىزنىڭ ئىناۋىتى كۈندىن ـ كۈنگە ئۆستى، توختام تۈزۈشكە كەلگەنلەرمۇ كۆپەيدى. يېقىندا، ھاكىمىيەت سىرتىدىكى پارتىيىلەرنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن، بىز كەسىپىمىزنى دۆلەت ئورگانلىرىغا بىر قەدەر كېڭەيتمەكچىمىز. شۇنداق بولغاندا، پارىخورلۇق بارغانسېرى ئازىيىشى مۇمكىن. ھامان بىر كۈنى قانۇنسىز قىلمىشلار تۈگەپ، بىر كۈنى بۇ يەرمۇ پاك جايغا ئايلىنىدۇ.

ـ ئۇ چاغدا شىركىتىمىز تاقىلىپ كەتمەسمۇ؟

ـ يوقسۇ، پارىخورلۇق خۇددى يۇقۇملۇق كېسەلگە ئوخشاش نەرسە، بىراقلا يىلتىزىدىن تۈگەپ كېتىشى ناتايىن. پۈتۈنلەي تۈگىگەن تەقدىردىمۇ، بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ. كونا كېسەلنىڭ قايتىدىن قوزغىلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ھامان دوختۇر لازىم بولىدۇ ـ دە.

ـ ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭىز... ئەمدىغۇ ھىلىقى ساقچى خىزمەتتىن قوغلىنار؟

ـ باشتا دۈرۈس قىياپەتكە كىرىۋېلىپ مېنى قورقاتقان ھىلىقى ئادەم ئېسىمگە كېلىپ قالغان دىدى.

ـ قائىدە بويىچە شۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى، لېكىن، ئىش باشقىچەرەك بولۇپ قالدى. خىزمەتتىن قوغلىنىدىغان كىشى ئۇ ئەمەس، سىز.

ـ مەن؟ قانداقسىغا مەن بولغۇدەكمەن؟ پارا ئالغىنى ئۇغۇ؟ ـ دىدىم مەن ھاڭ تاڭ قېلىپ. ـ ئۇ ساقچى خىزمەتچىلىرىمىزنىڭ قانۇنسىز قىلمىشلىرىغا نارازەت قىلىش ئۈچۈن شىركىتىمىز تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن كىشى ئىدى. بايا ئۇنىڭ سىزدىن ئالغىنى ئۈچ تىزا ئىكەن.

ـ مەن دوكلاتتا ساقچىغا، تۆت تىزا پارا بەردىم، دەپ يازغىنىمغا پۇشايمان قىلدىم. تۈرلۈك ماللار ماگىزىننى ئايلىنىپ يۈرىدىغان كۆڭۈللۈك خىزمىتىدىن شۇنىڭ بىلەن ئايرىلىپ قالارمەنمۇ؟ ئەپسۇسكى، مەن بۇ كەسىپكە ئائىت ھەممە

ماھارەتلەرنى ئۆگىنىۋالغان ئىدىم. بۇ ئىشتىن قول ئۈزۈشتىن بۇرۇن، ئاخىرقى قېتىم يەنە بىر يېلىنىپ كۆرمەيمۇ؟ - بۇ قېتىم ماڭا كەڭچىلىك قىلىسىز بولماسمۇ؟ - دىدىم مەن شىرەنىڭ ئۈستىدىكى سومكامغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ.

- ھەئە، مەن ئويلىنىپ كۆرەي... مۇدىرنىڭ تەلەپپۇزى كەسكىن ئىدى، لېكىن مەن خېلى يېنىكلىشىپ قالدىم، چۈنكى مەن ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچكىرىسىدىن بىلىنەر - بىلىنمەس، ئەمما ئىشەنچلىك بىر نىيەتنى بايقاپ قالغان ئىدىم. توغرا، پارىخورلۇققا نىسبەتەن، شىركىتىمىزدىكى ھەممە ئادەم ناھايىتى سەزگۈر، ۋاھالەنكى، بۇ سەزگۈرلۈك كۆپ ھاللاردا ناھايىتى توغرا چىقىدۇ.

## ئۆز ھېكايەم(1)

ئەزىز نەسىن (تۈركىيە)

تۈركچىدىن [تۇرسۇنئاي ساقىم] تەرجىمىسى

ئىلاۋە مەزكۇر ئەسەر ئەزىز نەسىننىڭ ئۆزى ھەققىدە يازغان بىردىنبىر تەرجىمىھال خاراكتېرىدىكى ئەسىرى بولۇپ، كېيىنكىلەر مەزكۇر ئەسەر «گەرچە ئەينى چاغدىكى سىياسى ۋەزىيەت تۈپەيلى ئەزىز نەسىن ئۆزىنىڭ كۇردلار ۋە كومپارتىيە ھەققىدىكى سىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويماي يوشۇرۇپ قالغان بولىسىمۇ ، ئەزىز نەسىننىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ ئىدىيىسى ھەققىدىكى ئەڭ سەممىي ئىقرارنامە» دەپ باھا بەرگەن.

ئاتا تولىيىنىڭ چەت بىر يېزىسىدا تۇغۇلغان دادام ئون ئۈچ يېشىدىلا يوقسۇللۇق دەردىدە يۇرتىدىن ئايرىلىپ ئىستانبۇلغا كېلىپ يەرلىشىپ قالغانىكەن.

ئايام ئاناتولىيىنىڭ باشقا بىر يېزىسىدىن بولۇپ، ئۇمۇ كىچىك چېغىدىلا

ئىستانبۇلغا كەلگەنىكەن، چۈنكى، مېنىڭ بۇ دۇنياغا تۆرىلىشىم ئۈچۈن ئۇلارنىڭ شۇنچە ئۇزۇن يوللارنى جاپا ـ مۇشەققەتتە بېسىپ ئىستانبۇلغا كېلىشلىرى ۋە بىر ـ بىرى بىلەن توي قىلىشلىرى پېشانىلىرىگە پۈتۈلگەن بولسا كېرەك، دۇنياغا تۆرىلىشىم ئىرادەمگە باغلىق بولمىغىنى ئۈچۈن، تولىمۇ نامۇۋاپىق بىر پەيتتە تۇغۇلۇپ قالغانىكەنمەن. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئەڭ قانلىق، ئەڭ دەھشەتلىك بولغان *1915* ـ يىلى... نامۇۋاپىق بىر چاغدا ئەمەس، يەنە كېلىپ نامۇۋاپىق بىر يەردە تۇغۇلۇپتىمەن. تۈركىينىڭ ئەڭ كاتتا بايلىرى ئولتۇراقلاشقان ئىستانبۇل ئاراللىرىدىن بىرى بولغان ھەگبەلى ئارىلى... ھەگبەلى ئارىلى بايلارنىڭ يازلىق داچىسى ئىدى. لېكىن بايلار كەمبەغەللەرسىز كۈن كەچۈرەلمەيتتى. كەمبەغەللەرگە تولىمۇ مۇھتاج ئىدى. شۇ ۋەجىدىن مىزمۇ ھەگبەلى ئارىلىدا ياشايتتۇق. بۇ گەپلىرىم بىلەن ئۆزۈمنىڭ تەلەيسىز ئىكەنلىكىمنى ئېيتماقچى ئەمەسمەن. ئەكسىچە باي، نوپۇزلۇق ۋە مەشھۇر بىر ئائىلىدىن كېلىپ چىقمىغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى ناھايىتى بەختلىك ھېسابلايتتىم. ئەسلىدە ئاتا ـ ئانام ئىسمىنى «نۇسرەت» قويۇپتىكەن. بۇ سۆز ئەرەبچە «ئاللانىڭ ياردىمى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. بۇ دەل بىزدەك كەمبەغەللەرگە خاس ئىسىم ئىدى. چۈنكى، بىزنىڭ بەندىدىن كۈتىدىغان ھېچقانداق ئۈمىدلىرىمىز بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئائىلەم بارلىق ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىنى ئاللاغا بېشىغلاپتىكەن. قەدىمكى سپارتالىقلار زەئىپ ۋە ئورۇق تۇغۇلغان بالىلىرىنى ئۆز قوللىرى بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ساغلام ۋە چىداملىق بالىلىرىنى پەرۋىش قىلىپ قانداق ئۆستۈرگەن بولسا، بىزدىمۇ بۇ خىل بالا تاللاش ئىشىنى تەبىئەت ۋە جەمئىيەت داۋاملاشتۇرماقتا، تۆت ئاكامنىڭ يوقسۇزچىلىق ئازابىغا چىداشلىق بېرەلمەي ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى دېسەم، مېنىڭ نېمە ئۈچۈن چىداملىق بولغانلىقىم ۋە ياشاش ئۈچۈن بەرداشلىق بەرگەنلىكىمنى

ئوڭايلا چۈشىنىشكىلا مۇمكىن. بىراق، ئاپام يىگىرمە ئالتە يېشىدىلا بۇ ئېغىر كۈنلەرگە چىدىيالماي، بۇ گۈزەل ھەم ياشاشقا تېگىشلىك دۇنيانى چىداملىق ئىنسانلارغا تاشلاپ بېرىپ، ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالغانىدى.

كاپىتالىستىك مەملىكەتلەردە سودىگەرلەرنىڭ، سوتسىيالىستىك مەملىكەتلەردە يازغۇچىلارنىڭ ئەھۋالى ياخشى بولىدۇ. ئىشنىڭ ئېپىنى بىلىدىغان ئادەم سوتسىيالىستىك مەملىكەتتە يازغۇچى، كاپىتالىستىك ئەللەردە بولسا سودىگەر بولۇشى كېرەك، مېنىڭ قانچىلىك تەتۈر ئىكەنلىكىم كىچىكىمدىنلا مەلۇم بولغان. چۈنكى، مەن ئون يېشىمدىلا تۈركىيەدەك كاپىتالىستىك دۆلەتتە، يەنە كېلىپ بىرەرمۇ ساۋاتلىق ئادەم بولمىغان بىر ئائىلىدە«يازغۇچى بولىمەن» دەپ تۇرۇۋالغانىكەنمەن.

دادام ئۆز پەرزەنتىنىڭ كەلگۈسىنى ئويلايدىغان كۆيۈمچان دادىلارغا ئوخشاش: «يازغۇچى، يازغۇچى دېگىنىڭنى قويۇپ، جېنىڭنى باقالىغۇدەك بىر كەسىپنى تاللا» دېگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ گەپلىرى زادى قۇلىقىمغا كىرمىگەنىدى. مېنىڭ تەتۈرلۈكۈم بۇنىڭ بىلەنلا قالسىمۇ مەيلى ئىدى. لېكىن، يازغۇچى بولۇش مەقسىتىدە قولۇمغا قەلەم ئېلىش ئارزۇيۇم بولسىمۇ، قورال ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇم. چۈنكى ئۇ چاغلاردا كەمبەغەللەرنىڭ باللىرى پۇلسىز ئوقۇيدىغان مەكتەپلەردىن پەقەت ھەربىي مەكتەپلا بار ئىدى، شۇ سەۋەبتىن مەنمۇ ئىلاجسىز ياتاقتا يېتىپ پۇلسىز ئوقۇيدىغان بىر ھەربىي مەكتەپكە كىردىم.

تۈركىيەدە ***1934*** ـ يىلى فامىلە قوللىنىش قانۇنى ئېلان قىلىندى، ھەر قانداق بىر تۈرك ئۈچۈن چوقۇم بىر فامىلە ئىشلىتىش زۆرۈر بولۇپ قالدى، ھەممە ئادەمدە ئۆزى خالىغانچە فامىلە تاللاش ھوقۇقى بار ئىدى. بۇ چاغدا ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يوشۇرۇنۇپ ياتقان جىمى پەسكەشلىكلەر ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقتى، دۇنيادىكى

ئۇچىغا چىققان بىخىل، پىخسىق كىشىلەر ئۆزلىرىگە «قولى ئوچۇق»، ئەڭ قورقۇنچاق توخۇ يۈرەكلەر «جەسۇر»، يالقاۋلىقتا چېكىگە يەتكەن ھورۇنلار بوسلا «ئىنتىل» دېگەنگە ئوخشاش فامىلىلەرنى تاللاشتى، ھەتتا بىر پارچە خەتنىمۇ ئوڭلاپ يازالمايدىغان، ئىمزاسىنى ئارانلا قويالىغۇدەك ساۋاتى بار بىر ئوقۇتقۇچىمىز ئۆزىگە «تىرىشچان» فامىلىسىنى قوللاندى. ئۇ چاغلار ئىرقچىلىق كۆز قاراشلىرى كەڭ تارىلىۋاتقان زامان بولغاچقا، ساپ تۈرك بولمىغان ئارغۇنلار ئىرقچىلىقنى تەرغىپ قىلىدىغان فامىلىلەرنى تاللىشىپ تۇرۇپ قوللىنىشقا باشلىدى، مەن ھەرخىل بۇلاڭ - تالاڭلاردا دائىم ئارقىدا قالىدىغانلىقىم ئۈچۈن چىرايلىق فامىلىلەرنى تاللاشتىمۇ يەنە ئارقىدا قالدىم، ئەمدى، ماڭا مۇناسىپ، مەن مەغرۇرلىنىپ ئىشلەتكۈدەك فامىلە قالمىغانلىقتىن، ئۆزۈمگە «نەسىن» (سەن كىم؟ سەن نېمە؟ دېگەن مەنىدە)فامىلىسىنى تاللىدىم، ھەر بىر كىشى «نەسىن» دەپ چاقىرغان ۋاقىتتا، ئۆزۈمنىڭ زادى كىم ۋە نېمە ئىكەنلىكىمنى ئويلاپ ئەقىل تاپاي دەپ ئويلىدىم.

*1937* -يىلى ئوفېتسىر بولدۇم. خۇددى ناپولېئونلارنىڭ بىرى ئىدىم. ھەر قانداق بىر يېڭى ئوفېتسىر ئۆزىنى ناپولېئون ھېسابلايدۇ. بەزى كىشىلەردە ئۆزىنى ناپولېئون دەپ چاغلاپ يۈرىدىغان بۇنداق كېسەل . بۇ خىل كېسەلنىڭ ئىپادىلىرى مۇنداق: بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغۇچىلار پەقەت ناپولېئوننىڭ غەلبىلىرىنىلا ئويلايدۇ، مەغلۇبىيەتلىرىنى بولسا زادىلا خىيال قىلمايدۇ. ئوڭ قولىنى چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرى ئۈستىدە ئويناتقىنى ياخشى كۆرىدۇ. دۇنيا خەرىتىسىنى ئالدىغا قويۇپ قىزىل قەلەم بىلەن خەرىتىگە ھەر خىل شەكىلدىكى ئوقلارنى سىزىدۇ ۋە بىر پەستىلا پۈتۈن دۇنيانى ئىشغال قىلىپ ئۆز ئىلكىگە كىرگۈزگەندىن كېيىن، دۇنيانىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچىلىك كىچىك بولۇپ قالغانلىقىغا خاپا بولۇپ كېتىدۇ. بۇ خىل كېسەلگە

گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ، ھەتتا جۆيلۈشكە باشلايدۇ. بۇ كېسەلنىڭ ئارىلاشما ھالەتلىرىمۇ بولىدۇ. ئۇلار كېيىنچە بېرىپ ئۆزلىرىنى ئاتىللا، چىڭگىزخان، تۆمۈرلەڭ ھەتتا گىتلېر ياكى شۇلاردەك بىرىگە ئوخشىتىشقا باشلايدۇ. يىگىرمە ئىككى، يىگىرمە ئۈچ ياشقا كىرگەن، ياش ئوفېتسىر چېغىمدىلا قىزىل قەلەم بىلەن خەرىتىلەرگە بەلگىلەرنى قويۇپ، پۈتۈن دۇنيانى كۈندە نەچچە قېتىم بېسىۋالاتتىم، مېنىڭ بۇ ناپولېئونلۇق كېسىلىم پەقەت بىر ـ ئىككى يىللا داۋام قىلدى. بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان ۋاقتىلىرىمدىمۇ فاشىستلارنىڭ تەرىپىنى ئالمىدىم. باللىق چاغلىرىمدىنلا سەھنە ئەسەرلىرىنى يېزىشقا ھەۋەس قىلاتتىم. ھەربىي مەكتەپتە پىيادە ئەسكەرلەر، ئاتلىق ئەسكەرلەر، توپچى، تانكىچى ۋە باشقا سىنىپلار بولۇپ، ھەربىي يازغۇچىلار سىنىپى يوق ئىدى، شۇڭلاشقا ھەربىي سەپتىن ئايرىلىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەشكە باشلىدىم.

*1944* ـ يىلى ھەربىي سەپتىنمۇ ئايرىلدىم. شائىر ياكى يازغۇچى بولۇش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي قالغان بەزى كىشىلەر گېنېرال بولغاندىن كېيىنمۇ شېئىر ياكى رومان يېزىش بىلەن ئۆزىدىن باشقا ھەر قانداق ئادەمنى ھەيران قالدۇرۇۋېتىدۇ. ئەمما، ئۇلارغا ئەللىك ياشلىق بىر شائىر ياكى يازغۇچىنىڭ ئارمىيە قوماندانى بولۇشنى خالىشى شۇنچىلىك غەلىتە ۋە كۈلكىلىك تۇيۇلۇشى مۇمكىن...

ھېكايە يېزىشنى ئەسكەر ۋاقتىمدىلا باشلىغانىدىم، ئۇ چاغلاردا گېزىتلەردە ماقالە، ھېكايىلىرى بېسىلغان ئەسكەرلەرگە باشلىقلار ياخشى كۆز بىلەن قارىمايتتى، شۇڭا ئەسەرلىرىمنى ئۆز ئىسمىم بىلەن ئەمەس، بەلكى دادامنىڭ ئىسمى بىلەن «ئەزىز نەسىن» دەپ يازاتتىم. بۇ دەسلەپكى يالغان ئىسمىم ئۆزۈمنىڭ ئەسلىدىكى ھەقىقىي ئىسمىمنى يوققا چىقىرىۋەتتى، نۇسرەت نەسىن دېگەن ئىسىم ئۇنتۇلۇپ كەتتى. ئۇ چاغلاردا مېنى ياش يازغۇچى دېيىشەتتى، دادام بولسا ساقاللىرى

ئۆچتەك ئاقىرىپ كەتكەن بىر بوۋاي ئىدى.

دادامنىڭ بىر ئىدارىدا ھەل قىلدىغان ئىشى چىقىپ قېلىپ ئۇ يەردە ئۆزىنى ئەزىز نەسىن دەپ تونۇشتۇرسا، ساقاللىرى ئاقىرىپ كەتكەن قېرى ئادەمنىڭ ئەزىز نەسىن ئىكەنلىكىگە ھېچكىم ئىشەنمەيتتى، ھەتتا بىر مۇنچە ئاۋارىچىلىقلار كېلىپ چىقاتتى، دادام تاكى ئۆلۈپ كەتكۈچە ئىدارە ئورۇنلاردا ئۆزىنىڭ ئەزىز نەسىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمىدى.

ئاردىن خېلى يىللار ئۆتكەندىن كېيىن كىتابلىرىم چەت ئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىندى، ئەزىز نەسىن دېگەن ئىسىم بىلەن بانكىلارغا كەلگەن قەلەم ھەققىنى ئېلىشتا بەكمۇ قىينالدىم، چۈنكى نوپۇس دەپتىرىدە ئىسمىم نۇسرەت نەسىن دەپ يېزىلغان بولغاچقا، ئەمدى ئۆزۈمنىڭ ئەزىز نەسىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتا كۆپ قىينالدىم.

كۆپلىگەن يازغۇچىلارغا ئوخشاش مەنمۇ ئىشنى شېئىر يېزىشتىن باشلىدىم، نازىم ھېكمەت ئاچلىق ئېلان قىلىۋاتقان كۈنلىرىدە مېنىڭ شېئىر يېزىشتىن ۋاز كېچىشىمنى، شېئىرلىرىمنىڭ ياخشى چىقمىغانلىقىنى، پەقەت ھېكايە، رومان يېزىشىمنى تەۋسىيە قىلدى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، نازىم مېنى كۆرەلمەيۋاتقان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. شېئىر يېزىشتىن نېمە ئۈچۈن ۋاز كەچكەنلىكىمنى سورىغۇچىلارغا، تۈركىيىدە شېئىر يېزىش بىلەن پۇل تاپقىلى بولمايدىكەن، شۇڭا شائىرلىقتىن قول ئۈزدۈم، دەپ جاۋاب بەردىم، لېكىن راستىنى ئېيتسام، شېئىرغا بولغان ھۆرمىتىم تۈپەيلىدىن شېئىر يېزىشنى تاشلىدىم، زامانىمىزدا ئۆزىنى مەن شائىر دەپ يۈرگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى شېئىرغا ھۆرمەت قىلمىغانلىقلىرى ئۈچۈن شېئىر يېزىپ يۈرگەندەك بىلىنەتتى، شېئىرنىڭ ناھايىتىمۇ ئۇلۇغ سەنئەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن، چۈنكى بىر مۇنچە كىشىلەر شائىر بولالمىغانلىقلىرى

ئۈچۈن داڭلىق ۋە ئۇلۇغ يازغۇچى بولۇپ قېلىشقانىدى، بۇ گەپلەرنى كۆزۈمگە سىغمىغانلارغا قارىتىپ دەۋاتقىنىم يوق، چۈنكى مەن نېمە ئۈچۈن ناچار شېئىرلارنىڭ يېزىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، شېئىر يېزىشتا زور ئۇتۇقلارنى قازاندىم، يازغان شېئىرلىرىمنىڭ ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنمۇ زور ئالقىشقا ئېرىشكەنلىكىنىڭ سەۋەبى، شېئىرلىرىمنىڭ ياخشى يېزىلغانلىقىدىن ئەمەس. بەلكى شېئىرلىرىمنىڭ ئاستىدا بىر ئايالنىڭ ئىمزاسى بولغانلىقىدىن ئىدى. بىر ئايالنىڭ تەخەللۇسى بىلەن شېئىرلىرىم نەشر قىلىناتتى، بۇ ئايالنىڭ نامىغا بىر قوچاق - بىر قوچاق مۇھەببەت خەتلىرى كېلىپ تۇراتتى.

باللىق چاغلىرىمدىن تارتىپلا كىشىلەرنى يىغلىتىدىغان ئەسەرلەرنى يازسام دەپ ئويلايتتىم. مۇشۇ ئارزۇ بىلەن يازغان بىر ھېكايەمنى بىر ژۇرنالغا ئېلىپ باردىم. ھېكايەمنى ئوقۇغان باش تەھرىر تازىمۇ دۆت بىر نېمە بولسا كېرەك، ھېكايەمنى ئوقۇۋېتىپ ھۆكرەپ يىغلاشنىڭ ئورنىغا قاقاقلاپ كۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ كۈلكىدىن ياشاڭغىراپ كەتكەن كۆزلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ: «ئاپىرىن! ناھايىتى ياخشى يېزىپسەن! مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھېكايىلەرنى يازساڭ دەرھال بىزگە ئېلىپ كەل.» دېدى.

يازغۇچىلىقتىكى بۇ تونجى زەربەم ھازىرمۇ داۋام قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. تازا بىر يىغلاپ كەتسۇن دەپ يازغان ھېكايىلىرىمنىڭ كۆپىنچىسى كىتابخانلارنى كۈلدۈرۈپ تېلىقتۇرۇۋېتىدۇ.

ھەجۋىي ھېكايە يازغۇچىسى بولۇپ تونۇلغىنىمدىن كېيىنمۇ كۈلكىلىك ھەجۋىينىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم، ھازىرمۇ بىلىمەن دېيەلمەيمەن. ئەمما بىلگىنىمچە سۆزلەپ بېرەلەيمەن، مەن كۈلكىلىك ھېكايىلەرنى يېزىش ئارقىلىق ھەجۋىينى ئاستا - ئاستا كۆرگەندىم. باشقىلار مەندىن ھەجۋىنىڭ نېمە

ئىكەنلىكىنى، قانداق يېزىلىدىغانلىقىنى سورىشىدۇ، يەنى رېستىپ ياكى دورا ئىزدىشىدۇ. بۇ خىل رېتسىپىنى يېزىپ بېرىشىم مۇمكىن. بۇ تېمىدا ئۆگەنگەنلىرىمنى قىسقىچە دەپ باقاي: ھەجۋىي ئىنتايىن جىددىي بىر ئىش. ***1945*** - يىلى، ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەر ئەكسىيەتچىلەرنى قۇترىتىپ، مەن ئىشلەۋاتقان «تاڭ» گېزىتخانىسىنى ۋەيران قىلىۋەتتى، ئاخىر مەن ئىشسىز قالدىم، ھېچقانداق گېزىتخانىدىن ئىش تاپالمىدىم، مېنىڭ ئىسمىم بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەرنى مەنبۇئات ئورۇنلىرى يېزىلغان ئەسەرلەرنى مەتبۇئات ئورۇنلىرى قوبۇل قىلمايتتى، شۇ چاغلاردا مەن ئىككى يۈزدىن ئارتۇق يالغان ئىسىم بىلەن گېزىت - ژۇرناللاردا ھەرخىل باش ماقالە، تەنقىدىي ماقالە، قىسقا خەۋەرلەر، جاسۇسلۇققا دائىر ھېكايىلەر، ساقچىلارغا ئائىت رومانلار ۋە باشقا تېمىلاردىكى ئەسەرلەرنى يازدىم ... يالغان ئىسمىمنى گېزىتخانا باشلىقلىرى بىلىپ قالسىلا دەرھال يېڭىدىن بىر ئىسىم ئويدۇرۇپ چىقىراتتىم. بۇ يالغان ئىسىملار سەۋەبىدىن تولىمۇ غەلىتە ئىش يۈز بەردى. مەسىلەن: قىزىم بىلەن ئوغلۇمنىڭ ئىسىملىرىنى بىرلەشتۈرۈپ «ئويا ئاتەش» دېگەن ئىسىم بىلەن بالىلار مونولوگى يازدىم. بۇنى مېنىڭ يازغانلىقىمنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن مۇنولوگ سەھنىلەرگە ئېلىپ چىقىلدى، مەكتەپلەردە ئوينالدى، كېيىنچە نەشر قىلىنغان ئايال يازغۇچىلارنىڭ بىئوگرافىيىسىگە «ئويا ئاتەش» بىر ئايال يازغۇچى قىلىپ يېزىلدى.

يەنە بىر فرانسۇزچە ئىسىم بىلەن يازغان ۋە بىر ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ھېكايەم «دۇنياۋي ھەجۋىي ئەسەرلەر ئانتولوگىيىسى» گە فرانسۇز ھەجۋىي يازغۇچىسى قىلىپ كىرگۈزۈلدى. خەنزۇچە ئاجايىپ بىر ئىسىم بىلەن يازغان بىر ھېكايەمۇ باشقا بىر ژورنالدا خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئەسەر دەپ ئېلان قىلىندى.

يازغۇچىلىق قىلالىغان كۈنلىرىمدە تىركىچىلىك قىلىش ئۈچۈن باققاللىق، سېتىقچىلىق، كاسسىرلىق قىلدىم، گېزىت-ژورنال ۋە كىتاب ساتتىم، كىشىلەرنى رەسىمگە تارتتىم، مەن قىلمىغان ئىش قالمىدى. لېكىن ھېچقايسىسىنى ئەپلەشتۈرەلمىدىم... مەن يازغان ئەسەرلىرىم تۈپەيلىدىن بەش يېرىم يىل تۈرمىدە ياتتىم، بۇ بەش يېرىم يىللىق قاماق جازاسىنىڭ ئالتە ئېيى مىسىر پادىشاھى فەرۇخ بىلەن ئىران پادىشاھى رىزانىڭ سەۋەبىدىن بولدى. بىر ماقالەمگە فەررۇخ بىلەن رىزانى ھاقارەتلىدى، دېگەن ئەيىبنى ئارتىپ ئەنقەرەدىكى ئەلچىخانا ۋاستىسى بىلەن مېنى سوتقا بېرىشتى، سوت ئالتە ئايلىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى.

بىرىنچى خوتۇنۇمدىن ئىككى، ئىككىنچى خوتۇنۇمدىنمۇ ئىككى، جەمئى تۆت بالام بار، ***1945*** ـ يىلى تۇنجى قېتىم قولغا ئېلىنغاندا ساقچىلارنىڭ ئون ئالتە كۈنگىچە داۋاملىق سورىغان سوئاللىرى تۆۋەندىكىچە بولدى: «سېنىڭ ئىمزايىڭ بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ ھەقىقىي يازغۇچىسى كىم؟» بۇ ئەسەرلەرنى ئۆزۈمنىڭ يازغانلىقىمغا زادىلا ئىشەنمەيتتى.

بۇ ۋەقە بولۇپ ئىككى يىلدىن كېيىن بۇنىڭ ئەكسىچە ئىش يۈز بەردى. بۇ قېتىم ساقچىلار باشقا ئىسىملاردا يېزىلغان ئەسەرلەرنى سەن يازغان دەپ قاتتىق تۇرۇۋېلىشتى. مەن بەزىدە يېزىپ، بەزىدە يازماي يۈرگەنلىكىمنى ئىسپاتلاشقا تىرىشتىم. شۇنداق تالاش ـ تارتىش قىلىشىۋاتقان مەزگىلدە بىر گۇۋاھچى ئوتتۇرىغا چىقىپ باشقا بىر ئىمزا بىلەن يېزىلغان ماقالىنى مېنىڭ يازغانلىقىمنى ئېيتتى.

بۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم يازمىغان بىر ماقالە ئۈچۈن ئون ئالتە ئاي قاماقتا ياتتىم.

بىرىنچى خوتۇنۇم بىلەن ئوركېستىر «كامىپاتىستا» تانگونى چېلىۋاتقاندا ئوفېتسىر دوستلارنىڭ قىلىچلىرى ئاستىدىن ئۆتۈپ ۋەدىلەشكەن ئىدۇق. ئىككىنچى خوتۇنۇم

بىلەن تۈرمىنىڭ تۆمۈر رىشاتكىلىرى ئارىسىدىن بىر - بىرىمىزگە نىشان ئۈزۈكلىرىنى تاقاشقانىدۇق. بۇ ئەھۋال تەبىئىيكى ياخشى ئىش ئەمەس ئىدى. ئەسلىدە ئورۇق ئىدىم. تۈرمىلەردە تولا يېتىپ سەمرىپ كەتتىم.

**1956** - يىلى ئىتالىيىدە ئېچىلغان خەلقئارا ھەجۋىيەت ئەسەرلەر مۇسابىقىسىدە بىرىنچىلىككە ئېرىشىپ «ئالتۇن پالما» مېدالى ئالدىم. شۇ كۈنگىچە ئۆز ئىسمىم بىلەن يېزىلغان ئەسەرلىرىمنى باسمىغان گېزىت - ژۇرناللار كەينى - كەينىدىن ئەسەرلىرىمنى ئۆز ئىسمىم بىلەن بېسىشقا باشلىدى. ئەمما بۇمۇ ئۇزۇن داۋام قىلمىدى، ئىسمىم گېزىتلەردىن ئۆچۈرۈۋېتىلگەندىن كېيىن، **1957** - يىلى يەنە بىر قېتىم «ئالتۇن پالما» نى ئېلىشقا تىرىشتىم ۋە ئاخىر ئالدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىسمىم گېزىت - ژورناللاردا يەنە كۆرۈلۈشكە باشلىدى، **1966** - يىلى بۇلغارىيىدە ئېچىلغان خەلقئارا ھەجۋىي ئەسەرلەر مۇسابىقىسىدا بىرىنچىلىككە ئېرىشىپ «ئالتۇن كىرپە» مېدالى بىلەن مۇكاپاتلاندىم. **1960** - يىلى **5** - ئاينىڭ **27** - كۈنى تۈركىيىدە سىياسىي ئۆزگىرىش بولدى. خوشاللىقىمدىن «ئالتۇن پالما» مېدالىمدىن بىرنى دۆلەت خەزىنىسىگە تەقدىم قىلدىم. ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن تۈرمىگە ئېلىندىم. يەنە بىر «ئالتۇن پالما» مېدالىم بىلەن «ئالتۇن كىرپە» مېدالىمنى كېيىنكى خۇشاللىق كۈنلىرىمدە لازىم بولار دەپ ساقلاپ قويدۇم.

ھازىرغىچە ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ھېكايە يازغىنىمغا ھەممىسى ھەيران قالىدۇ، لېكىن، مېنىڭچە بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك ھېچنېمىسى يوق. ئائىلەمدە مەن بېقىشقا تېگىشلىك ئون ئىككى ئادەم ئەمەس، يىگىرمە ئادەم بولغان بولسىدى، ئۇ چاغدا تۆت مىڭدىن ئارتۇق ھېكايە يېزىشقا مەجبۇر بولاتتىم.

ئەللىك ئۈچ ياشقا كىردىم ، ئەللىك ئۈچ كىتابىم نەشر قىلىندى، لېكىن قىرىق

مىڭ لىرا قەرزىم، تۆت بالام، بىر نەۋرەم بار. ئۆزۈم يالغۇز ياشايمەن، ھېكايىلىرىم يىگىرمە ئۈچ تىلغا، كىتابلىرىم ئون يەتتە تىلغا تەرجىمە قىلىندى. سەھنە ئەسەرلىرىم يەتتە مەملىكەتنىڭ سەھنىسىدە ئوينالدى. مەن پەقەت ئىككىلا نەرسەمنى يوشۇرۇن تۇتىمەن، بىرى، ھارغىنلىقىم، يەنە بىرى، يېشىم... بۇ ئىككىسىدىن باشقا ھەممە نەرسەم ئوچۇق - ئاشكارە...

كىشلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۆز يېشىدىن كىچىك كۆرۈنىدىغان ئوخشايمەن، بەلكىم ئىشلەش بىلەن بولۇپ كېتىپ ياشاشقا ۋاقىت ئاجرىتالمىغان بولۇشۇم مۇمكىن. بۇ دۇنياغا يەنە بىر قېتىم تۇغۇلغان بولسام ئىدىم، يەنىلا شۇ ئىشلارنى قىلغان بولاتتىم، دەيدىغانلاردىن ئەمەسمەن. ئىككىنچى قېتىم دۇنياغا تۆرەلسەم، بىرىنچى قېتىمدا قىلغان ئىشلىرىمنىڭ تېخىمۇ كۆپىرەكىنى، ئىنتايىن ئېسىلىنى، ئەڭ - ياخشىسىنى قىلىشنى خالايتتىم. پۈتۈن ئىنسانىيەت تارىخىدا ئۆلمەي قالغان يالغۇز بىر كىشى بولغان بولسىدى، ئۇنىڭغا قاراپ مەنمۇ ئۆلمىگەن بولاتتىم. قانداق قىلاي، بۇنىڭغا ئۆرنەك بولغىدەك بىرەر ئادەم يوق، بۇنىڭغا مەندە ئەمەس، مەنمۇ ھەممىگە ئوخشاش بىر كۈنى ئۆلۈپ كېتىمەن...

ئىنسانلارنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىمەنكى، بۇ ئادەتتىن تاشقىرى ياخشى كۆرۈشۈم تۈپەيلىدىن بەزىدە شۇ ئىنسانلىرىمغا خاپا بولىدىغان ۋاقىتلىرىممۇ بار. مانا بۇ مېنىڭ تېخى تاماملانمىغان ھېكايەم، قىسقىسى، كىتابخانلارنىڭ ئۇزۇن يېزىلغان ئەسەرلەردىن ئاساس زېرىكىدىغانلىقىنى بىلىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھېكايەمنى بەك ئۇزۇنغا سوزماسلىقىم مۇمكىن. ھەممىدىن بەكرەك قىزىقىدىغان نەرسەم، داۋامىنىڭ قانداق يېزىلىشىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيدىغان بۇ ھېكايەمنىڭ خاتىمىسى.

## مارك تىۋېن (ئامېرىكا)

ئازات ئالماس تەرجىمىسى

## سىرنىڭ ئاشكارىلىنىشى

يېرىم كېچە، ھەيۋەتلىك قەدىمقى كلوكېنېستىن قەلئەسىدە جىم - جىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. 1222 - يىلى چىقىپ كېتىش ئالدىدا تۇراتتى. قەلئەنىڭ ئېگىز مۇنارىسىدا تېخىچىلا چىراق ئۆچمىگەن. ئۇ يەردە مەخپىي يىغىن ئۆتكۈزۈلمەكتە.

كلوكېنېستىن قەلئەسىنىڭ خوجايىنى جىددى خىيالغا چۆمگەن ئىدى. ئۇشتۇمتۇت:

- قىزىم، دەپ چاقىردى ئۇ مۇلايىم ئاۋاز بىلەن.

ئۇچىسىغا ئاتلىق ئەسكەرنىڭ دوبۇلغا - ساۋۇتلىرىنى كىيگەن، قەددى - قامىتى كېلىشكەن بىر ياش جاۋاپ بەردى:

- خوش، دادا!

- قىزىم، شۇ كەمگىچە ساڭا چۈشىنىكسىز بولۇپ كەلگەن سىرنى ئاشكارىلايدىغان پەيت يېتىپ كەلدى. ئوبدانراق قۇلاق سالغىن. بۇ ئىشنىڭ يىلتىزى جەريانىنى ساڭا سۆزلەپ بېرەي، - ئۇ ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى،

- ئاكام ئۇلرىچ براندېنبوگنىڭ كىنەزى. دادام ۋاپات بولۇش ئالدىدا قالدۇرغان ۋەسىيىتىدە، مۇبادا ئاكامنىڭ ئوغۇل پەرزەنت كۆرمىسە ۋارىسلىق ھوقۇقى ساڭا قالىدۇ. بۇنىڭ شەرتى: سەن ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈشىڭ كېرەك. ئىككىلا ئائىلىدە ئوغۇل تۇغۇلماي قىز تۇغۇلۇپ قالسا، ئۇلرىچنىڭ قىزى ئۆزىنى پاك ساقلىسا ۋارىسلىق ھوقۇقى ئاكامغا مەنسۇپ بولىدۇ. ناۋادا ئەھۋال ئۇنداق بولمىسا، سېنىڭ قىزىڭ ۋارىسلىق قىلىدۇ. بۇنىڭ شەرتى شۇكى قىزىڭنىڭ كاتتا ئابرۇيى بولۇشى كېرەك،

دىگەن ئىدى. شۇڭا، ئاياللىرىمىز ساداقەتمەنلىك بىلەن ئاللادىن ئوغۇل پەرزەنت
تىلىگەن بولسىمۇ، تەلەيلىرى ئىجاۋەت بولمىدى ئاخىرى سەن تۇغۇلدۇڭ. بۇنىڭدىن
مەن تولىمۇ مەيۈسلەندىم. نۇرغۇن دەپي دۇنيالار بىكاردىن بىكار قولۇمدىن چىقىپ
كېتىۋاتقاندەك تۇراتتى. شىرىن ئارزۇلىرىم بەربات بولۇشقا يۈزلەنگەن ئىدى. لېكىن
ھەرگىزمۇ نائۈمىت بولمىدىم. ئاكام ئورلىچ تويى قىلىپ بەش يىلغىچە بىرەر پەرزەنت
يۈزى كۆرمىدى. «ئۈمىتكىنى ئۈزمە، تېخى تۆگەشكىنىم يوق» دەيتتىم ئۆز - ئۆزەمگە،
بىر كۈنى يېرىم كېچىدە سەن تۇغۇلدۇڭ. سېنىڭ قىز ياكى ئوغۇل ئىكەنلىگىڭنى بىر
دوختۇر، بىر سېستىرا ۋە ئالتە دېرەكلا بىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن بىرەر سائەت
ئۆتمەستىنلا ئۇلارنىڭ ھەممىسنى ئېسىپ ئۆلتۈردۈم. ئەتىسى ئەتكەندە گېرېتسوگقا
تەۋە يۈتكول جايلار شات - خۇراملىققا چۆمدى. كلوكېنېسېتتا ئۇلۇق براندېنبوگنىڭ
ۋارىسى دۇنياغا كەلگەنلىكى ئېلان قىلىندى! مەخپىيەتلىك قاتتىق ساقلاندى.
ئاپاڭنىڭ سىڭلىسى سېنى ئۆز تەربىيىسىگە ئالدى. شۇ چاغدىلا بىز جىمى غەم -
ئەندىشىلەردىن خالاس بولدۇق. سەن ئون ياشقا كىرگەندە ئاكام ئورلىچنىڭ ئايالى
قىز تۇغدى. بىز ھەسرەت چەكتۇق. شۇنداقتىمۇ بوۋاقلىق مەزگىلدىكى قىزبىل، ئۇ -
بۇ دەيدىغان تەبئى پالاكەتچىلىكلەر بىزنى مۇرادىمىزغا يەتكۈزەي، دەپ ئويلىغان
ئىدۇق، لېكىن ئىش بىز كۈتكەندەك بولمىدى. ئۇ ھايات قالدى، ھازىر ئايدەك
چىرايلىق بىر قىز بولۇپ چوڭ بولدى. بۇغۇ ھىچگەپ ئەمەس. ھا! ھا! بىزنىڭ
ئوغلىمىز يوقمىكەن؟ ئوغلىمىز كەلگۈسىدە كېنەز بولالامدىكەن؟ مانا، سېنىڭ
ئوغۇل بالىچە ياسىنىپ يۈرگىنىڭگە يىگىرمە سەككىز يىل بوپقالدى، بالام، ئۆزەڭگە
باشقا ئىسىم قويمىدۇق ، ۋاقت ئادەمگە رەھىم قىلمايدىكەن. ئاكامنىڭ
سالامەتلىگى بارغانسېرى يامانلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. دۆلەت ئىشلىرى ئۇنى ھالىدىن
كەتكۈزدى. شۇڭا، ئاكام سېنىڭ براندېنبوگقا كېلىپ، ئەملىيەتتىكى كېنەر

بولۇشىنى ئۈمىت قىلدۇ. نەۋكەرلىرىڭ ھازىر بولدى. بۈگۈن كەچتىلا يولغا چىققىن، مېنىڭ دىگەنلىرىمنى ئېسىڭدە مەھكەم تۇت: بىراندىنبوگۈنگىچە ئوخشاش بىزدىمۇ ھەر قانداق بىر قىز خەلقى ـ ئالەم ئالدىدا رەسمى تاج كەيمەستىن ئىلگىرى كېنەرلىك تەختتە ئولتۇرۇپ قويسا دارغا ئېسىلىدۇ، دېيىدىغان كونا قانۇن بار. شۇڭا، دىگەنلىرىمنى ئېسىڭدە مەھكەم ساقلا، ئۆزەڭنى تۆۋەنرەك تۇت. رەسمى تاج كېيىشتىن بۇرۇن سەن كېنەز تەختىنىڭ يېنىدىكى باش ۋەزىرنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ ھۆكۈمىڭنى چىقىرىۋەرسەڭ بولىدۇ. سېنىڭ جىنسىڭنى خەقلەر مەڭگۈ بىلمەي قېلىشى مۇمكىن. كازايلىققا تولغان بۇ جاھاندا ھەممىگە ئېھتىياتچان بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ، دانىشمەنلەر ئېيتقان گەپ.

ـ دادا، شۇنىڭ ئۈچۈنلا مېنىڭ ھاياتىم يالغانچىلىقنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتەمدۇ؟ مەن ئاشۇ بىگۇنا نەۋرە سىڭلىمنى ئالداپ ئۇنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالىمەنمۇ؟ دادا، ماڭا رەھىم قىلىڭ، بالىڭىزنى ئەپۇ قىلىڭ.

ـ نىمە دەۋاتىسەن كاللا قاتتۇرۇپ شۇنچە كۆپ مال دۇنيانى ساڭا ھازىرلاپ بېرىۋاتسام ھالىڭ مۇشمىدى؟ دادامنىڭ روھى بىلەن قەسەم ئىچىمەنكى، سېنىڭ بۇنداق گودەكچىلەرچە رەھىمدىللىكىڭنى ياقتۇرمايمەن. دەرھال يولغا چىققىن، مېنىڭ پىلانىمنى بۇزۇپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىل! ئەمدى گەپ قىلىشنىڭ ئورنى قالمىدى.

بۇ ئاقكۆڭۈل قىز شۇنچە يالۋۇرسىمۇ بىكار ئىدى. بىز ئەمىسى شۇنچىلىكلا بىلىپ تۇرايلى. جاھاندا ھېچقانداق بىر نەرسە كىلوكېپستىنىڭ ئۆز سۆزلۈك بۇ خوجايىنىنى تەسىرلەندۈرەلىگەن ئەمەس، ئاقىۋەت، قەلئەنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلدى. قىز بىر توپ قوراللىق ئاتلىق نەۋكەرلەر ھەم باتۇر ئەزمەتلەرنىڭ ھەمرالىغىدا شۇ كۈنى

كېچىسىلا يولغا چىقتى.

قىزى كەتكەندىن كېيىن، قېرى كېنەز بىر ھازاغىچە جىم ئولتۇردى ـ دە، قايغۇ ـ ھەسرەت ئىچىدە قالغان ئايالىغا:

ـ خوش خانىم، ئەھۋالدىن قارىغاندا ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. مەن ئەقىللىق ھەم كېلىشكەن گىراف دىشنى جىيەن جىنىيىم كوستانىسنىڭ يېنىغا خوپىيانە بىر ئىشنى ئورۇنلاپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكىنىمگە توپ ـ توغرا ئۈچ ئاي بولدى. مۇبادا ، دىش ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمىسە بىزنى نەس باسىدۇ، ئەمما ئىشنى مەن دىگەندەك توغرىلىيالىسا، كۆلپەتلىك تەقدىر قىزىمىزنىڭ كېنەز بولۇشىغا ھەر قانچە قارشىلىق قىلسىمۇ، ئۇ ئاخىر ئايال كېنەز بولىدۇ.

ـ كۆڭلۈم يامانلىقتىن بىشارەت بېرىۋاتىدۇ. شۇنداقتىمۇ پۈتكۈل ئىشنىڭ ئوڭغا تارتىغانلىقىغا تىلەكداشمەن.

## خوشاللىق ۋە كۆز يېشى

ئالتە كۈندىن كېيىن، براندېنبوگ كېنەزلىكىنىڭ ھەشەمەتلىك پايتەختىدە تەخت ۋارىسى كونرادنىڭ كەلگەنلىك شەرىپىگە كاتتا پارات ئۆتكۈزۈلدى. ھەممە يەر شات خوراملىققا چۆمدى، قېرى كېنەز بۇنىڭدىن تولىمۇ مەمنۇن بولدى. كونرادنىڭ چىرايلىقلىغى ، كېلىشكەن قەددى ـ قامىتى كېنەزگە ياراپ كەتتى. كونرادنى كۈتۈۋېلىشقا كەلگەن ئاقسۆڭەكلەر ئوردا ئىچىدە تىما ـ تىقماق ئىدى. ھەممە كىشلەر شۇنچىلىك خوشال ۋە تولىمۇ مەمنۇن ئىدى. كونراد ئۆزىدىكى ۋەھىمە ۋە ئازاب ئورنىنى بىر تۈرلۈك ئازادىلىكنىڭ ئىگىلەۋاتقانلىغى ھىس قىلدى. شۇغىنىسى، ئوردىنىڭ خىلۋەت جايىدىكى بىر ئۆيدە باشقىچىلا بىر ئىش بولۇۋاتاتتى. دەرىزىنىڭ يېنىدا كېنەز قىزى مەلىكە كوستانىس يىغىندىن قىزىرىپ كەتكەن ھالدا

يالغۇز ئولتۇراتتى. ئۇ ئۇشتۇمتۇت يىغلاپ ۋاقىراشقا باشلىدى:

ـ دىش دىگەن مۇناپىق قاچتى. كېنەزنىڭ زىمىندىن قېچىپ كەتتى! دەسلەپ مەن ئىشەنمىگەن ئىدىم. ئاھ خۇدا! ئەمدى ئىشەندىم. مەن ئۇنى قانچىلىك ياخشى كۆرەتتىم ـ ھە، دادامنىڭ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشىمغا ئۇنىمايدىغانلىقىنى بىلسىپ تۇرسامۇ، مەن يەنىلا ئۇنىڭغا كۆيەتتىم . مەن ئۇنىڭغا كۆڭلۈمنى بەرگەن ، ئەمدى ۋۇجۇدۇم ئۇنىڭدىن يىرگىنىدۇ. ھەي! مەن زادى نىمە بولدۇم ـ ھە؟ مەن تۈگىدىم. تۈگەشتىم، پۈتۈنلەي تۈگەشتىم! مەن ئالجىدىم!

## ئەھۋال مۇرەككەپلەشتى

بىر قانچە ئاي ئۆتتى، ياش كونرادنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىكى نەتىجىلىرىنى ھەممە بىردەك ماختىدى. ئۇنىڭ ھەق ـ ناھەقنى ئايرىشتىكى پاراسىتىگە، جازا بېرىشتىكى رەھىمدىللىكىگە ۋە شۇنچىلىك مەرتىۋىلىك ئورۇندا تۇرسىمۇ كىشىلەر ئالدىدىكى كەمتەرلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي كېنەز پۈتۈن ھوقۇقنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بىرىپ ، ئۆزى يېنىدا ئولتۇردى ۋە كونرادنىڭ سۆزلىرىنى مەمنۇنىيەتلىك بىلەن ئاڭلايدىغان بولدى. كېنەزنىڭ ۋارىسى باش ۋەزىرنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇپ كېنەزنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان بولدى. ئېنىقكىم كاتتا ئىززەت ھۆرمەت ۋە قەدىرلىنىشكە مۇيەسسەر بولغان كونرادقا ئوخشاش كىشى جەزمەن ئۆزىنى بەختلىك سانايدۇ. لېكىن غەلىتە يېرى شۇكى، كونراد بەختلىك ئەمەس ئىدى، چۈنكى كوستانىس ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىدى. جاھاندا بىرەر ئەركەك كونرادقا مۇھەببەت قويغان بولسا، بۇ ئۇنىڭ بەخت ـ تەلىيى ئىدى. كوستانىسنىڭ مۇھەببىتى بولسا تولىمۇ خەۋپلىك مۇھەببەت ئىدى.

ئىچ ـ ئىچىدىن خوشال بولغان كېنەر ئۆز قىزى كوستانسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلدى ۋە توينى بالدۇراق قىلىۋېتىش نىيىتىگە كەلدى. مانا بۇلار كونرادنىڭ سىنچى كۆزلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. مەلىكىنىڭ چىرايىدىكى غەم ـ قايغۇ ئالامەتلىرى يوقتى؛ ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى قىزنىڭ كۆزلىرىدە چاقناپ ئۇنىڭ پەرىشانلىقى ۋە مىسكىنلىك قاپلىغان چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى. كونراد بۇنىڭداي بەكمۇ چۆچىدى، ئۆزى بىلەن ئوخشاش جىنستىكى كىشىنى تېپىپ دوس بولغانلىقىغا ئۆزىنى قاغىدى. ئەسلىدە كونراد ئوردىغا يېڭىدىن كەلگەن بولغاچقا ، بىر خىل ياتسىراپ، پەقەت ئايال كىشىلا بەخش ئېتەلەيدىغان ھېسداشلىققا ئېرىشىش تەشنالىقىدا ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلاشقان ئىدى. ئۇ ئەمدى بىر نەۋرە سىڭلىسىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن ، ئىش تېخىمۇ بۇزۇلدى، كونراد ئۆزىنى قاچۇرغانسېرى قىز ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئەگىپلا يۈردە، قىز كېچە ـ كۈندۈز كۆرگەنلىكى پەردە ئۇنىڭغا سۆركىلىپ يۈرىۋەردىم نىمىشقىدۇ، قىز تولىمۇ بىئارام كۆرۈنەتتى. بۇنىڭدا چوقۇم بىر سىر بارلىقىنى سەزگەن كونراد بۇنىڭدىن ئەمدى ئەجەپلەنمەي قورقۇنچقا چۈمدى. ئىشلار مەڭگۈ مۇنداق كېتىۋەرمەيدۇ. ئاقىۋەت، ھەررەڭ سەرەڭ سۆز چۆچەكلەر تارقالدى. كېنەزمۇ خاتىرجەم بولالمىدى.

بىچارە كونراد قورقۇنچ ۋە دەرت ـ ئەلەم دەستىدىن ئەۋاھقىلا ئوخشاپ قالدى. بىر كۈنى كونراد كارىدورغا يېقىن جايدىكى خۇسۇسى قوبۇلخانىسىدىن چىقىپ كېلىۋاتقىنىدا كوستانس پەيدا بولدى ـ دە، ئۇنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ قاتتىق ئاۋازدا:

ـ ھەي، سىز نىمىشقا مەندىن قېچىپ يۈرۈيسىز؟ مەن سىزگە نىمە قىلدىم. مېنى نەزىرىڭىزگە ئېلىپمۇ قويمايسىزغۇ؟ دەسلەپتە بىر مەزگىل مېنى ياخشى كۆرگەنتىڭىزغۇ؟ كونراد بىزنىمۇ كۆزىڭىزگە ئىلىپ قويۇڭ، كۆيۈك ئوتتا پۇچۇلانغان

يۈرەككە ئېچىڭىز ئاغرىسۇن! ئەمدى ئېچىمدىكىنى دەۋالىسام چوقۇم ئۆلۈپ قالىمەن. مەن سىزنى سۆيىمەن، كونراد! بۇ سۆزلىرىمنى جەزمەن - سىزگە ئېيتماقچىدىم. ئەمدى مېنى نىمە كۆرسىڭىز كۆرۈڭ! - دېدى.

كونراد زۇۋان سۈرمىدى. كوكتانس بىر پەس ئىككىلىنىپ تۇردى - دە، قىز ئۇنىڭ جىم بولۇپ كېتىشىنى خاتا چۈشىنىپ قالدى بولغاي، كۆزلىرىدىن چەكسىز خوشاللىق نۇرلىرى چاقناپ كەتتى، كونرادنىڭ بوينىغا گىرە سېلىۋېلىپ سۆلەپ كەتتى:

- ئېچىڭىز ئاغرىدى! ماڭا ئېچىڭىز ئاغرىدى! سىز مېنى ياخشى كۆرىسىز. ئاھ! قەدىرلىكىم، مېنىڭ تېۋىنىدىغان كونرادىم.

كونراد ئېگىرىۋەتتى...، ئازاپتىن چىرايى تاتىرىپ ، ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولاشتى، پەرىشان ھالدا بىچارە قىزنى ئىتتىرىۋەتتى:

- نىمە دەۋاتىسىز!؟ بۇ ئەبىدىل - ئەبەت مۇمكىن ئەمەس! - دېدى - دە، گۇناھكارلارچە بېشىنى سېلىپ كېتىپ قالدى.

مەلىكە ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرۇپلا قالدى ۋە مىنۇت ئۆتمەيلا ئۇن سېلىپ يىغلاپ تاشلىدى. كونرادمۇ ئۆز ھوجرىسىدا يۇخادىن چىققىچە يىغلىۋالدى. ئىككىيلەن ئۆمىدىنى ئۈزدى. ئۇلار بالايى - قازانىڭ دىۋەيلەپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلغان ئىدى. كوستانس ئاستا ئورنىدىن تۇردى ۋە چىقىپ كېتىۋېتىپ: «ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىمنى زادىلا ئويلىمايتتىكەنمەن، مەن تېخى بايىلا سۆيگۈ - مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتى ئۇنىڭ تاش يۈرىكىنى ئېرىتىۋېتىدۇ، دەپ ھېساپلىغان ئىدىم! ئىسىت، ئىسىت، لەنەت! ئۇ مېنى ئىتنى تەپكەندەك تېپىۋەتتى!»دېدى.

## قورقۇنچلۇق ئاشكارىلىنىش

ئاي، كۈنلەر يۇرغۇلۇشۇپ ئۆتۈۋەردى. كېنەزنىڭ قىزى كوستانسىنىڭ چىرايىدا دەرت - ئەلەمنىڭ ئىزنالىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ كونراد بىلەن بىللە يۈرگەنلىكى زادىلا كۆزگە چېلىقمايدىغان بولۇپ قالدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ كونرادنىڭ چىرايى ئوڭشالدى، ئىلگىركىدەك تېتىك، روھلۇق ھالدا، بارا - بارا تولۇپ كېلىۋاتقان ئەقىل - پاراستى بىلەن دۆلەت ئىشلىرىنى سوراشقا باشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئوردا ئىچىدە كۇس - كۇس پاراڭ باشلىنىپ قالدى، خۇددى بىر سىرلىق ئىش بولغاندەك يىراق يېقىنغا تارالدى. ھەر خىل سۆز - چۆچەكلەر شەھەر ئىچىدىكى مەخسۇس يېتتە - ياسات بىلەن چاڭ چىقىرىدىغانلارنىڭ قۇلاقلىرىغا يەتكەندە كېنەزنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى پۈتۈن يەردە سىرلىق سۆز چۆچەكلەر ئۇلغايدى.

- كوستانس خېنىم تۇغۇپ قويۇپتۇ.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان كىلوكېنىستېدىكى گېرېتسوگ ئۆكە قادالغان دوبۇلغىسىنى ئېگىز كۆتىرىپ خۇشاللىقتىن توۋلىۋەتتى:

- كېنەز كونراد ياشىسۇن! ئاھ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ كېنەزلىك تاجىسىنى كىيگىنى كىيگەن، دىس ۋەزىپىسىنى قالتىس جايىدا ئورۇنلايتۇ. ئۇنى دەررۇ تارتۇقلاش كېرەك. ئۇ بۇ خۇشخەۋەرنى يىراق - يېقىننىڭ ھەممىسىگە ئاڭلاتتى. ئىككى كۈن ئىچىدىلا گېرېتسوگقا تەۋە پۈتكۈل يەردە كاتتا زىياپەتلەر بېرىلدى. بۇ ئۇلۇغ ئىشنى قۇتلۇقلاپ ھەممە شات - خۇراملىق ئىلكىگە چۆمدى.

## كۈتۈلمىگەن بالايى - قازا

سوت قىلىش كۈنى يېقىنلا قالدى. براندېنبوگتىكى جىمى ئاقسۆڭەك ۋە ۋەزىرلەر

كېنەزنىڭ ئوردىسىدىكى ئادالەت زالىغا جەم بولدى. زالى تەقما - تەقماق ئادەمگە تولدى. ئۈچىسىغا قارا يۆلغۇن تېرىسىدىن تىكىلگەن تون كىيگەن كونراد باش ۋەزىرنىڭ ئورۇندىغىدا قېتىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا قىزىغا ھۆكۈم چىقىرىشتا يۈز - خاتىرە قىلماسلىق ھەققىدە كەسكىن بۇيرۇق چۈشۈردى ۋە شۇندىن كېيىنلا كۆڭلى قاررىق بۇزۇلۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ بىر نەچچە كۈنلۈكلا ئۆمرى قالغان دىد، بىچارە كونراد ھىساۋىغا كېلىدىغان ئازاپنى تارتماسلىق ئۈچۈن ئاشۇ بىچارە قىزنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىش خۇسۇسىدا شۇنچە يالۋۇرسىمۇ ئاقمىدى.

دېمىسىمۇ، شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدە بىرل كونرادنىڭ يۈرىگى ئازاپ ئوتىدا ئۆرتەنمەكتە ئىدى. بۇ يەردە ئەڭ يايراپ كەتكەن كىشى كونرادنىڭ دادىسى ئىدى. ئۇ بىر تۈپ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئۆز يۈشتىغا كېلىۋاتقان ئامەتنىڭ ھوزۇرى بىلەن كېرىلىپ ئولتۇراتتى.

سوت ئەمەلدارى سوراقنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكالىدى، ئارقىدىنلا مويسىپىت باش سوتچى:

- گۇناھكار ئالدىغا چىقسۇن! - دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

قاپاقلىرى چۈشۈپ، چىرايىنىڭ ئۆڭسلى قالمىغان مەلىكە ئورنىدىن تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

باش سوتچى دەرھال:

- ھۆرمەتلىك خانىم! دۆلەتلىك باش سودىيەلەر ئالدىدا. سىزنىڭ ئۈستىڭىزدىن قىلىنغان ئەرىز - شىكايەتلەرنىڭ راس ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. خانىم، سىز ھەق نىكالىق بولماي تۇرۇپلا بىر بالا تۇغدىڭىز ، بۇرۇنقى قانۇنىمىز بويىچە سىزگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ. مۇبادا، يەۋقۇلئاددە ئەھۋال بولسا ئۆلۈم جازاسى بېرىلمەيدۇ.

مۇۋەققەت كېنەزىمىز، مېھرى - شەپقەتلىك كونراد ئالىلىرى بۇ ھەقتە سىزگە جىددى ئىزاھات بېرىپ ئۆتىدۇ. ئوبدان قۇلاق سېلىپ ئاڭلىغايسىز.

كونراد زاكون تايىغىنى ئارانلا قولىغا ئالدى.

شۇ دەقىقىدە، تون كېيىۋالغان مۇۋەققەت كېنەز ئەرەنچە ياسىنىۋالغان ئايالنىڭ يۈرىكى ئاشۇ بەخىسىز گۇناھكارنىڭ تەقدىرىدىن ئېچىشماقتا ئىدى.

ئۇ، ئېچىنىش ياشلىرى كۆز چاناقلىرىدا پىلدىرلاپ تۇرغان ھالدا ئەمدى سۆزلەي دەپ تۇرۇشىغا،باش سودىيەنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

- بۇ يەردە ئەمەس، ئالىلىرى، بۇ يەردە سۆزلىسىلىرى بولمايدۇ! كېنەز جەمەتىدىكى بىرەرسىگە ھۆكۈم ئېلان قىلىنغاندا كېنەزنىڭ تەختىدە ئولتۇرۇپ ئېلان قىلىش زۆرۈر. بولمىسا ھەممىسى قانۇنسىز. بىچارە كونرادنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى. ئۇنىڭ تاش يۈرەك دادىسىمۇ لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. كونراد تېخى تاج كىيمەي تۇرۇپ تەختتە ئولتۇرۇشقا پېتىنالامدۇ؟

ئۇ ئىككىلىنىپ قالدى. قورقۇنچ ئىلكىدە چىرايى تامدەك تاتاردى. ئەھۋال قىل ئۇستىدە ئىدى. ھەممە ئۇنىڭغا ھەيرانلىق نەزىرىدە قارىدى. مۇبادا، يەنە بىر ئاز ئىككىلىنىپ تۇردىغان بولسا، ھەممە ئۇنىڭغا گۇمان نەزىرىدە تىكىلگەن بولاتتى.

ئۇ، تەختكە چىقتى ۋە زاكون تايىغىنى يېڭىۋاشتىن قولغا ئېلىپ دېدى:

- گۇناھكار، مەن براندېنبوگنىڭ نامى بىلەن، ئۆزەمگە بېرىلگەن مۇقەددەس مەجبۇرىتىمنى ئادا قىلماقچىمەن، گېيمگە قۇلاق سېلىڭ، دۆلىتىمىزنىڭ كونا قانۇنىغا ئاساسەن، جىنايەت سادىر قىلىشتىكى شېرىگىڭىزنى كۆرسىتىپ بەرسىڭىزلا ئۇنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىمىز. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئاللانىڭ دەرگاھىغا كېتىسىز. بۇ پۇرسەتنى غېنىمەت بىلىڭ. ئۆزىڭىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشقا ھېلىھەم كېچىكمەيسىز. بالىڭىزنىڭ دادىسىنىڭ كىملىكىنى ئېيتىپ بېرىڭ!

زالنىڭ ئىچىنى ھەتتا يۈرەكنىڭ سوقۇشى ئاڭلانغىدەك دەرىجىدە جىمجىتلىق باستى.

مەلىكە ئاستا كەينىگە بۇرۇلدى، كۆزلىرىدە ئىنتىقام ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى.... ۋە ئۇدۇل كونرادنى كۆرسىتىپ؛

ـ بالامنىڭ دادىسى سەن! دەپ ۋاقىردى.

بۇ خەتەرلىك ئەھۋالدا نېمە قىلارنى بىلمەي قورقۇنچ ئىچىدە قالغان كونرادنىڭ ۋۇجۇدى ئۆلۈكنىڭكىدەك شۈررىدە مۇزلاپ كەتتى.

بۇ جاھاندا قايسى بىر كۈچ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالايدۇ!

بۇ شىكايەتنى رەت قىلىش ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىنىڭ قىز ئىكەنلىكىنى ئاشكارلىشى كېرەك. لېكىن، تاج كەيدۈرۈلمىگەن ئايال ناۋادا كېنەزنىڭ تەختىدە ئولتۇرۇپ قويسا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ ئەمەسمۇ!

شۇ ئەسنادا، كونراد، كونراد ۋە ئۇنىڭ باغرى تاش دادىسى ھۇشىدىن كېتىپ يەرگە يىقىلدى.

كىشلەرنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرغان بۇ ئاجايىپ قىزقارلىق ھىكايىنى قانداق ئاخىرلاشتۇرۇش مەيلى ھازىر ياكى كېيىن بولسۇن، مەيلى بۇ ژورنال ۋە ياكى باشقا ژورنالدا بولسۇن، مۇمكىن ئەمەس.

ئەمىلىيەتتە، مەن ھىكايەمدىكى باش قەھرىمانلارنى تولىمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئۇلارنى قانداق قىلىپ قۇتۇلدۇرۇۋېلىشىمنى بىلمەي قالدىم. شۇ ۋەجىدىن ، بۇ ئىشقا ئارلاشماي بىراقلا قول ئۈزدۈم . ياخشىسى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى چىقىش يولىنى تېپىۋالغىنى تۈزۈك. بولمىسا، شۇ پېتىچە تۇرۇپ تۇرسۇن.

مەن ئەسلىدە ئۈنچىلىك قېيىنچىلىقنى ھەل قىلىۋېتىش ئانچىۋالا تەس ئەمەس دەپ ئويلىغان، بىراق، ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا ئىش ئۈنداق بولماي قالدى.

ئاۋسترالىيە مىكرو ھېكايىلىرىدىن

ئەخمەت ئىمىن تەرجىمىسى

ئورنى توغرا، ۋاقتى خاتا!

بىر ئالىجۇقا ئاۋاز ئۈنى ئۇيقۇدىن ئويغىتىۋەتتى. بۇ يېرىم كېچىدىن ئاشقان ۋاقىت ئىدى. ئۇ ئايال دەرھال تاپانچىسىنى قولىغا ئالدى. تاراققىدە قىلىپ ئىشىكنىڭ قۇلۇپى ئېچىلدى، ئارقىدىنلا ئىشىك غىچىرلاپ بىر ئادەمنىڭ قارىسى ئۆيگە كىردى. تاۋرى ياڭگىدە قىلىپ ئوق چىقاردى. «مەن ئىدىم، تاۋرى!» ئۇ ئادەم يىقىلىۋېتىپ نەپىسى كېسىلگەن ھالدا ۋارقىرىدى. «ئايلا، گىئورگى، سەن پەيشەنبە دېمەيمىدىڭ، بۈگۈن تېخى چارشەنبىدىغۇ!»

تۆرمىدىن قېچىش

قامالغىنىغا ئون يىل بولغان مەھبۇس تۆرمىنىڭ تېمىنى زەڭگەر ئاسمان، كۆيكۆك دېڭىز قىياپىتىگە كىرگۈزدى، نويابىردا ئۈنىڭ ئاستىغا غەلىتە، ئەگرى - بۈگرى دېڭىز ساھىلىنى قوشتى، دوۋدېستۆ ئۈنىڭغا بىر قېيىقنىڭ ئىزناسىنى سالدى، ھەش - پەش دېگۈچە ئۇ قېيىق ماتورلۇق قېيىققا ئايلاندى. دۈشەنبە - پاسخا بايرىمى كۈنى بىر توپ گۈندىپايلار قۇيقۇرۇق كامېرغا، ماتورلۇق قېيىقنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆزدىن يوقالغان ئاياغ ئىزىغا قاراپ لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ قالدى.

يېتىشمىگەن قان

ئىشقىلىپ، ساقچى باشلىقىنىڭ ئۆمرىدە كۆرگەن قان بىلەن يېزىلغان ئەڭ ئۇزۇن ـ ئەڭ ئۇزۇن خەت مۇشۇ. كۆك قان تومۇرنى سىياھ قەلەمنىڭ قېپىدىن ئەپچىل ئۆتكۈزۈپ تەييارلانغان بۇ نەرسە بىلەن ئۇ كىشى ئۆز سۆزلىرىنى يېزىۋېتىپ قىممەتلىك ھاياتىنى ئاياغلاشتۇرغاندى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۇ ئاجايىپ ھېكايە تاماملانغۇچە، ئۇنىڭ قېنى تۈگەپ كەتكەن. ئەجەبا، مۇشۇ ئۇنىڭ ھاياتىمىدۇ؟

## ئۇ ھېلىھەم قەلبىمدە ھايات

ئۇ قىز سۈرەتچىلىك ئۈستىلىگە يۆلىنىپ تىك، تەمكىن ئولتۇراتتى. رەسسام سۈرىتىنى پۈتتۈرەي دەپ قالدى، سۈرەتتە قىزنىڭ گۈزەللىكى نەق ئەكس ئەتتۈرۈلگەندى. قىزنىڭ يۈرىكى ئۆزگە بىرىگە سوقاتتى. ئۇ رەسسامنىڭ مېھرلىك مۇئامىلىلىرىگە پەرۋا قىلماي، سوغۇق تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈپ قوياتتى، شۇنداقتىمۇ رەسسامنىڭ قەلبىدە ئۇنىڭغا قارىتا چوڭقۇر ئىشتىياق ئۇرغۇپ تۇراتتى. ھالبۇكى، قىز ئۇنىڭ سۈرىتىدە مەڭگۈلۈك قالدى. بۇ نېمە بولغىنى، قىز تۇيۇقسىزلا ئالدىغا مۈدۈرۈپ كەتتى. رەسسام ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنى ئاستاغىنا يۆلەپ قويدى.

## ئانا قەلبى

ھېنرى روسسىن (فرانسىيە)
ئەركىن ئىبراھىم تەرجىمىسى

لويىس رامىل تاماق يېيىشتىن توختاپ ۋىلكىنى ئۈستەلگە تاشلاپ قويدى. چىرايى سۇلغۇن ۋە تولىمۇ خايا كۆرۈنگەن بۇ يىگىتنىڭ چاچلىرى ئالتۇندەك سېرىق،

كۆزلىرى قوڭۇر، تەقى ـ تۇرقى قاملاشقان ئىدى. ئانا ئوغلىنىڭ غېمىنى يەيتتى، ئۇنىڭ ئوتىدا پۇچۇلىنەتتى، ئۆزىنىڭ بارلىق ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى ئۇنىڭغا باغلىغان ئىدى.

ئانا ئوغلىدىن ئۈچىنچى قېتىم سورىغاندىلا، لويىس ئانىسىغا راست گەپنى قىلىش نىيىتىگە كەلدى.

ـ ئەسلىدە سىزگە بۇ ھەقتە گەپ قىلمىسام بولاتتى، زادىلا ئېيتمىساڭ بولمايدۇ دېسىڭىز، ئېيتىپ بېرەي: بايا مەن ئەيرېننانىڭ دادىسىنى كۆردۈم، ئۇ مېنىڭ ئۆزىنىڭ قىزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بۇ قورقىدىغانىمۇ ئىش ئەمەس... ئەيرېننانىڭمۇ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى ئۇنىڭغا مەلۇم، شۇڭا ئۇ مەن بىلەن ئوچۇق سۆزلەشتى. مەن ئىككى يۈز ئەللىك مىڭ فرانك چىقىرالىسام، ئۇ ماڭا قىزىنى بەرمەكچى بولدى. بۇ ئىككى يۈز ئەللىك مىڭ فرانك مېنىڭ ھېيوگورامىيىل ماگىزىنىغا سالىدىغان پاي چېكىم بولۇپ قالىدىكەن.

لويىس ئازابلانغان ھالدا سۆزىنى تۈگەتتى. رامىل خانىممۇ ھەر خىل چىگىش خىياللارغا چۆكەندى: بۇ، لويىسنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئۆمۈرلۈك ئىش ئىكەن. يەنە كېلىپ، باي ئائىلىدە چوڭ بولغان ئەيرېنناداك بىر قىزنىمۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە مال مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ.

ـ ھەي، بىزدە شۇنچىلىك كۆپ پۇل بولغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە! ـ دېدى ئانا ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ.

ـ بىزدە نەدىمۇ بۇنچىلىك كۆپ پۇل بولسۇن؟ ـ دېدى لويىس قايغۇرۇپ.

ئۇلاردا شۇنچىلىك ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ پۇل بولغان، بىراق لويىس يەتتە يىل كەيىپ ـ سايا سۈرۈپ ھەممىنى سورۇۋەتتى. رامىل خانىم باغرى يۇمشاق ئايال بولغاچقا، ئوغلىنى پەقەتلا چەكلەپ باقمىغانىدى. دەسلەپتە لويىس، ئانام مەندىن

بىرمۇنچە بايلىقنى يوشۇرۇۋاتىدۇ، ۋەيران بولۇشقا ئازلا قالغانلىقنى چۈشەنگەندىن كېيىن، قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپ قىمارغا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ يوقاتقانلىرىنى قىمارخانىلاردىن ئۈندۈرۈۋالىمەن، دېگەن شېرىن خىيالدا ئىدى. ئاخىر بېرىپ يانچۇقى قۇرۇقدىلىنىپ قالدى ھەتتە ئايىسىنىڭ زىبۇ - زىننەتلىرىمۇ قالمىدى. پەقەت رامىل خانىمنىڭ ئازراق ئاخىرەتلىك پۇلىلا قالغانىدى.

رېئاللىق لويىسنى سەل سەگەكلەشتۈرگەندەك قىلدى. ئۇ تۇرۇپلا ئېھتىياتچان ۋە سالماق بولۇپ قالدى. بىر پۇلنىڭ تۆشۈكىدىن مىڭ قېتىم ئۆتكۈدەك بولۇپ ياشىدى. كىيىنىشتە، تاشقى قىياپىتىنى سالاپەتلىك كۆرسىتىشكە تىرىشىدىغان بولدى، قانداق كىيىنگەندە، سۆلەتباز دوستلىرىدىن ئازادە ۋە چىرايلىق كۆرۈنگىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدى ۋە بۇرۇنقىدەكلا كىشىلەر بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىپ تۇرىۋەردى. مېھمانغا بېرىشقا توغرا كەلسە، بىر نەچچە كورۇپكا كەمپۈت ۋە بىر دەستە گۈللا ئېلىۋالاتتى، پۇل خەجلەيدىغان يەرلەردىن جېنىنىڭ بارىچە ئۆزىنى قاچۇراتتى.

رامىل خانىم ئۇھ تارتىپ قويۇپ، ئوغلىدىن ئەيىپ سوراۋاتقاندەك مېھرىبانلىق بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ قويدى:

- ستىراجۋانىيىدىكى ئاخىرەتلىكىمگە ئاتاپ قويغان پۇلدىن باشقا پۇل يوق. شۇنى ئالساق...

لويىسنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى...

- سىز ئۇنداق قىلالمىغاندىكەن، يەنە بۇگەپنى قىلىپ نېمە قىلىسىز؟ - دېدى ئۇ قوپاللىق بىلەن.

- مەن ئۆلسەملا...

ئانا بىلەن بالىنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالدى.

ئانا ئوغلى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ بولدى، ئوغلىنىڭ دەردىدە تارتمىغان جاپالىرى قالمىدى. ئۇ ئوغلىنى ئۆز جېنىدىنمۇ ئېزىز كۆرەتتى. ئەمدى ئانىسى ئۆلسە ئوغلىنىڭ چېچىكى چاي بولىدۇ، بەختى ئېچىلىدۇ... ئانىنىڭ خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە، تېنىگە تىترەك ئولاشتى. ئۇ ئىتتىك باشقا ياققا قارىۋالدى، كۆز چاناقلىرىدا ياش لىغىرلاپ تۇراتتى...

لويىس پۈتۈن بىر ئاخشام ئۆيگە كەلمىدى. ئانىنىڭ ئەس ـ يادى ئوغلىنىڭ ئىشىدا قالغانىدى. بۇ ئۇنىڭ تەقدىرىگە تاقىلىدىغان ئىش ئىدى. ئانا ئوشلىنىڭ ھەر بىر سۆز ۋە ھەرىكىتىدىن. ئانىسىنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەۋاتقانلىقىنى سەزگەنىدى. مانا ئەمدى ھەممە نەرسە تۈگەيدۇ: ئۇ كۈننىڭ سېرىقىنى، قىزىل گۈللەرنى كۆرەلمەيدۇ، دېڭىز ساھىلى ۋە چىمەنزارلىقلارغا بېرىپ گۈزەل ياز كېچىلىرىنى تاماشا قىلالمايدۇ، قىش ئاخشاملىرى ئىللىق ئوچاق يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئاشۇ راھەتبەخش ھارارەتتىن ھوزۇرلىنالمايدۇ، كىتاب كۆرەلمەيدۇ، ساياھەت قىلالمايدۇ. ھازىرمۇ، كەلگۈسىمۇ شۇنىڭ بىلەن تۈگەيدۇ، ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئوغلىنىڭ بەخت ـ ئىقبالىنى ئاچىدۇ، شۇنداق تۇرۇپ يەنە ياشاش كېرەكمۇ؟

تۈن نىسبى، يېقىن ئەتراپتىكى چېركاۋ قوڭغۇرىقى ئون ئىككى قېتىم داڭ ئۇردى، رامىل خانىم تېخىچە خىيالغا پېتىپ ئولتۇراتتى. تەقدىر ئۇنىڭغا بېسىم ئىشلەتمەكتە. ئۇ ئەمدى لويىسنىڭ كېلىشىنىلا كۈتۈپ ئولتۇراتتى. لويىس دالانىڭ ئىشىكىنى ئېچىشىغا، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئوغلىنىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە ئانىلىق مېھرى بىلەن ئۇنى يېنىككىنە سۆيۈپ قويۇپ، پەس ئاۋازدا:

ـ بالام، مەن مۇنداق ئويلاۋاتىمەن...ئامال تېپىلىدۇ، بۇرۇن خىيالىمىزغا كەلمەيتتۇ... يەنىلا ئۈمىد بار... قېرى ئاناڭنى ئوبدانراق بىر قۇچاقلاپ قويغىنا! ـ

دېدى.

لۇيىس ئانىسىغا قارىدى، دەسلەپتە ھەيران بولدى، كېيىن ئۆزىنىڭ ئاللىقانداق بىرەر بايلىققا ئېرىشىپ قېلىش مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ، ئانىسىنى يېقىملىق قۇچاقلىدى. ئانا تۇساتتىنلا:

- ئەتە، بالام، ئەتە! ئەتە مەن ساڭا ھەممىنى ئېيتىپ بېرەي، - دېدى - دە، ھۇجرىسىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى.

ئۇ ئۆيگە كىرىپلا ئىشىكنى مەھكەم يېپىۋالدى، پېشانىسىدىكى ئوغلىنىڭ سۆيۈشىدىن قېپقالغان ئىللىق سېزىمنى يوقىتىپ قويۇشنى خالىماي. كىچىك دورا ساندۇقىنى ئېچىپ، ئەپيۇن تىنكتۇرىسى قاچىلانغان بىر قۇتىنى ئالدى - دە، دەورىنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا ئىچىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن لۇيىس رامىلنىڭ بەخت دەرۋازىسى ئېچىلدى.

## ئانا تىلنىڭ كارامىتى

چىڭغىز ئايتماتوۋ (سوۋېت ئىتتىپاقى)

ماخمۇتجان ئىسلام تەرجىمىسى

شائىر رەسۇل ھەمزاتوۋ داغىستان تاغلىق رايونىدىكى كۆپ خىل تىل توغرىسىدا ئۆزىگە خاس يۇمۇرلۇق تىل بىلەن مۇنداق ئىزاھات بەرگەنىدى: ئەينى چاغدا،خۇدا بۇ يەردىكى مىللەتلەرگە تىل تەقسىم قىلىۋاتقاندا، شىددەتلىك شىۋىرغان چىقىپ كەتكەنىكەن. شۇڭا خۇدا ئالدىراپ - تېنەيلا بۇ يەرگە ئەرشتىن ھەر خىل تىللار قاچىلانغان بىر تاغارنى تاشلىغانىكەن. داغىستاندىكى تىلنىڭ بىر - بىرىدىن زور

دەرىجىدە پەرقلىق بولۇشى بۇرۇن بۇ يەردىكى مىللەتلەرنى بىر ـ بىرىدىن بەكلا ئايرىۋەتكەن. گەرچە ئۇلار مەنىۋى جەھەتتە ۋە تۇرمۇش شەكلى جەھەتتە بىر ـ بىرىگە يېقىن بولسىمۇ، ئەمما قوشنا تاغ جىلغىلىرىدا ئەمەس، بەلكى ئوخشاشمايدىغان قىتئەلەردە ياشىغاندەك تۇرمۇش كەچۈرگەن. شىمالىي كاۋكازنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان بۇ يەردىكى ھەر بىر ئاۋۇلنىڭ ئۆزىگە خاس تىلى بار. بۇ تىللار تۈركى تىللار، كاۋكاز تىللىرى، ئىران تىللىرى ھەتتا يەھۇدى ۋە سۇرىيان تىللىرىغا چېتىلىدۇ، قوشنا ئاۋۇللارنىڭمۇ تىلى بىلەن ئوخشاشمايدۇ، بىر ـ بىرىگە يېقىن كەلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ تومۇرىمۇ ئوخشاشمايدۇ. رەسۇل ھەمزاتوۋ «بۇرۇن داغىستاننىڭ تارىخى پىچاق بىلەن ئويۇلغان يېزىقتا خاتىرىلەنگەن، 20 ـ ئەسىرگە يەتكەندىلا داغىستاندا پەيى قەلەم بولغان» دەيدۇ. ئەمما، دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر ئېلىپبەدىن داغىستان تىلىدىكى بارلىق تاۋۇشلارنى ئىپادىلىگۈدەك بىر يۈرۈش ھەرپ تاپقىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا سوۋېت ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللاردا، داغىستاندىكى تىللار ئۈچۈن يېزىق ئىجاد قىلىشتا، رۇس تىلى ھەرپلىرى ئۈستىگە ئالاھىدە ھەرپ ۋە شەرتلىك بەلگىلەرنى قوشۇش ئارقىلىق ھەرپ ياسىتىلغان. بۈگۈنكى كۈندە، ئىككى مىليونغا يېقىن داغىستان خەلقى ئوتتۇز نەچچە خىل تىل ئىشلىتىدۇ. داغىستاندا بەش خىل يېزىقتا گېزىت ـ ژۇرنال، ئەدەبىي ئەسەرلەر نەشر قىلىنىدۇ. يالغۇز ئاۋار تىلىدىلا ئەمەس «بۇلار شۇ جايدىكى نوپۇس ئەڭ كۆپ مىللەت، نوپۇسى تۆت يۈز مىڭدىن ئاشىدۇ»، يەنە تات «بۇلار پەقەت ئون بەش مىڭلا» تىلىدا كىتاپ نەشر قىلىنىدۇ. ئەمما، شۇنىڭغا قارىماستىن، داغىستاندا ئۆز تىلى بىلەن شېئىر يازىدىغان شائىردىن ئىككى مىڭى بار. دۇنيانىڭ ھەمما جايلىرىدا بار ئاز سانلىق مىللەتلەر مەسىلىسى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بىرلا ئادەمنىڭ مەسىلىسى چاغلىق بىر ئىش، ئەمما، كونلارنىڭ سۆزى بويىچە، ئۆتۆكنى

كىم كىيگەن بولسا شۇنىڭ پۈتى ئاغرىيدۇ، دەردىنى ئۆتۈك كىيگەن ئادەملا بىلىدۇ، دېگەندەك سانى ئەڭ ئاز مىللەتلەرنىڭ مەسىلىسى ئەڭ زور، ئەڭ مۇھىم بولىدۇ، بەزىدە بۇ مەسىلە تېخى ئادەمنى بىئارام قىلىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان مەسىلە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ئىستىقبالى مەسىلىسى. بۇ ئالدى بىلەن دۇنيادىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىلى مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. چۈنكى تىل بولمىسا، ئۇلارنىڭ مەنىۋى بايلىقىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئاملى بولغان تىل، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا يەنە مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ۋاستىسى بولىدۇ. ھەر قانداق مىللەتنىڭ تىلىنى خەلقىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ياراتقان، ئۇ تەكرىشى يوق ئاجايىپ مۆجىزە بولۇپ، ئۇنىڭ يوقىلىشى ئەڭ زور زىياندىن باشقا نەرسە ئەمەس، نۇرغۇن تىللار يوقىلىدۇ ھەم يوقالدى، ئۇلارنى قايتا تىرىلدۈرۈشنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق، ئۇلار مەۋجۇت بولغان دەۋرمۇ كەلمەسكە كەتتى، ئەمدى مەۋجۇت تىللارنى قەدىرلەش، ئاسراش كېرەك، ئۇلار پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بايلىقى. دۇنيا تىلدىن تەشكىللەنگەن مەۋجۇدات ئالەمدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. تارىختا تىلدىن تەشكىللەنگەن ئېكولوگىيە پەيدا بولغان. تىل ئېكولوگىيىسى خۇددى تەبىئەت ئېكولوگىيىسىگە ئوخشاشلا ناھايىتى مۇرەككەپ ۋە نازۇك بۇ يەردە پىراگماتىزملىق نۇقتىئىنەزەرگە ئەمەل قىلىشقا بولمايدۇ، پىراگماتىزملىق نۇقتىئىنەزەر ئاپتوماتلاشتۇرۇش ئىشلىرىدا ئىشلەيدۇ، ئۇنى مەدەنىيەت ئىشلىرىغا تەبىقلاشقا بولمايدۇ. بۇندىن باشقا، چوڭ مىللەتلەرنىڭ تىلى ئۇششاق مىللەتلەرنىڭ تىلىنى بارا ـ بارا چەتكە قاقىدىغان ۋە ئاسىملاتىيە قىلىدىغان ئەھۋالمۇ بەزى ـ بەزىدە كۆرۈلۈپ قالىدۇ. ناھايىتى روشەنكى ، ھازىر بىر خىللاشتۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئارتۇقچىلىق ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى يوقىتا چىقىرىشقا

قىزىقىپ قالغان پىكىرلەرمۇ بار. بۇنداق پىكىرلەرگە نىسبەتەن، بىزدە سەگەك كاللا بولۇشى كېرەك، بۇنداق پىكىرلەردە مەسىلىنىڭ ماھىيىتى بۇرمىلانغان. بىر - بىرىگە يار - يۆلەك بولۇش، بىر - بىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش پىرىنسىپى ئۈچۈن بىرلىشىش كېرەك، ئەمما ھەر قايسى مىللەت ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى بەزى جەھەتلەردە ئۆز ئالاھىدىلىكىنى ساقلىشى كېرەك. ناۋادا بۇ ئالاھىدىلىكلەر كېرەكسىز قىلىنسا، ئۇ ھالدا بىر - بىرىگە يار - يۆلەك بولۇش، بىر - بىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش دېگەندىن ھېچنېمە قالمايدۇ، بىرلىشىشنىڭ زۆرۈرلۈكىمۇ يوقىلىدۇ. مەن چوڭقۇر ئىشىنىمەنكى، رېئاللىقتا ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ مۇھىم تىلنى ساقلاپ قېلىشىنىڭ ھەممە شارائىت يارىتىپ مۇشۇ تىللارنىڭ ئۆزگە مىللەتلەرنىڭ مەنىۋى ۋە ماددىي تۇرمۇشىدىكى يېڭى نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ، شارائىت يارىتىپ تىلنىڭ ئىچكى راۋاجلىنىش يولى يەنى دۇنيادىكى ئىلغار تىللارنىڭ تەقرىبىلىرىگە بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك تايىنىپ ئۆز تىلىمىزنى ئۆزلۈكسىز بېيىتىش يولى ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ تولۇق ئىمكانىيىتى بار. ئېلىمىزنىڭ تەجرىبىلىرى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىغان. سوۋېت ئىتتىپاقىدا چوڭ - كىچىك يۈز نەچچە مىللەت بار. ئۇلار ئاتمىش يىل بۇرۇن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بىرلىشىش ئاساسىدا بىرلىككە كەلگەن سوۋېت دۆلىتىنى قۇرغان. بىز ئۆتۈپ كەتكەن ئۇزاق يىللاردىلا تاللاش مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەندۇق: يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغان تىلنى ئىشلىتىش كېرەكمۇ ياكى بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش يولىغا يەنى ئىلغار مىللەتلەرنىڭ تىلىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز مىللىتىمىزنىڭ تىلىنى ئۇلار بىلەن بىر قاتاردا راۋاجلاندۇرۇش يولىغا ماڭىمىزمۇ؟ ئەلۋەتتە، تامامەن مول ئەدەبىيات ۋە ئىلمىي ئەنئەنىسى بار، يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغان تىلغا ئۆتۈپ ، ئىجادىيەت بىلەن شۇ تىلدا شۇغۇللىنىش، ئۆز

مىللىتىمىزنىڭ تىلىنى راۋاجلاندۇرىمىز دەپ جاپا چەكمەسلىك يولىغا مېڭىش، شۈبھىسىزكى، ناھايىتى يەڭگىل ئىدى. بۇنداق ئەركىن تاللاش ئادەمنى مەھلىيا قىلاتتى. بىراق، بۇنداق تاللاش ئۆز مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيىتىنى سۇلغۇنلاشتۇرۇپ، قۇرۇتۇپ قويماسمۇ؟ ئۇ مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ دەۋر روھى جەھەتتە مۇھىم ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشىشىنى ئىلگىرى سۈرەلەمدۇ؟ ئەڭ مۇھىمى، بۇ خىل ھالەت تارىخنىڭ «يارىتىشى»غا ئۇيغۇن بولۇپ، ناھايىتى مۇرەككەپ، ناھايىتى كۆپ خىل دۇنيانىڭ ئورتاق پايدا - مەنپەئەتىگە ئايلىنالامدۇ؟ قېنى، كىم ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدە نېمىلەرنى ساقلاشنىڭ ياخشى، نېمىلەرنى ساقلاشنىڭ يامان بولىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلالايدۇ؟ بۇ مەسىلە توغرىسىدا دائىم ئويلىنىشقا، « قوللاش » ياكى «قارشى تۇرۇش»نى دەڭسەپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ. تىلنى تاللايدىغان چاغدا، ئەركىن تاللاشنىڭ مۇمكىنچىلىكىگە ۋە بى رگراژدانىنىڭ خەلق ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچىغا ھۆرمەت قىلىش زۆرۈرلۈكىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك. چۈنكى خەلق بىزنى بېقىپ چوڭ قىلغان ھەمدە ئۆزىنىڭ . ئەڭ قىممەتلىك بايلىقى بولغان تىلنى بىزگە ئاتا قىلغان. بىز ئانا تىلنىڭ كارامىتىگە ئايرىن - تەھسىن ئېيتماي تۇرالمايمىز. بىز پەقەت بالىلىق چاغلىرىمىزدىن باشلاپ ئىگىلىگەن ئانا تىل بىلەنلا ئادەم قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىكى مىللىي غۇرۇر بۇلىقىنى ئاچالايمىز: ئانا تىل بىلەنلا خەلق تەجرىبىلىرىدىن تۇغۇلغان شېئىر ئارقىلىق يۈرەك - قەلبلەرگە مادار - دەرمان بېرەلەيمىز، پەقەت شۇندىلا ئەسلى - نەسلىمىزدىن تارتىپ قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئاجايىپ مۆجىزىلىك، مەزمۇنى دېڭىز - ئوكيانلاردىن چوڭقۇر ئانا تىلدىن ئېستېتىك زوق ئالالايمىز. پەقەت بالىلىق دەۋرىدىلا ئانا تىلنى ھەقىقىي چۈشىنەلەيمىز، پەقەت بالىلىق دەۋرىدىلا ئۆزىمىز بىلەن ئەترابىمىزدىكى ئادەملەر، قاتلام - تەبىقىلەر ۋە مەلۇم مەدەنىيەت

ئوتتۇرىسىدا زىچ مۇناسىۋەت بارلىقىنى ھېس قىلالايمىز. دېمەكچىمەنكى، ھېچبولمىغاندا ئۆزۈمنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسەن شۇنداق دېيەلەيمەنكى، بىر ئادەم بالىلىق دەۋرىدە ئۆزى ئادەتتە ئۇچرىشىپ تۇرغان ئىككى خىل، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك تىلنى ماھىيەت جەھەتتىن چوڭقۇر ئىگىلىيەلەيدۇ، گەپ بۇ تىللارنىڭ باشتىلا ئۇنىڭغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەنلىكىدە، مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، رۇس تىلى ئانا تىلدىن، يەنى قىرغىز تىلىدىن تۆۋەن تۇرمايدۇ. قىرغىز تىلى بالىلىق چېغىمدىلا ئانا تىلىم بولغان، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇ مېنىڭ ئۆمۈرلۈك ئانا تىلىم. ئۆزگە مىللەتلەرنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغان مەدەنىيەت نەتىجىلىرىدىن تولۇق پايدىلانمىساق، بىز كۆپ خىل مىللەتلەرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرالمايمىز. مانا بۇ بىزنىڭ ئىككىنچى خىل يولنى تاللىشىمىزدىكى سەۋەب، بۇ يول مۈشكۈلرەك، ئەمما مول نەتىجىلىك يول، بىزدىكى ئۈچتىن بىر قىسىم مىللەتلەرنىڭ يېزىقى يوق ئىدى، كېيىنچە ئۇلارنىڭ يېزىقى بولدى. شۇڭا سوۋېت ئەدەبىياتى سەكسەن نەچچە مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىدىن تەشكىل تاپتى.بۇ ئەمەلىيەت مىللەتلەرنىڭ مەمۇرىي رايونلىرىدا، تامامەن باراۋەرلىك پرىنسىپى ئاساسىدا ئۆز تىلىنى ئىشلىتىشنى يولغا قويۇشنىڭ بىر ئۈنۈملۈك چارە ئىكەنلىكىنى يولۇق ئىسپاتلىدى. مەن بۇ يەردە رۇس تىلىنىڭ تولى توغرىسىدىمۇ سۆزلەپ ئۆتمەكچىمەن، رۇس تىلى ۋاستىچى، تارىختا، ھەر قايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك قىرغاقلىرىنى ئەڭ دەسلەپ تۇتاشتۇرغان كۆۋرۈك. ھالبۇكى، بۇ مىللەتلەر تېخى يېقىندىلا بىر ـ بىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلىشمەيتتى. مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرقىمۇ ناھايىتى زور ئىدى، ھەممىسىنىڭ بىر ـ بىرىنىڭكىگە ئوخشاشمايدىغان ئادەت ۋە ئەنئەنىلىرى بار ئىدى. ئۆز ئارا پەقەتلا چۈشىنەلمەيدىغان تىل ئىشلىتەتتى. رۇس تىلى كۆپ مىللەتلىك سوۋېت جەمئىيىتىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئالاقە ـ تىلىغا ـ

يېڭى «مەدەنىيلەشتۈرۈش» بىلەن مەدەنىيەتنىڭ بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تۈرتكە بولىدىغان تىلغا ئايلاندى. چۈنكى ئۇ ئادەم سانى ئەڭ كۆپ مىللەتنىڭ تىلى ئىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئېلىمىزدىكى باشقا ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تىلغا تەسىر كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىشتە داۋامدا ئۆزىنى ئۆزلۈكسىز تۈردە بېيىتتى. ھازىر بىز شۇنداق جاكالىيالايمىزكى، بىز ئىنسانىيەت تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن، بىلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتنىڭ تىلىنى ئىشلىتىدىغان سوۋېت مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلدۇق. ئۇ ئېلىمىزدىكى بارلىق چوڭ كىچىك مىللەتلەرنىڭ ئەڭ ئېسىل نەتىجىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ مىللەتلەر تا بۈگۈنگە قەدەر تەرەككىي، پسىخىكا ۋە تۇرمۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزلىرىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ كەلمەكتە. بۇ، سوۋېت مەدەنىيىتى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئىنتېرناتسىئونالىزملىق مەدەنىيەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەر خىل مىللىي شەكىللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدەنىيەتتۇر. بۇ خىل مەدەنىيەتتىكى ئىنتېرناتسىئونالىزملىق يېقىندىن بۇيانقى مەلۇم تەشۋىقاتلاردا دېيىلگىنىدەك مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئورنىغا قاتمال شەكىللەرنى دەسسىتىش بولماستىن، بەلكى ئىمكانقەدەر پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىدىيىۋى بىرلىكى ئاساسىدا بارلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ۋە تىلىنى راۋاجلاندۇرىدىغان ئىنتېرناتسىئونالىزمدۇر. بىز مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق پەرقلەرنى تامامەن يوقىتىۋېتىش ۋە مىللىي مەدەنىيەتنى ئىستىلا قىلىۋېتىش خاھىشىغا تاقابىل تۇرىمىز. بۇ مىللىي مەدەنىيەتلەر ئاللىقاچان ئۆز ئورنىنى ئىگىلەپ بولغان، شۇڭلاشقا ئۇنى يوقىتىۋېتىش خاھىشى كىشىلەردە دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئىستىقبالىغا نىسبەتەن ئەندىشە پەيدا قىلىپ قويىدۇ. مېنىڭچە، ئالىيجاناپ گۇمانىزم «ئىنسانپەرۋەرلىك» ۋە ئەخلاقنىڭ ئەھمىيىتى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر

مەدەنىيەتنىڭ بىرلىشىش جەريانىدا، ھەر بىرىنىڭ ئۆز ئىچىدىكى ئاللىقانداق يوقالمايدىغانلىقىدا، ئۇلارنىڭ ئەزەلدىن بار ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ يوقىتىلمايدىغانلىقىدا، ھەر قايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزلۈكسىز بېيىتىلىدىغانلىقىدا، مۇكەممەللىشىدىغانلىقى ۋە راۋاجلىنىدىغانلىقىدا، يۇقىرىقى شەرتلەرنى قازىنىدىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق شەرتلەر ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا مەۋجۇت شەرتلەرلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى مىللەتلەرنىڭ ئېسىل ئەنئەنە، مەنىۋى مىراسلىرىدىن، ئۇزۇن مۇددەت داۋامىدا جۇغلانغان تارىخىي تەجرىبىلىرىدىن بىۋاسىتە ۋارىسلىق قىلىنغان شەرتلەردۇر. ئەلۋەتتە، بۇ ئۇكايلا ئورۇنلىنىدىغان ئاددىي جەريان ئەمەس. بىز بۇ جەرياننى ئورۇنلاش ئۈچۈن غايەت زور، بەزىدە خېلىلا جاپالىق ئەجىر سىڭدۈردۇق ھەمدە بۇرۇن زادىل كۆرۈلمىگەن بەدىلىي تەۋەككۈلنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا ھارماي - تالماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ۋە ئىزدىنىپ ئورتاق تەجرىبىنى قولغا كەلتۈردۇق. بىز تۇرمۇشنى دىئالېكتىكىلىق تونۇش، نۇرغۇن قالدۇق ئىدىيىلەرنى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىش داۋامىدىكى «بالىلىق كېسىلى»نى يېڭىش جەريانىنى باشتىن كەچۈردۇق، سوۋېت ئىتتىپاقىدەك غايەت زور، كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا، مىللىي مۇناسىۋەت جەھەتتە دائىم دېگۈدەك يېڭى جەريان ۋە يېڭى مەسىلىلەرنىڭ كۆرۈلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان بەزى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەردە باشقا مىللەت گىراژدانلىرىنىڭ سانى ناھايىتى تېز كۆپەيدى، ئۇلارنىڭ ئۆز تىلى، مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇشى جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدە تەلىپى بار، مانا بۇ بىزنىڭ يۇقىرىقى سۆزىمىزنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مىللەتلەر تۇرمۇشىنىڭ دائىرىسى بارغانسېرى كېڭەيمەكتە، تۇرمۇش ھەر سائەت، ھەر مىنۇتتا ئۆزگەرمەكتە. بىز ئۆزۈندىن بۇيان قويۇق مىللىي يۇراقتا ئىگە دەپ قاراپ كەلگەن

ئالاھىدىلىكلەر تۇرمۇشتىن ۋە كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىن بارغانسېرى يوقاپ، مەدەنىيەت جەھەتتە بىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزدىكى توسالغۇغا ئايلىنىپ قالدى. ئارىمىزدىكى ئوخشاشمايدىغان مىللىي ئالاھىدىلىكلەرنى پەرقلەندۈرۈشنى تىلغا ئالغىنىمىزدا، بىز ھامان دېگۈدەك تۇرمۇشىمىزدىكى مۇشۇنداق كۆپلىگەن نەرسىلەرنىڭ بىزدەك تەقدىرى، ئىدىيە سېستىمىسى بىر بولغان، بىر دەۋردە ياشاشۋاتقان ئادەملەرنى يېقىنلاشتۇرىدىغانلىقىنى تولۇق مۆلچەرگە ئالالماي قالىمىز. قائىدىلارنى، كونكرېت مۇھىتنى، كەسىپنىڭ تۈرلىرىنى، ئەڭ مۇھىمى، يېڭى ئادەملەرنىڭ پىسخىك ھالىتىنى مۆلچەرلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلىش كېرەك. سوۋېت كىشىلىرىنىڭ دۇنيا قاراش، پىسخىك ھالەت ۋە ھەرىكەت جەھەتتىكى ئۆزگىرىشنى ئەڭ چوڭقۇر ئۆزگىرىش. گەرچە بىز باشقا - باشقا مىللەتلەرگە ۋەكىللىك قىلساقمۇ، ئەمما تۇرمۇشقا بولغان قاراشتا، تۇرمۇشنى سېلىشتۇرۇشتا، باھالاشتا ۋە تۇرمۇشقا قويغان ئۆلچەمدە ئورتاقلىقىمىز بار. مېنىڭچە، ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا، يېڭى، زامانىۋى مىلودىيە «ئاساسلىق كۈي» ۋە يېڭى ئىدىيىۋى ئېقىمنى ئالقىشلاش كېرەك. بۇلار ئەسلىدىكى مىللىي شەكىللەرنى بېيىتىدۇ، ئۇنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ شەرتى بار. بۇ شەرت ئۇ خىل زامانىۋى مىلودىيە ۋە يېڭى ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ ئۆز مىللىتىمىزنىڭ تىلىدىن ئۆزىگە مۇۋاپىق ئىپادىلەش شەكلىنى تاپالاش - تاپالماسلىقىدۇر. ھازىر بىز يېڭى يۈكسەكلىككە ئۆرلەۋەتىمىز، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە ئادەمنىڭ يېڭى ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتىمىز، بۈگۈنكى تۇرمۇشنى بۈگۈنكى ئۇسۇللار بىلەن كۆزىتىشنى ئۆگىنىۋاتىمىز. شۇڭلاشقا، مىللىي شەكىلدە ھازىرقى دەۋر تۈسى جەۋلان قىلىشقا باشلىدى. ئەگەر قاتتىق بېكىنمىچىلىق قىلساق قانداق نەتىجە بولۇشى مۇمكىن؟ ئۇ ھالدا بىزنىڭ

ئېرىشكىنىمىز ماھىيەت جەھەتتىكى جا مەدەنىيەت بولۇشى مۇمكىن چۈنكى ئۇنىڭدا ئەكس ئەتكىنى، ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ شۇ بىر مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنىڭ بىر تەرىپىلا بولىدۇ. باشقا مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن ئالماشتۇرۇش بولمىسا، بولۇپمۇ بىر قەدەر تەرەققىي تاپقان مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن ئالماشتۇرۇش بولمىسا، بۇ ئەمەلىيەتتە شۇ بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىش مەنبەسىنى توسۇپ، ، بوغۇپ قويغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. ئەگەر «مىللەت ئالاھىدىلىكى»نى ساقلاپ قېلىش ئەڭ ئاخىرقى مەقسەت قىلىنغان بولسا، ئۇ ھالدا مۇبداۋ «ئالاھىدىلىك » ئالغا باسماي بىر ئىزدا توختاپ قېلىش، ئالەمدىن بىخەۋەر ئۆتۈش، نەزەر دائىرىسى تار بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ھەمدە شۇ مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ سىرتقا تارقىلىشىغىمۇ توسقۇن بولىدۇ. مىللىي غۇرۇر ۋە تەكەببۇرلۇق، ناھايىتى روشەنكى، تامامەن مەنداش نەرسە ئەمەس، ئالدىنقىسى ئۆز مىللىتىنىڭ گۇمانلىنىشقا بولمايدىغان ئارتۇقچىلىقلىرىدىن پەخىرلىنىش، ئەمما ئۇنى تېپىلماس نەرسىدەك ھەممە يەردە كۆس - كۆس قىلىپ يۈرمەسلىكنى كۆرسەتسە، كېيىنكىسى ئۆزىنىڭ ساختا ئارتۇقچىلىقلىرىدىن مەغرۇرلىنىشنى، ھەتتا ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى كۆرمەسكە سېلىش، ھەتتا ئۇلارنى شۇ مىللەتنىڭ «ئارتۇقچىلىقى» قىلىۋېلىشنى كۆرسىتىدۇ. باشقا مىللەتلەر بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بارغاندا غۇرۇر بىلەن تەكەببۇرلۇقنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئايرىۋېلىشقا زور ياردىمى بولىدۇ. تەبىئىيكى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇلسا مىللىي ئالاھىدىلىكلەردە ئۆزگىرىش بولىدۇ ھەمدە مىللىي شەكىل پەيدا بولىدۇ. ئۇلار بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، بىر - بىرىنى قوبۇل قىلىدۇ، بىر - بىرىنى بېيىتىدۇ ھەمدە ۋاقىتى ئۆتكەن كونا رامكىلاردىن قۇتۇلىدۇ. ئەمما، ھەر قېتىم دېگۈدەك گەپ مىللىيلىك ئۈستىگە كەلگەندە، نېمە ئۈچۈنكى، بەدىئىي تەپەككۇر قايسى دەۋردە بولسا، ئۇنىڭ شۇ دەۋرگە خاس

ئىجتىمائىي مەنىۋى ھالەتنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، بىزنىڭ كۆزىمىز كۆپرەك ئۆتكەنكىنى كۆرىدۇ. ياق، مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ئەسىرلەردىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن مىللىي ئالاھىدىلىكلەرنىڭ يىغىندىسى ئەمەس. مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى دېگەن بۇ ئۇقۇم ئىچىدە ئەزەلدىنلا بار بولغان، ۋاقىتنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتكەن نەرسىلەر، بۇرۇنقى دەۋرلەردە شەكىللەنگەن تەجرىبىلەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھازىرقى دەۋر رېئاللىقىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن يېڭى نەرسىلەرمۇ بار. سوۋېتنىڭ كۆپ مىللەتلىك مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل نەتىجىلىرىدە جەمئىيەتنىڭ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ئۇلۇغ غايىلىرى بار، ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ مىللىيلىكى ئىنتېرناتسىئونالىزىمدىن زادىلا ئايرىلمايدىغان مۇناسىۋەت ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن، ئىنتېرناتسىئونالىزم بۇ يەردە ئالاھىدە مىللىي شەكىل بولۇپ ئىپادىلەنگەن. ئۇلارنىڭ مۇلايىملىق بىلەن بىرىكىشى يېشىپ يېتىلگەن سەۋىيىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. ھالبۇكى، ئىنسانىيەتنىڭ ئېڭى، باشقىلارنىڭ چۈشىنىشىگە ئېرىشىش تەشنالىقى ۋە باشقىلارنى چۈشىنىش ئۈمىدى بولسا مانا مۇشۇ يەردىن باشلانغان، ئۇلارنىڭ مەنبەسى مانا مۇشۇ يەردە. مەن بۈگۈنكى دۇنيادا نۇرغۇن بەس - مۇنازىرىلەرگە سەۋەب بولغان مىللىي مەدەنىيەت مەسىلىسىنى تەپسىلىي شەرھلەپ ئۆتتۈم. ھەر بىر مىللەتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ئۆز مەدەنىيىتىگە «ئوخشاشمايدىغان قىياپەت» بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىش ئىمكانىيىتىنى ئاتا - قىلغان. ئانا يۇرت بىلەن، ئۆز مىللىتىمىز بىلەن ، مىللىتىمىزنىڭ تۇرمۇشىدىكى جىددىي مەسىلىلەر بىلەن بولغان ئالاقە - مۇناسىۋەت گويا ھاياتىي كۈچكە تولغان ھەمدە مول ئۈنۈملۈك سۇتكە ئوخشاش، مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيىتىگە جان، قۇدرەت بېغىشلاپ، ئۇنى راۋاجلاندۇرىدۇ، پۈتكۈل ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ كەڭ زېمىنىغا باشلايدۇ. چۈنكى، ھەر بىر مىللەتنىڭ تۇرمۇشىدا،

ئۇلارنىڭ دۇنيانى بىلىشى جەريانىدا نۇرغۇن ئورتاق نەرسىلىرى بولىدۇ، شۇڭا مىللىي نەرسىلەرنى ئىنتېرناتسىئونالىزملىق نەرسىلەر بىلەن قارىمۇ - قارشى قىلىپ قويماسلىق كېرەك. مەسىلەن، بىر قىسىم ئاسىيا، ئافرىقا زىيالىيلىرىنىڭ ياۋروپانىڭ مەركەزچىلىكىگە، مەدەنىي تەپەككۇر شەكلىگە قارىتا ئۆز قارىشى بار. بۇنىڭ سەۋەبىنى، ئەلۋەتتە، چۈشىنىشكە بولىدۇ. چۈنكى بۇ نەرسىلەر ئۇلارنىڭ ئېسىگە مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنى، مىللىي غۇرۇرىغا قىلىنغان ھاقارەتلەرنى سالىدۇ. ئەمما، ئىلغار ئاسىيا، ئافرىقا زىيالىيلىرى ياۋروپانىڭ تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىشنى ئاللىبۇرۇنلا باشلىۋەتكەن ھەمدە بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى بېيىتقان. ئۇلار ياۋروپانىڭ تەجرىبىلىرىنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بايلىقى، يەر شارىدا ياشاۋاتقان بارلىق ئادەمگە مەنسۇپ دەپ تونۇغان. «دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ *1988* - يىل *3* - سانىدىن» ئېلىندى. (ئاپتورنىڭ خەنزۇچە «ئەدەبىيات ۋە سەنئەت توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم» ناملىق توپلىمىدىن)

## ئارستوتېلنىڭ «ئاسمان ھەققىدە» دىكى كىتابىغا دائىر بىرونىنىڭ ئون سوئالى ۋە ئۇنىڭغا ئىبن سىنانىڭ جاۋابى

نەشرگە تەييارلىغۇچى : پەلسەپە دوكتورى ئابدۇرېھىم تۇرسۇن ( تاشقىن )

ئىبن سىنا ئېيتتى : بۇ ، ئەبۇ رەيھان مۇھەممەت ئىبن ئەخمەت بىرونىنىڭ خارەزمدىن ماڭا ئەۋەتكەن مەسىلىلىرىنىڭ جاۋابى ھەققىدە يېزىلغان رىسالەمدۇر . خۇدا سېنى مەقسىتىڭگە يېتىش بىلەن خۇشال قىلسۇن ، ھەممە ئارزۇ -

ئارمانلىرىڭنى راۋا قىلسۇن ، ئىككى دۇنيا سائادەتنى ساڭا نېسىپ قىلسۇن ، كېچە ۋە كۈندۈزدە ھەممە يامان كۆرگەن نەرسەڭنى سەندىن قايتۇرسۇن ، ھەمىشە سېنى سالامەت قىلسۇن . بىر نەچچە مەسىلىلەرنى سورايسەن ، بۇ مەسىلىلەرنىڭ بەزىسى ئارستوتېلغا قارشى ئېيتىلغاندۇر . ئۇ كىشى « ئاسمان ۋە ئالەم » دېگەن ئەسىرىدە شۇ مەسىلىلەر ھەققىدە سۆزلىگەن ئىدى . بۇلاردىن بەزىسى ئۆزۈڭگە قىيىن بىلىنگەن مەسىلىلەردۇر . ئەمدى سوئاللىرىڭغا جاۋاب بېرىمەن ، مەسىلىلەرنى قىسقا بايان قىلىشقا تىرىشىمەن . چۈنكى ، توغرا كېلىپ قالغان بەزى مەشغۇلاتلار ھەر بىر مەسىلىنىڭ جاۋابىدا سۆزنى كېڭەيتىشكە ئىمكانىيەت بەرمىدى . ئەگەر مەن پاكىخ مەسۇمى ساڭا يېزىلىدىغان نەرسە ھەققىدە سېنىڭ ھوزۇرۇڭدا سۆزلەيدىغانلىقىمنى كۆزدە تۇتقىنىمدا ، رىسالىنى ئەۋەتىش شۇ ۋاقىتقا قەدەر كېچىكمىگەن بولاتتى . مەرھەمەت قىلىپ ھەر بىر سورىغانلىرىڭنى شۇ رىسالىدە يازىمەن ، كېيىن ھەر بىرىگە قىسقىچە جاۋاب بېرىمەن .

بىرونىنىڭ بىرىنچى سوئالى

« نېمە ئۈچۈن ئارستوتېل پەلەكنىڭ ( ئاسماننىڭ ) مەركىزىدىن ياكى مەركەزگە ھەرىكىتى يوقلۇقىنى سەۋەب قىلىپ ، ئۇنىڭ يېنىكلىكى ۋە ئېغىرلىقى يوق ئىكەنلىكىنى بىلدى ؟ » دەپ سورايسەن . بىز ئەلۋەتتە ئىجابىي بولمىسا ھەم تەخمىن قىلىمىزكى ، پەلەك جىسىملارنىڭ ئەڭ ئېغىرلىرىنىڭ بىرىدۇر . بۇنداق ئويلاش پەلەكنىڭ مەركەز تەرەپكە ھەرىكەت قىلىشىنى ئىسپاتلىمايدۇ . پەلەك ( ئاسمان ) پارچىلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشاشتۇر . ئەگەر پەلەك پارچىلىرىنىڭ ھەر بىرى مەركەز تەرەپكە تەبىئىي ھەرىكەت قىلسا ، كېيىن بۇ پارچىلار بىر ـ بىرى بىلەن تۇتاشسا ، بۇ ھال ئاسمان ( پەلەك )نىڭ مەركەز ئەتراپىدا تۇرۇشىدىن

باشقا بىر نەرسىنى لازىم كۆرمەيدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاسمان ( يەلەك )نى جىسىملارنىڭ ئەڭ يەڭگىلى دەپ ئويلايمىز . بۇ ئويلاش ئاسماننىڭ ھەرىكىتىنى قوبۇل قىلمايدۇ . لېكىن ، ئاسماننىڭ مەركەز بىلەن بىرلىشىشىدىن ياكى ئاجرىلىشىدىن ئۇنىڭ تاشقىرىسىدا ھاسىل بولغان بوشلۇق ئۇنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ . ئەگەر ئارستوتېلنىڭ پىكرىچە ، ئاسماننىڭ تاشقىرىسىدا بوشلۇقنىڭ يوقلۇقى ئېنىق ۋە توغرا بولغان بولسا ۋە بىز ئاسماننى ئوت كەبى گۆزەل بىباھا نەرسە دەپ پەرەز قىلساق ، ، ئۇ گويا چېگرىلانغان بىر گۈرۈپپا نەرسىدۇر . ئەمما ئاسماننىڭ ئايلانما ھەرىكىتى تەبىئىي ھەرىكەت بولماسلىقى مۇمكىن . ئاسماننىڭ بۇ ئايلانما ھەرىكىتى سەييارىلەرنىڭ شەرق تەرەپكە بولغان تەبىئىي ھەرىكەتلىرىگە ۋە غەرب تەرەپكە بولىدىغان كېچە - كۈندۈزلۈك ئارازى ھەرىكەتلىرىگە ئوخشايدۇ . ئەگەر « ئاسماننىڭ ئايلانما ھەرىكىتى ئارازى ئەمەس ، چۈنكى ئايلانما ھەرىكەتلەردە بىر - بىرىگە زىتلىقلار ۋە ئۇ ھەرىكەتلەرنىڭ بۆلۈنۈشلىرىدە كېلىشمەسلىك يوق » دېيىلسە ، شۇ سۆزگە لازىم كېلىدىغان نەرسىلەر ئارىسىدا بۇيۇمچىلىق سەپسەتە زاھىر ( پەيدا ) بولىدۇ . چۈنكى بىر نەرسىنىڭ ئۆزىدە بىرى شەرق تەرەپكە ، بىرى غەرب تەرەپكە بولغان ئىككى تەبىئىي ھەرىكەتنى ئويلاش مۇمكىن ئەمەس . بۇ بولسا مەنىدە ماس بولۇپ ، لەۋزىدە ( سۆزىدە ) ئايرىملىق بولىدۇ . چۈنكى غەربكە بولغان ھەرىكەت شەرققە بولغان ھەرىكەتنىڭ قارشىسى دەپ ئېيتىلمايدۇ . بۇ قايىل ۋە ئېتىراپ قىلىنغان بولۇپ ، لەۋزىلەردە ( سۆزدە ) تالاشقاندا مەنىلەرگە قارايمىز .

## ئىبن سىنانىڭ جاۋابى

ئاسماننىڭ يەڭگىل ھەم ئېغىر ئەمەسلىكىنى ئۆز سۆزلىرىدە ئىسپات قىلىپ مەن

ئۆچۈن كۆپ مۇشەققەت چېكىپسەن ؛ ئۆز سۆزلىرىڭدە ئاسمانىنىڭ يا يۇقىرىسىغا ، يا قايسى تەرەپكە ھەرىكەت قىلىشى ئۈچۈن ئورۇن يوقلۇقىنى ئىقرار قىلىپسەن . بۇنىڭغا ئاسمان جىسىملىرىنىڭ بىر - بىرى بىلەن ئالماشقانلىقىنى دەلىل قىلىپسەن . مەن ھەم پەلەك ( ئاسمان )نىڭ پەس تەرەپكە ھەرىكەت قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ، پەستە پەلەكنىڭ كۆچۈپ بېرىشى ئۈچۈن تەبىئىي ئورۇن يوق دەيمەن . ئەگەر بىر ئېغىزدىن ئاسمان ( پەلەك )دا شۇنداق ھەرىكەتنىڭ بارلىقى قىيامەتكە قەدەر پەرەز قىلىنسا ، ھەم مەن يوق دەيمەن . چۈنكى « ئاسمان ( پەلەك ) تۆۋەن تەرەپكە ھەرىكەت قىلىدۇ » دېيىش ئالەمدىكى ھەممە ئېلېمېنتلار ئۆز تەبىئىي ئورۇنلىرىدىن كۆچۈپ يۈرىدۇ دېگەننى ئىسپات قىلىدۇ . بۇنداق كۆچۈپ يۈرۈشنى تەبىئەت ئالىمىدە ھەم مۇمكىن دېيىش خاتالىقتۇر . بۇ بولسا ئاسمانىنىڭ كۆچۈشى ئۈچۈن بوشلۇق بار ئىكەنلىكىنى ئىسپات قىلىدۇ . ھالبۇكى ، تەبىئەت ئالىمىدە بوغلۇق يوقتۇر . شۇنداق بولغاچ ، ئاسمانىنىڭ كۆچۈپ بېرىشى ئۈچۈن تەبىئىي بىر ئورۇن يوقتۇر ۋە يەنە يۇقىرىدا ھەقىقىي ۋە خىيالىي بولسۇن ھەرىكەتكە ئورۇن يوقتۇر . چۈنكى بۇ ھەرىكەت ھەم بىر ئېيتقاندەك ئىلاجىسىز يامانلىقلارغا ، يەنى ھەممە ئېلېمېنتلارنىڭ ئۆز تەبىئىي ئورۇنلىرىدىن كۆچمەكلىرىگە ياكى بوشلۇقنىڭ بارلىقىغا ئېلىپ بارىدۇ . ھالبۇكى ، يا پېيىل بىلەن ، يا ۋەھىم ۋە ئىمكان بىلەن ئىسپات قىلىنىشى مۇمكىن بولمىغان نەرسىدىن كۆرە بۇزۇقراق بىر نەرسە يوقتۇر . شۇنداق بولغاچ ، يا پەسكە ، يا يۇقىرىغا بېرىش ئۈچۈن جاينىڭ يوقلۇقى مېنى قايىل قىلىدۇ .

ھەر بىر تەبىئىي جىسىمنىڭ تەبىئىي ئورنى باردۇر . شۇ مۇقەددىمە ( سۆز بېشى )گە « پەلەك جىسىمدۇر » دەپ كىچىك مۇقەددىمىنى قوشساق ( مەن تېخى ئىستىلاھلار بىلەن ) ، بىرىنچى شەكىلنىڭ بىرىنچى خىلىدا « پەلەكنىڭ

تەبىئىي ئورنى بار » دېگەن نەتىجە چىقىدۇ . بۇ نەتىجىنى بەزى قىياسغا كۆچۈرۈپ « يەلەكنىڭ تەبىئىي ئورنى يا يۇقىرىدا ، يا تۆۋەندە ۋە ياكى ئۆزىنىڭ تۇرغان ئورنىدا » دەپ ئۇنىڭ يۇقىرى ۋە پەستە بولماسلىقىنى ئارىدىن چىقارساق ، « يەلەكنىڭ تەبىئىي ئورنى تۇرغان يېرىدۇر » دېگەن نەتىجە چىقىدۇ . ئۆزىنىڭ تەبىئىي ئورنىدا بولغان ھەر بىر نەرسە ھەقىقەتتە يەڭگىل ھەم ئېغىر ئەمەس . يەلەك ( ئاسمان ) ئۆزىنىڭ تەبىئىي ئورنىدىدۇر . نەتىجە : يەلەك ئەسلىدە يەڭگىلمۇ ئەمەس ، ئېغىرمۇ ئەمەس .

ئۆز تەبىئىي ئورنىدا بولغان ھەر بىر نەرسىنى يەڭگىل ھەم ئېغىر ئەمەس دېيىشكە دەلىل شۇكى ، يەڭگىل نەرسە يۇقىرىغا ھەرىكەت قىلىدۇ ، ئۇنىڭ تەبىئىي ئورنى يۇقىرىدىراق بولىدۇ . تەبىئىي ئورنىدا بولغان نەرسىنىڭ يەڭگىل بولۇشى مۇمكىن ئەمەس . چۈنكى مۇمكىن دېيىلگەندە ، يۇقىرىدىكى « يەڭگىل نەرسە يۇقىرىغا ھەرىكەت قىلىدۇ » دېگەن مۇقەددىمە بىلەن « بىر نەرسە تەبىئىي ئورنىدا بولىدۇ ھەم تەبىئىي ئورنىدا بولمايدۇ » دېيىش قارىمۇ قارشىلىقتۇر . ئېغىر نەرسىدىمۇ ھۆكۈم شۇنداق بولىدۇ . چۈنكى ئېغىر نەرسە تەبىئەت بويىچە قويۇغا ھەرىكەت قىلىدۇ . ئۇنىڭ تەبىئىي ئورنى تۆۋەنلىكتۇر . تەبىئىي ئورۇنىنىڭ تۆۋەنلىك ئىكەنلىكىگە سەۋەب شۇكى ، تەبىئىتى بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغان ھەر بىر نەرسىنىڭ ھەرىكىتى تەبىئىي ئورنى تەرەپكە بولىدۇ . ئىلگىرىكىگە ئوخشاش بايان قىلىمىزكى ، تەبىئىي ئورنىدا بولغان نەرسە ھەقىقەتەن ئېغىر ئەمەستۇر . ئەمدى ئىككى مۇقەددىمىنىڭ نەتىجىسىنى قوشساق ، « تەبىئىي ئورنىدا بولغان نەرسە ئەسلىدە ھەم ئېغىر ئەمەس ، ھەم يەڭگىل ئەمەس » دېگەن مەسىلە ئىسپاتلىنىدۇ .

« يەلەك ئۆزىنىڭ تەبىئىي ئورنىدىدۇر » دېگەن ئىككىنچى كىچىك مۇقەددىمىنىڭ

توغرىلىقى ئىسپاتلاندى . سۆزنىڭ تۈزۈلۈشى شۇ نەتىجىگە كەلتۈردىكى ، بۇ توغرىراقتۇر . يەنى ئاسمان ئەسلىدە ھەم يەڭگىل ، ھەم ئېغىر ئەمەستۇر ھەمدە بىلقۇۋۋەت ۋە بىلىمكان ئاسمان ئېغىر ۋە يەڭگىل ئەمەستۇر . شۇنىڭ ئۈچۈنكى ، بار قۇۋۋەتكە ئاساسەن يەڭگىللىك ۋە ئېغىرلىق ياكى پۈتۈن بولىدۇ . مەسىلەن ، ئېلېمېنتلارنىڭ تەبىئىي ئورۇنلىرىدا بولغان پارچىلىرى ئەمەلىيەتتە يا يەڭگىل ، يا ئېغىر بولمىسىلا ، ئۇلاردا يەڭگىللىك ، ئېغىرلىق ، بىلىمكان باردۇر . چۈنكى ئۇلارنىڭ مەجبۇرىي ھەرىكەت بىلەن تەبىئىي ئورۇنلىرىدىن كۆچۈشلىرى ۋە تەبىئىي ھەرىكەت بىلەن يا يۇقىرىلاپ ، يا پەسلەپ ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىشلىرى مۇمكىن . ياكى كۆچىسىز يەڭگىللىك ئېغىرلىق بۆلەكلەردە بولۇپ ، پۈتۈندە بولمايدۇ . مەسىلەن ، ئېلېمېنتلار تۈپلىمى ، بۇلار ھەم يەڭگىل ئەمەس ، ھەم ئېغىر ئەمەس . چۈنكى ئۇلارنىڭ پېرىمى يۇقىرىلاپ ھەرىكەت قىلسا ، پېرىمى پەس تەرەپكە ھەرىكەت قىلىشى زۆرۈر بولىدۇ . بۇ ھال شەكىللەرنىڭ يۇملاقلىقىغا ۋە باشقا كۆپ سەۋەبلەرگە ئاساسلانغاندۇر . يەڭگىللىك ۋە ئېغىرلىق ئېلېمېنتلارنىڭ قىسىملىرىدىدۇر . ئەگەر ئاسمان كۆچىسىز ئېغىر ۋە يەڭگىل بولىدىغان بولسا ، بۇ سۈپەت پۈتۈن ئاسماندا بولىدۇ .

ھالبۇكى ، بىز پۈتۈن ئاسماننىڭ يۇقىرىغا ۋە پەسكە ھەرىكەتتە بولماسلىقىنى ئىسپات قىلدۇق . بۇ مەسىلىدە ئۆزۈڭنىڭ بەزى پىكىرلىرىڭگە تاياندۇق . مەسىلە بىرگە پايدىلىق تەرەپكە ھەل بولۇپ ، پەلەك ( ئاسمان ) ھەم پۈتۈنلەي يەڭگىل ھەم پۈتۈنلەي ئېغىر ئەمەس ، دېگەن پىكىر ئىسپاتلاندى .

ئاسمان پارچىلىرى مەلۇم مىقداردا كۆچىسىز . ھەم ئېغىر ئەمەس ، ھەم يەڭگىل ئەمەس . چۈنكى يەڭگىل ۋە ئېغىر قىسىملار پېنىكلىكلىرى ، ئېغىرلىقلىرى ئارىسىدا

تەبىئىي ئورۇنلىرى تەرەپكە تەبىئىي ھەرىكەت قىلىدۇ . تەبىئىي ئورۇنلىرىغا تەبىئىي ھەرىكەت قىلغۇچى قىسىملار ياكى مەجبۇرىيەت بىلەن تەبىئىي ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىپ ، تەبىئىي ھەرىكەت بىلەن يەنە ئۆز تەبىئىي ئورۇنلىرىغا قايتىدۇ ، ياكى يېڭىدىن پەيدا بولۇپ ، تەبىئىي ئورۇنلىرى تەرەپكە ھەرىكەت قىلىدۇ . مەسىلەن ، ياغدىن پەيدا بولغان ئوت يۇقىرىغا قاراپ ھەرىكەت قىلىدۇ . ئاسمان پارچىسىنىڭ مەجبۇرىي سۈرئەتتە تەبىئىي ئورنىدىن قوزغىلىشى مۇمكىن ئەمەس . چۈنكى بۇ قىسىمنىڭ ھەرىكىتى ئۈچۈن بۇ قىسىم زاتىدىن بولمىغان تاشقى بىر ھەرىكەتكە كەلگۈچى كۈچ لازىمدۇر . بۇ بولسا يا جىسىم بولىدۇ ، يا جىسىم ئەمەستۇر . چۈنكى ، ھۆكۈمالەرنىڭ « پائال ئەقىل بىرىنچى سەۋەب » دەپ ئاتىغان نەرسىلەر مەجبۇرىي ھەرىكەت قىلالمايدۇ . تەبىئەتتە مەجبۇرىي ھەرىكەتنىڭ يوقلۇقى مەلۇمدۇر . ئەمما ئەقىلدە ــ بىرىنچى سەۋەبتە مەجبۇرىي ھەرىكەت ئىلمى ئىلاھقا تاپشۇرۇلغاندۇر . ئەمما جىسىمغا تېگىشلىك ئىللەت بولسا ۋە ئۇنى ھەرىكەتكە سېلىش مۇمكىن بولسا ، ئۇستى قۇسسا ( تۇپراق ، ھاۋا ، سۇ ، ئوت ) ، بىرى ياكى ئۇلارنىڭ قوشۇلمىلىرى بولۇشى كېرەك بولىدۇ . چۈنكى بۇ بەشىدىن ، يەنى ئالاھىدە ئالغاندا ــ تۆتنى قوشۇپ ئالغاندا ، تۆت جىسىمدىن مۇرەككەپ بولغان بەشىنچى جىسىمدىن باشقا جىسىم يوقتۇر . ھەر بىر ھەرىكەت قىلدۇرغۇچى ياكى تەسىر ئەتكۈچى جىسىم ئەلۋەتتە ھەرىكەت قىلغۇچى ۋە تەسىرلەنگۈچىگە بىۋاستە تېگىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىدۇ . بۇنىڭ بايانى « پەيدا بولۇش ۋە يوقىلىش توغرىسىدا »نىڭ بىرىنچى ماقالىسىدا باردۇر . بىرەر جىسىم ئاسماندىكى بىرەر جىسىمنى ھەرىكەت قىلدۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس . پەقەت شۇ جىسىم يا مەجبۇرىي ھەرىكىتى ، يا تەبىئىي ھەرىكىتى بىلەن ئاسمان پارچىلىرىغا تۇتاشقاندىلا ، ئاندىن ئاسمان پارچىلىرىنى ھەرىكەتكە سېلىشى مۇمكىن . مەجبۇرىي ھەرىكەت

يەلەك قىسمىغا يېپىشقان تاشقى بىر ھەرىكەتلەندۈرگۈچىنىڭ ئىشى بولۇپ ، ئاسمانىنىڭ مەلۇم تەرەپكە تەبىئىي ھەرىكەت قىلغۇچى بۆلىكىگە بېرىپ چەكلىنىدۇ . بۇ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى باشقا ھەرىكەتلەندۈرگۈچىلەرنىڭ بىرىنچى ھەرىكەت قىلدۇرغۇچىسىدۇر . بۇ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى تەبىئىي بولسا ، ئۇ ئاددىي ئوتتۇر ياكى تەركىبىدە ئوت پارچىسى ئۈستۈن بولغان مۇرەككەپ بىر نەرسىدۇر . ئەمما مۇرەككەپ بولمىغان ئوت ئاسمانغا تەسىر قىلالمايدۇ .

چۈنكى ، جىسىملارنىڭ جىسىملارغا بولغان تەسىرى بىر ـ بىرىگە تېگىشى بولۇپ ، مۇرەككەپ بولمىغان ئوت ھەر بىر تەرەپتىن ئاسمان ( يەلەك )غا تېگىپ تۇرغىنىدىن تەسىرلىنىدۇ ، ئاسماننىڭ ھېچقانداق پارچىسى بىر ـ بىرىدىن پەرق قىلمايدۇ . ئاھ تەڭرى ، ئەگەر بۇ قىسىملار ( بۆلەكلەر )نىڭ بەزىسى كۈچسىز بولۇپ ، كۈچسىزلىرى تەسىرلىنىشتە كۈچلۈكرەك بولغاندا ، تەسىرلىنىش پەرقلىق بولىدۇ . جەۋھەرنىڭ كۈچسىزلىكى زاتى جەھەتتىن بولماستىن ، بەلكى بىر تەسىر قىلغۇچىنىڭ سەۋەبىدىندۇر . بۇ چاغدا مەسىلە ئاۋۋالقى ھالىتىگە ـ ئاسماننىڭ بىرەر قىسمىنى بىرەر جىسىم ھەرىكەت قىلدۇرالمايدىغانلىقىغا قايتىدۇ . ئەمما ، ئوت غالىپ ( كۈچلۈك ) بولغان مۇرەككەپ جىسىم بولسا ، ئوت ئورنىغا يېتىشكە قەدەر تۇرمايدۇ . چۈنكى ئۇ مۇرەككەپ بولۇپ ، خالىس ئوتقا ئايلىنىپ كېتىدۇ ، مېتورلاردا كۆرگىنىمىزدەك يېنىپ كۆيۈپ تۈگەيدۇ . ئەگەر ئۇ مۇرەككەپ نەرسە خالىس ئوتقا ئايلىنىشىدا سۇسلۇق قىلسا ، ئاسمانغا تېگەلمەيدۇ . چۈنكى بۇنداق مۇرەككەپ ئەھۋالدا ، جىنىس ۋە باشقا ئېغىر بۆلەكلەر ( قىسىملار ) باردۇر . ئاسمان جىسمى ( ماسسا )غا خالىس ئوتتىن باشقىسىنىڭ تەبىئىي تېگىپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس . ئەمما ئۈچ ئېلېمېنت ( تۇپراق ، سۇ ، ھاۋا ) ئورنىغا يېقىنلىشىش ھەم خالىس ئوتقا ، ھەم خالىس ئوت بولمىغانغا مۇمكىندۇر . تەركىبىدە خالىس ئوت

بولمىغان نەرسىنىڭ ئۈچ ئېلېمېنت ئورنىغا يېقىنلىششى مۇمكىن بولىدۇ . لېكىن
تەبىئىي ئاسمانغا تېگىشى مۇمكىن ئەمەس . ئەمما باشقا ئۈستى قۇس ( تۇپراق ،
سۇ ، ھاۋا ، شامال )لارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاسمانغا تېگىشى مۇمكىن ئەمەس .
چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەبىئىي ئورۇنلىرىدىن كۆچمەيدۇ . ئۇ ئۈچ ئېلېمېنتنىڭ
بىرىكمىلىرى ۋە شۇنىڭدەك پارچىلىرىغا كەلگىنىمىزدە ، بۇلارنىڭ ھەم ئاسمانغا
تەسىر قىلىشى مۇمكىن ئەمەس . چۈنكى ئۇلارنىڭ ئوت ئالدىدا كۆيۈشلىرى ۋە
خالىس ئوتقا ئايلىنىشلىرى سەۋەبلىك ئاسمانغا تېگىشى مۇمكىن ئەمەس . ئوت
ئاسمانغا تەسىر قىلماس . بۇنى يۇقىرىدا ئىسپات قىلدۇق . ئوت ئۆزىدە ھاسىل
بولغان ھەر بىر نەرسىنى ئۆزگەرتىدۇ ، پارچىلايدۇ . چۈنكى ئالاۋ ( ئوت )
ھەقىقەتەن ئىسسىقتۇر . ھەقىقەتەن ئىسسىق ( قىزىق ) بولغانلىقىدىن ، ئۆز
جىنسى بىلەن ئارىلاشقۇچى ھەم جىنسى بولمىغان نەرسىدىن ئاجرالغۇچى ،
جىنسلىرى تۈرلۈك بولغان نەرسىلەر بىلەن جىنسلىرى بىر خىل بولغان نەرسىلەر
ئارىسىنى ئاجراتقۇچى دەپ تەرىپلىنىدۇ . ئوت ئۆزىدىن تەسىرلەنگۈچى بىر جىسىمغا
تەسىر قىلغاندا ، ئەگەر ئۇ جىسىم تۈرلۈك قىسىملاردىن مۇرەككەپ بولسا ، ئۇلارنى
بىر - بىرىدىن ئاجرىتىپ ئۆزىنىڭ ئوتلۇق تەبىئىتىگە كۆچۈرىدۇ . شۇ جىسىمنىڭ
جەۋھىرىگە ئوت ئارىلاشقانلىقتىن ، ئۇ جىسىمغا مۇخالىپ بولمايدۇ . ئەمما
سوغۇق نەرسە ئىسسىق نەرسىدەك ئەمەستۇر . شەك يوقكى ، تەسىر قىلغۇچى
نەرسىلەرنىڭ ئارىلىرىدا ئىش كۆرسىتىش ۋە تەسىر قىلىش جەھەتتىن ئىسسىق
ھەممە نەرسىدىن قاتتىقراق ۋە كۈچلۈكرەكتۇر . ئۆز تەبىئىي ئورنىدا بولغان
نەرسىنىڭ جىنسى كۈچلۈك بولۇپ ، كۈللى جۈزئىيدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ . ئەمدى
ئۆزۈڭ قانداق گۇمان قىلىسەنكى ، كۈللى ئورنىدا بولغان ئىسسىق نەرسە ئالدىغا
كەلگەن بىر جۈزئىينى تەسىرلەندۈرمەي ، ئۆزىگە تارتىپ ئۆزگەرتمەي ياكى شۇ

جۇزئىي مۇرەككەپ بولسا ، پارچىلىرىنى بىر ـ بىرىدىن ئاجراتماي قويۇۋەرسۇن . شۇ مۇقەددىمىلەردىن ئۇستى قۇسلار ئېلېمېنتلارنىڭ ئاددىيسىنىڭمۇ ۋە مۇرەككەپلىكىنىڭمۇ ئاسمانغا چىقالماسلىقى ئېنىق بولدى . ئاسمانغا چىقالمىغاچ ، ئۇنىڭغا تېگەلمەيدۇ . تەگمىگەچ ، ئۇنىڭغا تەسىر قىلالمايدۇ .

دېمەك ، باسىت ( ئاددىي ) ۋە مۇرەككەپلىرىنىڭ بىرەرسى ئاسمان بۆلەكلىرى ( جىسىملىرى )گە تەسىر قىلالمايدۇ . ئاسمان جىسىملىرىدا ئۆزلىرىدىن باشقا جىسىملارنىڭ تويلىرىدا ئاددىي ھەم مۇرەككەپ جۇزئىيلەرنىڭ تەسىر قىلىشلىرى مۇمكىن بولمىغاچ ، جىسىملارنىڭ تەسىرلىنىشلىرى ۋە مەجبۇرىي ھەرىكەت قىلىشى مۇمكىن ئەمەس . مۇقەددەم ( شەرت ) ئىجابىي ( بوشلۇق ) بىلەن ئىستىنا ، يەنى ئاسمان جۇزئىيلىرىگە ئۆزلىرىدىن باشقىلارنىڭ تەسىر قىلىشى مۇمكىن ئەمەس دېگەن سۆزىمىز ھەقتۇر . بۇنىڭدىن نەتىجە ، يەنى « ئۇنىڭ تەسىر قوبۇل قىلىشى ۋە مەجبۇرىي ھەرىكەت قىلىشى مۇمكىن بولمايدۇ » دېگەن سۆزىمىز توغرا ۋە ھەقتۇر . ئاسمان پۈتۈن ھالىتىدىمۇ ياكى بۆلەكلەرگە بۆلۈنگەن ھالەتتىمۇ يەڭگىل ھەم ئېغىر ئەمەس . بىزمۇ ھەم شۇنداق ئەمەسلىكىنى ئىسپات قىلغان ئىدۇق . دېمەك ، ئاسمان ھەم مۇتلەق يەڭگىل ھەم ئېغىر ئەمەستۇر . بىزنىڭ بايان قىلماقچى بولغىنىمىز شۇدۇر .

ئاسماننى بىر ۋەجىدىن يەڭگىل دەپ ئاتاش سەن ئۈچۈن دۇرۇستۇر . ئۇنىڭ ۋەجى شۇدۇركى ، ئادەملەر بىر جىسىمنىڭ ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ چىققان جىسىملارنى ئاستىدا قالغان جىسىمدىن يەڭگىلرەك دەپ ئاتايدۇ . ئەنە شۇ سەۋەبتىن ، ئاسماننى ھەممە نەرسىنىڭ يەڭگىلى دېيىشكە مۇمكىن بولىدۇ . ئەمما « ئاسماننىڭ ئايلانما ھەرىكىتى ئۇنىڭ تەبىئىي ھەرىكىتى بولماسلىقى مۇمكىن »

دېگەن سۆزنىڭ ھەمدە « ئايلانما ھەرىكىتى ئارازى ئەمەس ، پاسىل ئاخىرىغا داۋام ئەتكەن » دېگەن سۆزنىڭ دۇرۇس ئەمەس . چۈنكى ، ئاداشتۇرۇپ ( ئازغاشتۇرۇپ ) ، ئاسماننىڭ تەبىئىي ئايلانما ھەرىكىتى بار ، دېگۈچىلەرنىڭ بىرەرىمۇ ئۇنى ئىسپاتلىمىغان . سېنىڭ كەلتۈرگەن ئېتىرازىڭ ئۆزۈڭنىڭ ئېھتىياجىڭدۇر . بەلكى باشقا سەۋەبلەردىن ھەم سۆز ئۇزارتىشىڭ ، نېمە ئۈچۈن بۇ سۆزنى يالغۇز بىر مىسال قىلدىڭ ، دەپ سورىلىشىڭ كېرەكسىزلىكى بولمىسا ئىدى ، ئايلانما ھەرىكەتنى بايان قىلار ئىدىم . ئەمما ، ئاسمان ۋە سەييارىلەرنىڭ ھەرىكىتى زىت ھەرىكەتلەردۇر ، دەپ ئىسپات قىلىشىڭ خاتادۇر .

ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرى ھەر خىل ، خالاس . چۈنكى قارىمۇ قارشى ھەرىكەتلەر دېگەن سۆز يۆنىلىشى ۋە بېرىش جايلىرى قارىمۇ قارشى بولغان ھەرىكەتلەرگە ئېيتىلىدۇ . ئەگەر يۇقىرى بىر - بىرىگە زىت بولمىسا ئىدى ، مەركەزدىن چەتكە يۆنىلەنگەن ھەرىكەتنىڭ قارشىسى دەپ ئېيتماس ئىدۇق . بۇ مەسىلىنىڭ بايان « فىزىكا »نىڭ بەشىنچى ماقالىسىدىدۇر . ئامما ئىككى خىل ئايلانما ھەرىكەتلىرىنىڭ يۆنىلىشى ۋە بىزنىڭ ئەرز قىلىشىمىزغا ۋازىيدۇر ـ تەبىئىي ئەمەستۇر . چۈنكى ئاسماننىڭ ئايلانما ھەرىكىتىگە تەبىئىي چەك يوق . سەۋەبى ، ئۇ ھەرىكەتلەرنىڭ بىر - بىرىگە زىت ئەمەسلىكىدۇر . بەس ، بىر ، بىر - بىرىگە مۇخالىپ ئىككى ئايلانما ھەرىكەت بىر - بىرىگە زىت ئەمەستۇر . بىزنىڭ بايان قىلماقچى بولغىنىمىز شۇدۇر .

رەتلىگۈچى: سەيدئەخمەت ئابدۇقادىر(سەلكىن)

文件名: يېگانە ئادەم

目录: *D:\My Documents*
模板: *C:\Documents and Settings\Administrator\Application Data\Microsoft\Templates\Normal.dot*

标题: يېگانە ئادەم

主题:
作者: 微软用户
关键词:
备注:
创建日期: *2010-11-12 19:15:00*
修订号: *3*
上次保存日期: *2010-11-16 18:24:00*
上次保存者: 微软用户
编辑时间总计: *83* 分钟
上次打印时间: *2010-11-16 18:24:00*
打印最终结果
页数: *209*
字数: *38,487 (*约*)*
字符数: *242,475 (*约*)*